ئەنۋەر مۇھەممەت

# لاي سۇ ئىچكەن جانلار

(پوۋېستلار)



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مۇندەرىجە

لاي سۇ ئىچكەن جانلار..............................1
گۇناھ..............................136
قىيامەتلىك كېسەل..............................178

# لاي سۇ ئىچكەن جانلار

## مۇقەددىمە

ئۇلارنىڭ روھى ئەسلىدە تەبىئەتتەك پاك ئىدى، ئۇلارنىڭ قىمىرلىشى بىلەن مىليونلىغان ھاياتلىق كۈچكە تولاتتى، ئۇلار كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردىن قەبرىستانلىققىچە يالىڭاچ ماڭىدىغان جانلار ئىدى، قۇياش كۆيدۈرەتتى، توپا باسقان مەڭزىلىرىنى شاماللار سۆيۈپ ئۆتەتتى، كۆزلىرىنى يېشىللىق نۇرلاندۇراتتى، ئېتىز-ئېرىقلىرىدا ئېقىۋاتقان سۇلار ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ناخشىسى ئىدى، بىراق...

## 1

قۇياش نۇرى زېمىنگە تىك چۈشكەن، ئاپتاپتىن دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ سالپىيىپ قالغان بىر چاغدا مەھەللىنىڭ قاتار تاملىرىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان چەترەك بىر كونا ئۆيدىن ئەت-ئۇزايى ناھايىتى ئاۋارە بىر ئايال چىقىپ، كىر باغلاپ كەتكەن چېلەكنى قولىغا ئېلىپ كۆلچەك تەرەپكە ئاستا قەدەم تاشلىدى. تامنىڭ يېنىدىكى ئوت-چۆپ بېسىپ كەتكەن كۆكتاتلىقتىن ئاپئاق ھورلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتى. ئايال چىت ئېلىپ يىرتىۋەتكەن پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان، ئەمدى ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيمىگەن پەقەت شۇ پۇتى قالغاندەك شۇ قەدەر يىرىك ۋە قارامتۇل، مايلىشاڭغۇ تېرىلىرى مۇنچاقتەك تەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ

كۇن نۇرىدا پارقىرايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەكتەپ يېشىدىكى كىچىككىنە قىزى قولىدىكى يېرىم چىشلىنىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ قالغان ئالمىنى يېگىنىچە پىلتىڭلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئەكسىچە ئۆڭى ئاق، ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى.

ئايال كۆلچەكنىڭ بويىغا كېلىپ نوگىينى سۇغا سالدى، بەك چوڭقۇر سېلىۋەتكەچكە تىنىپ قالغان لايلار سۇزۇلگەن سۇنى يەنە دۇغلاشتۇرۇۋەتتى، لېيىپ كېتىۋاتقان سۇ پۈتۈن كۆلچەككە تارالدى. خەپ، بېشىڭنى يەيدىغان چوقۇر گەدەن، نەچچە دېدىم چوڭقۇرراق كولاپ قوي دەپ، ئەتىگەندىن تاماققىچە چاپساڭ چېپىپ بولماسمىدىڭ؟! ئۇ ئېرىنى مىڭنى قارغاپ سۇ سۈزۈلگىچە زوڭزىيىپ ئولتۇردى، قىزى ئارقىسىدىن كېلىپ بويىنىغا ئېسىلدى ۋە ئۇنىڭ قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان، دانىخورەك باسقان يۈزىگە يۇمران يۈزىنى سۈركەپ، ئالمىنى كۆزىگە تەڭلىدى:

— ئاپوي، تۇتىڭە ئالما بېرەي.

— ۋوي ئېسىلما دەيمەن، بېشىڭنى يەيدىغان، توختا، ئالماڭنى كىم بەردى؟

— روزاخۇن.

— تاشلا ئالماڭنى، ۋۇ پاسكىنا، مەنلا كۆرسەم شۇ ماڭقا بىلەن ئوينىغان...

قىزى ئالمىنى چىشلەپ يەنە ئويناقلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئايال تىنىۋاتقان سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ بېشى قوچۇلۇپ كەتتى: ئەمدى بىز بىلەن قالمىغان مۇشۇ غورتەك ماڭقىسى قاپتۇ بۇ خەقنىڭ. ئاشۇ ئالتۇنخاننى كۆرسەم ئىنگەكمىبا، قاچانلا كۆرسەم ئىتتەك ھۆرپىيىپ تۇرغان ئېلىشى باردەك. ئامىنىخان قوناقنىڭ تىرگىنىدە موزاينى بىر دەم ئوتلىتىپ قويسا بىچارە قىزىمنى يىغلىتىپ موزاينى قوتىنىغا سولىۋالىدۇ، يالۋۇرۇپ بەرمىگىچە بەرمىگەن. روزى دېگەن ئاۋۇ سەت كۆك پوتلىسى تېخى تۇنۇگۇن بىزنىڭ ئېگىزدا قوي باقتى،

قىردىكى بىر مۇنچە ماشىنى يېگىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا گەپ قىلمىسام ئاخشام يەنە سىلىنىڭ راخمىناخۇن بىزنىڭ مولمىناخۇنغا كەتمەن كۆتۈرۈپ كەپتۇ دەپ داتلاپ كەلدى خۇددى مەن ئۇرۇشقاندەك. بۇ ساراڭمۇ يا شۇك تۇرمىغان، ھە دېسىلا تولۇمدىن توقماق چىققاندەك ئارا، كەتمەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن، بەزىدە تاس قالدۇ مېنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى، قورقىمەن ئۇ ساراڭدىن، ئاپىسى ئاندىن بىر ساراڭ، ساراڭلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ مەنمۇ ساراڭ بولاي دېدىم. ئۇھ، ئاللاھ ئىگەم ئۆزۈڭ بار، چىرايىم نېمىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ يەردە يا ئەينەك چاغلىق نەرسە يوق، سۇمۇ خېلى سۈزۈلۈپ قاپتۇ، ئەمدى ئۇسسام بولغىدەك...

ئۇ سۇنى ئاۋايلاپ ئۇسۇشقا باشلىۋىدى، ياندىكى قوناقلىقتىن تۇيۇقسىز پاراس-پۇرۇس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ چۆچۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، ئەمما ئېگىز ئۆسكەن قوناق شاخلىرىنىڭ كەڭ ۋە قارا قۇلاقلىرى ئۇنىڭ ئاپتاپتىن قىسىلغان كۆزىنىڭ ئاجىز نۇرىنى توسۇپ قويدى. ئۇ كۆلچەكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قوناقلىقنىڭ رەت بېشى كۆرۈنىدىغان تەرەپتىن نەزەر سالدى. يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى: قوناق يەيدىغان ئاچكۆز ئىتلار كېچىسى كېلىدىغانىدى، كۈندۈزىمۇ كېلىدىكەن-دە! خۇدايىم بەرگەن كىچىككىنە قونىقىمىزنىمۇ قويما ئەمدى جوھوتلار، كېلىشە، توكور قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ئىلاھىم...

ئۇ ھويلىسىدىن ئۈچكە چېقىپ يەيدىغان تاشلارنى ئېلىپ، دوڭغاقلاپ يۈگۈرۈپ قوناقلىققا كەلدى ۋە قوناقلارنى شالدىرلىتىپ، ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. كەينىدىنلا ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان چىرايى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ ھەيرانلىقتا قېتىپ قالدى، ۋۇجۇدى شۈررىدە ئېرىپ كەتكەندەك بولۇپ، يالىڭاچ پۇتى نەم، قاتتىق توپىغا پېتىپ كەتتى. ئاۋازى ئەسكى لاتىنى يىرتقاندەك سەت ھەم بوغۇق چىقتى:

— تۇراق! ھۇ ئىپلاس، مەن سېنى كۆرۈپ قالدىم، ھۇ ئاتىسىنى دورىغان زەيپانە، توختا دەيمەن، كۆرۈڭگە خەقنىڭ قىزىنى بوزەك قىلىپ...

چىرايىدىن سەبىيلىكى كەتمىگەن ئىگىز بويى بىرى ئىشتىنىنى قولتۇقلاپ بۆرىنىڭ ئالدىغا چۈشكەن توكۇر توشقاندەك بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ قوناقلىقتىن قېچىپ كەتتى. چۆنەك ئارىلىقىغا يېيىتىپ سېلىنغان يۆگىمەچىنىڭ ئۈستىدە يۈزى قورقۇنچتىن تاتىرىپ كەتكەن بىر قىز كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي لاغىلداپ ئولتۇراتتى.

— قوپۇڭ مىرۋانىخان، سەت تۇرىدۇ، قىز بالا تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىش قىلىسا قاملىشامدۇ؟! — دېدى خەلچىخان.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستا غۇدۇڭشىدى:

— قوناقلىقتىن ئوت ئالاي دەپ كەلسەم سەت ئۆزۈنبەل بېسىۋالدى قارىسىلا، چۈش دېسەم ئۇنىمايدۇ، ھېلىمۇ ياخشى سىلە كەپقالدىلا.

— ماقۇل، مەنغۇ كۆرمىگەن بولاي، لېكىن مۇشۇ خۇدا ئالدىدا يالغان سۆزلەپ...

قىزنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭدى:

— ھە مەن نېمە قىپتىمەن خەلچىخان، تولا ئاغزىمنى ئاچمىسىلا جۇمۇ. سىلە خەققە بۇنى دېسىلىمۇ سىلىدەك ساراڭ خوتۇننىڭ گېپىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ شالتاقلىرىنى ئادالاپ ئاندىن ماڭا گەپ قىلسىلا جۇما، كۆرۈڭگە تېخى دېگەن گېپىنى...

خەلچىخان سەكرەپ كەتتى:

— ھەي سەت داپشاق، كۈپكۈندۈزدە قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، ماڭا تىل تەگكۈزۈۋاتىسىنا تېخى! ھەي خۇدا، ھەي خالايىق، كۆردۈڭلارمۇ ماۋۇ يۈزسىز جالاپنى، يوقال بۇزۇق، يوقال بۇ يەردىن!

يەيدىغان قوناق، ئىچىدىغان سۈيىمىزنىمۇ هارام قىلدىڭ، ۋۇي يۈزى قېلىن پاسكىنا! ۋۇي ئايىغاننى بىلمەيدىغان جالاپ!...

خەلچىخان ۋارقىراپ-جارقىراپ، قولىغا چىققاننى ئېتىپ ئۈنى قوغلاپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن كۆلچەكنىڭ بېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە سوزۇلۇپ قالغان سۇغا قاراپ هۆ قىلغۇسى كەلدى.

ئاپتاپ ئۈنىڭ تېنىنى يەنىلا قىزدۇرۇپ تۇراتتى. ئۈنىڭ غەشلىكى ئاستا-ئاستا تاراپ، يىراق-يىراقلارغا چېچىلىپ كېتىۋاتقان ئوي خىيالى نامەلۇم بىر كۈچ تەرىپىدىن سېھىرلىنىپ قالغاندەك مەستخۇش هالەتتە تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئىسسىقداپ كېتىۋاتقان سېمىز بەدىنى قانداقتۇر بىر نەرسىدىن راهەتلىنىۋاتقاندەك، هېسسىياتى يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەۋاتقاندەك هالەتتە جىممىدە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. كۆن نۇرى شۇ تاپتا ئۈنىڭ يالىڭاچ يەرلىرىنى قىزدۇرۇپ، غىدىقلاپ، ئۇ قاچانلاردۇ بىر ۋاقىتتا هېس قىلغان نازۇك هەم راهەتلىك تۇيغۇنى قايتا پەيدا قىلىۋاتاتتى.

ئۇ خام خىيال دەرياسىغا بىر هازا چۆمۈپ، دولقۇنلىرىدا لەيلەپ، ئاخىرى يەنە قىرغاقا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. چېلەكنى تولىمۇ تەستە توشقۇزۇپ ئۆيىگە راۋان بولدى. بۇ قېتىم چېلەك ئۈنىڭغا نېمىشقىدۇر قوم قاچىلانغاندەك ئېغىر ۋە ئازابلىق تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ قازانغا سۇ قۇيۇپ، چامغۇر توغراپ ئۇماچ چېلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئوتنى نەچچە پۈدەپ ياندۇرالماي كۆزىگە ياش تولدى. دۈمچىيىپ تۇرغان گەۋدىسى تېلىپ تۇرسىمۇ، پاخالغا تۇتىشاي دەپ قالغان ئوتنى كۆنۈپ كەتكەن جاھىللىقى بىلەن پۈۋلەۋەردى. ئوت تۇيۇقسىز گۈپ قىلىپ ياندى ۋە ئۈنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ، ئۈنى ئوگدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى، ماڭلىيىغا چۈشۈپ قالغان سېرىق چاچلىرىدىن بىر نەچچە تېلى كۆيۈپ كەتتى.

— هۇ بېشىڭنى يەيدىغان، قوپ، تەمەچ تېرىپ كەل!

قىزى قوپماي تۇرۇۋالدى.

— قوپ دەيمەن پاسكىنا، قورقۇپ سېنى بىر جىن يېمەيدۇ!

خەلچىخان قىزىنى ئۇنىتالماي تېمىنىڭ چۆرىسىدىكى تېرەكلىككە كىرىپ كەتتى ۋە بىر قۇچاق چاۋار-چاتقاللارنى تېرىپ كېلىپ، قىزىغا ئوت قالاشنى بۇيرۇدى. شۇ ئەسنادا ئۆينىڭ بىردىنبىر ئەتۋارلىق مۈلكى— چار موزاي سوزۇپ مۆرەپ كەتتى.

— ئاپاڭ يوق بۇ يەردە جوھوتنىڭ موزىيى!...

خەلچىخان غۇدۇراپ قويۇپ، تام تۆشۈكىگە ئىلىپ قويغان ئورغاقنى ئېلىپ، تامنى قورشاپ تۇرغان قويۇق چىتلىك تۇۋىدە ئۆسۈپ كەتكەن يۆگمەچ ۋە سۈتلۈك ئوتلارنى شارتىلدىتىپ ئورۇشقا باشلىدى. ناماز شام بولۇپ قالغاچقا تېرەكلىك ۋە چىتنىڭ ئارىسى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى.

ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ بىر قۇچاق ئوت ئوردى، موزاي ئۈچۈن بۇ تېخى ئازلىق قىلاتتى. ئۇ يېگىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ ئورغاقنى چۆپلەرنىڭ غولىغا زەرب بىلەن سىلىۋەردى، ئورغاق ئۇشتۇمتۇت كىچىك بىر تاشقا تېگىپ ۋاللىدە ئوت چىقىرىۋەتتى. ۋاي خۇدايىم، بۇ يەردە راستلا جىن بار ئوخشىمامدۇ! ئۇنىڭ كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ، ئۆز- ئۆزىگە ۋەھىمىلىك شىۋىرلىدى، ئورغاقنى تاشلاپ پايپاسلاپ قاچتى، پۇتىغا كىرگەن شوخا-تىكەنلەرنىڭ ئاغرىقىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

ئۇ ئاقىۋەت يەنە موزىيىغا چىدىيالماي، ھەر خىل قورقۇنچ ئىلكىدە ئورغىقىنى تېپىپ ئوتنى قىسىپ ئالدى، بىر مەخلۇق ھازىرلا كېلىپ ئورغاق بىلەن شارت قىلىپ بېشىنى ئۈزىۋېتىدىغاندەك ياكى ئاتنىڭ قىلى بىلەن گېلىنى بوغىدىغاندەك ۋەھىمىدە قەدەملىرىنى تېز-تېز يۆتكەپ، تامنىڭ بۇرجىكىگە بېرىپلا ئۇھ دەپ تىندى.

ئۇماچ تولىمۇ تەستە قايىندى. قىزى ئالدىغا قويۇلغان ئاشنىڭ

ھورىغا يۈزىنى بىردەم تۇتۇپ ئۇشتۇمتۇت: ئاپوي، ئاتام قېنى؟دەپ يىغلاشقا تەمشەلدى. خەلچىخاننىڭ خىيالىغا راخمان كەلدى: ئۆگۈپ كەتكەن چىبەرقۇت شىمىنى دائىم تىزىغىچە تۈرىۋېلىپ، ئالدىغا دۈمچىيىپ تۆگىدەك لۆڭ-لۆڭ ماڭىدىغان پاكار بىر ئادەم ئالقىنىغا تۈكۈرىمەن دەپ تىكەندەك ئۈچلۇق قىزغۇچ ساقىلىغا تۈكۈرۈپ گۈرسۈلدىتىپ كەتمەن چاپماقتا، لاي سۇ ئىچىقتىن شارقىراپ چۈشمەكتە، ئۇ ئىقىنغا ئەگىشىپ چېپىپ يۈرمەكتە... ئۇ قىزىنىڭ ئۈمچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ياسىدى:

— ئاتاڭ شاللىقتا، سۇ قويۇپ بولۇپلا كېلىدۇ.

ئۇ قىزىنىڭ ئاش ئىچمەي يەنە بايىقىدەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ جەھلى قاتتى:

— ئاتاڭنى ئىمەمتىڭ پاسكىنا، ھازىر كېلىدۇ دەۋاتىمەنغۇ!

قىزى ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە مىقتەك قادالغانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇقنى قول ئۇزاتتى ۋە ئېشىغا چۈشۈپ قالغان قارا بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. خەلچىخان قاچىنى ئوتنىڭ يورۇقىغا يېقىن ئەكىلىپ ئۇنىڭ چىۋىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۇماچقا ئۆچ قىتىم چۆكتۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئاشنى قىزىغا بەردى. قىزى قاچىنى قولىغا ئېلىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى، قورسىقىنىڭ كوكىراۋاتقان ئاۋازىنى بىر دەم تىڭشاپ تۇردى-دە، ئاشنى يۇدىمەيلا ئىچىپ كەتتى، قىزىق ئاش ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ، بولاقتەك كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. خەلچىخاننىڭ ئىچى ۋىژژىدە ئىچىشىپ ۋاقىراپ كەتتى:

—شالاپلاتماي ئاستىراق ئىچسەڭ بولمامدۇ ئېشىڭنى ئىت ئىچىۋالمىغاندىكىن بى!

قىزى ئاشنى شۇ يوسۇندا ئىچىپ تۈگەتتى ۋە قولىنى يالاپ تۇرۇپ يەنە ئىچىمەن دەپ غەلۋە قىلدى.

— ئاتاڭ كەلسۇن، بىللە ئىچىمىز— دېدى خەلچىخان—

ئاش قالمىسا ھېلى كالتەكنى سەن يېمەيسەن!

قىزى يېرىم ئاچ ئۇخلاپ قالدى. خەلچىخان يوتقانىنى تارتىپ يېپىپ قويۇپ كۆزىنى يۇمدى، ئەمما ھېچ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس. سىرتتا بوران چىقىۋاتاتتى. دەرەخلەر غىرىس-غىرىس، شار-شۇر قىلىپ ئۆينى ھازىرلا بېسىپ چۈشىدىغاندەك سۈرەن سالاتتى. تېرەك ياپراقلىرىنىڭ ۋەھىمىلىك ئۇرۇلۇشى، قوناق شاخلىرىنىڭ شالدىرلىشى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، مۈشۈكلەرنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ سەت ئاۋازدا مياڭلىشى ئۆيدە ئەسكى يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالغان خەلچىخانغا گويا بىر توپ جىن-ئالۋاستى ئاسماندا، يەردە تەڭلا پەيدا بولۇپ ئۆينى قورشىۋالغاندەك، جۇلقى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئىشىكنى ھازىرلا تېپىپ ئېچىپ كىرىپ ئۇنى تالاغا سۆرەپ چىقىپ بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغاندەك بىلىنىپ، ئۇنى قورقۇنچتىن نەپەسىنىمۇ چوڭراق ئالالمىغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. راخمان بولغان بولسىمۇ بۇنداق بولمايتتى؛ ئۇ قورقمايتتى، خەلچىخاننى ئىللىق قۇچىقىغا سولاپ، ۋىجىك ئەمما كۈچلۈك گەۋدىسى بىلەن ئۇنى پادىچى قويىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىيالايتتى.

شۇ مىنۇتتا خەلچىخان كۆكسىنىڭ تۇيۇقسىز تىترەپ-تىترەپ، كۆپۈپ چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئارقىدىنلا پۈتۈن بەدىنىنىڭ قىزىپ ھەۋەس ئوتىدا يېنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇ ئەسلىدە باي دېھقاننىڭ قىزى ئىدى، بىراق سەت چوڭ بولۇپ قالدى، لېكىن ئىشنى بەك قىلاتتى، قازان بېشىدىن بىكار بولسا ئېتىزلىققا چىقاتتى. ئەمما يېشى چوڭايغانچە ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ بارغانچە لەقۋالىشىپ، گەپنى تولا قىلىپ ئىشنى ئاۋۇتمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى نەدىن بولمىسۇن خۇدانىڭ بىر مۆمىن بەندىسىگە ياتلىق قىلىپ پەرزنى ئادا قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا قوشنا كەنتتىن نامراتلىقىدىن ئوتتۇزغا كىرگۈچە خوتۇن

ئالامىغان راخمىناخۇن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خەلچىخاننى قىيناتىسىغا ئىككى ئايغا يېقىن ئىشەكتەك ئىشلەپ بېرىش ۋە ئازغىنا بىساتى بەدىلىگە ئەل قاتارى تۇي قىلىپ نىكاھىغا ئالدى.

تۇي ئاخشىمى خەلچىخان ھازىرقىدەكلا ھاياجانلانغان، راخمان بولسا نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇنىڭ يېنىدا ھودۇقۇپ-تەمتىرەپ ئاخىرى قوپاللىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇلارنى ئەسلەپ، ئاشۇ سەزگۈنى خىيالەن پەيدا قىلىپ، شېرىن تەسەۋۋۇر ئىسارقىلىق كاللىسىدىكى قورقۇنچنى يوقاتماقچى بولدى، يوتقاننى چىڭ قۇچاقلاپ سۈپىنىڭ ئۈستىدە دوملاشقا باشلىدى، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە دىققەت قىلىپ قالدى. قىزى يا ئۆزىگە يا راخمانغا ئوخشىمايتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇنى بۇ قىزنى خەلچىخان ئەمەس، پەرىزات سۈپەتلىك جىن تۇغقان دېيىشەتتى. خەلچىخان بۇنداق گەپلەردىن ئۆلگىدەك تېرىكەتتى، لېكىن ئۆزىمۇ بەزىدە شۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرەمدىغاندۇ دەپ گۇمان قىلاتتى، ئەمما قىزىنى تۇغقان چاغدىكى سەزگۈ ئەسلىمىلىرى ئۇنى بۇنىڭغا ئەسلا ئىشەندۈرمەيتتى. ئۇ تولغاق تۇتۇپ راخمىناخۇن دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولغىچە بوۋاق ئاللىقاچان راخمىناخۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغان، خەلچىخاننىڭ تېنى ساغلام بولغاچقا بىر ئايغا قالمايلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. قىزى بۇ ئۆيىنىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك ئۈسۈش شارائىتى يارىتىپ بەرمىگەنلىكىگە قارىماي ناھايىتى ساغلام چوڭ بولدى. بۇنىڭدىن راخمان ئاجايىپ خۇشال بولدى. باشقىلارنىڭ ھەر نېمە دېيىشىگە قارىماي خۇدا بەردى، خۇدانىڭ بىزگە كۆزى چۈشۈپتۇ دەپ كۆرگەنلا ئادەمگە قىزىنى ماختاپ بەردى ھەم قولى قىسقا بولۇشىغا قارىماي مەھەللىدىكىلەرگە ئات چېپىپ بېرىپ، قىزىغا ئامىنە دەپ ئىسىم قويدى.

خەلچىخان قىزىنىڭ شۇنچە كونا، كىر كىيىم ئىچىدىمۇ

سەھەردىكى شەبنەمدەك چاقناپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىلگىرىلا دىققەت قىلغانىدى، قىزىدىن تۇرۇپ سۆيۈنەتتى، تۇرۇپ چوڭ بولسا بېشىمىزغا ئامەت ئورنىغا بالا تېرىپ بېرەمدىكىن دەپ غەممۇ قىلاتتى؛ قىزىنىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر ئالامەتلەرنى تاپالماي، ئۇنىڭغا پات-پات ئۆچ بولۇپمۇ قالاتتى، يات كۆزى بىلەن قارايتتى؛ ئەمما يەنىلا ئىچ-ئىچىدىن ئۇنىڭغا بىر خىل ئانىلىق مېھرى پەيدا بولۇپ تۇراتتى، كۆڭلىدىكى بىھۇدە، شۇم خىياللارنى يوقىتاتتى. كېيىنچە ئۇ ھەممىگە كۆنۈپ كەتتى، قىزىنىڭ ئاپتاپتەك پارلاپ تۇرىدىغان چىرايىمۇ ئۇنچە ئالاھىدە تۇيۇلۇپ كەتمەيدىغان بولدى. لېكىن مەھەللىدىكىلەر تاسادىپىي ئۆز ئۆيى تەرەپكە كېلىپ قالغۇدەك ياكى ئۆزى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ ئېتىزلىققا چىقىپ قالغۇدەك بولسا، باشقىلارنىڭ ئۆز قىزى ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىدىنلا كونا خىياللىرى يەنە قوزغىلىپ قالاتتى.

ئۇ قىزىغا بىر دەم سىنچىلاپ قاراپ ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى، قىزىنى قۇچاقلاپ ئۇنىڭ نۇرانە ماڭلىيىغا يۈزىنى ياقىنچە بىر ھازا خىيال سۈرۈپ، بوراننىڭ شىددەتلىك ئاۋازىدىن، ئېرىنىڭ ئېتىزلىقتا نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن بىر پەس ئەندىشىگە چۈشتى، ئاخىر ھارغىنلىق يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. تاڭغا يېقىن چۈش كۆردى. چۈشىدە راخمان چۆرگىلەپ كېتىۋاتقان قايىنامغا تاش ئاتقۇدەك، ھەر يوغان تاشلارنى توختىماي ئاتقۇدەك، سۇلار نالە قىلىپ شاۋقۇن كۆتۈرگىدەك...

## 2

قۇياش زېمىن، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن دىدارلاشقاندا مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكى بىلەن يوتقىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىدۇ. سالا ئېتىزلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان توپىلىق يولدا ئاۋۋال كەتمەننى دولىسىغا سالغان قاتاڭغۇر دېھقانلار،

ئاندىن ياغلىقنى چېكىسىگىچە تېڭىۋالغان جاپاكەش خوتۇنلىرى پىيادە ياكى ھارۋىلىق مېڭىشىدۇ، باللىرى ئارقىسىدىن قوزا-قوي، موزاي- توپاقلىرىنى ھەيدەپ كېلىشىدۇ. ئۇلاغلار زىرائەتكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار قوغلاپ تۇرىدۇ، ئەمما زىرائەت ئىگىلىرىنىڭ تىل-ئاھانىتى ئۇلار شۇ يەردىن يوقالغىچە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

راخمان ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزىنى چىمچىقلىتىپ ھويلىسىدا پەيدا بولدى ۋە كەتمەننى تاشلاپ ئۆيگە كىرىپ، قىزىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ ئولتۇرغان خەلچىخاننى كۆرۈپ تۇرۇپلا سەپرايى ئۆرلىدى ۋە گەپ-سۆزسىز بىرىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتتى:

— نېرى تۇرۇڭلار، ئۆزەم كىيدۈرىمەن. مېڭىڭلا، بېرىپ ئاش ئۇسۇڭلار، قورساق ئېچىپ جان ئاز قالدى.

راخمان سۆزلىسە گېپى بىر-بىرىگە تەستە قولىشاتتى، ئاۋازىمۇ چىرايىغا ماس يېقىمسىز ۋە چىڭقىلىپ پۇۋلىسە چىقىدىغان سۇنايدەك ئالا تاغىل ئىدى.

خەلچىخاننىڭ ئەتىگەندىلا ھېچ سەۋەبسىزلا بۇنداق قوپاللىققا ئۇچرىغانلىقىغا لام-جىم دەپ تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ھەم ياڭراق ھەم ئېزىلەڭگۈ زۇۋانى راخماننىڭ قۇلىقىغا مۇشت بولۇپ تېگىشكە باشلىدى:

— ئىت پوق يېمەستە نېمە يوغانچىلىق قىلىسەن، نېمە لەللەڭنى چاينايسەن، ئاخشام كاللاڭغا جىن تەپتىمۇ يا، مېڭىسىنى ئۆتنە بەرگەن ساراڭ، تېخى كۆيۈنۈپ ئاش ئېلىپ قويۇپتىمەن، ئاخشام قورققىنىم ئازمۇ مېنىڭ، ئۆلەي دەۋاتسا تېپەي دەۋاتقىنىنى...

— نېمە؟ ما ئاناڭنى پىتلىق، ياتە مەيەردە! — راخمان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ، يىغلىپ بولمىغان ئورۇننىڭ ئۈستىگە باستى ۋە قورسىقىغا چىقىۋېلىپ، بىگىز قولىنى

ئۇنىڭ قورقۇپ چەكچىيىپ قالغان كۆزىگە تەڭلەپ، يىغلىنىپ قالغان ئاچچىقىنى بىراقلا ئالماقچى بولغاندەك تۈكۈرۈكىنى چاچرىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قورقساڭ ئاشنا تاپ! ئەركەك جىن تاپ! تاپتىڭمۇ يا؟ باشقا خەقنىڭ خوتۇنى ئېرىگە ئېتىزدىمۇ ھەمراھ بولۇۋاتسا، سەن جوھۇت ئۆيدە يات! بالىنى ئەكەلگەچ بىردە سۇ قويۇشۇپ بېرەمدىكىن دېسەم كۆرۈڭگا، يا ئۆزى يوق، يا بالا، يا بىر ئىسسىق ئاش!... ئا مولمىن دېگەن ئىنساپسىز سەن بارمىغاندىكىن مەن باشتىن باشلاپ ئەكەلگەن سۇنى شاللىقىغا باشلىۋاپتۇ. كۆردۈڭمۇ ئا ئالتۇنخان ئەتىگەندىلا بىزنىڭ ئىگىزلىقىقا ئۇلاغ باغلىۋاپتۇ. ما موزاي تېخىچە ئاچ تۇرسا، خەق نېمە كويدا، سەن نېمە كويدا، كۆرۈڭگا تېخى يەنە ۋالاقلايدا؟ ئاغزىڭغا كەتمەن دەستىسىنى تىقىۋېتىمەن ھېلى! چاپىقىڭنى ئادالاپ يۈر، ھۇ ئۆلمەيدىغان لومودى!

خەلچىخان تولغىنىپ ئىڭراپ كەتتى:

— ۋاي بولدى، قويسام قوپاي خوش بولىدىغان ئىشىڭ بولسا، سەت ساراڭ!

راخمان ئورنىدىن تۇردى، ئايالىنىڭ بەدىنىدىن ئۆتكەن ئىسسىق تۇرۇپلا ئۇنى باشقىچە قىلىپ قويدى، خەلچىخاننى بېرىپ يەنە بېسىۋالماقچى بولۇپ بۇ نىيىتىنىڭ ئەپسىزلىكىنى تۇيۇپ تۆشنى قاشلاپ:

— ئاش قېنى، ئاش، قورساق ئېچىپ كەتتى،— دېدى.

خەلچىخان ئۇنىڭ بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولدى ۋە تازا تىللاپ تويغۇزۇپ قويغۇسى كەلدى. بىراق ئۇنىڭ يەنە تەلۋىلىكى تۇتۇپ ئۆزىنى ئۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تىلىنى يىغىۋالدى. ئىسىگە تۇرۇپلا بىر ئىش كېلىپ:

— بايا نېمە دېدىڭلار، مولمىناخۇن مەن ئىچىپ كەلگەن

سۇنى قويۇۋاپتۇ دېدىڭلىما؟ — دېدى.

— قويۇۋاپتۇ شۇ، — دېدى راخمان — ئارقىدىن مەن يەنە بېرىپ ئاچتىم، غىڭ قىلالمىدى، ئۇ يەردىن سەللا نېرى بولسام يەنە ئېچىۋالىدۇ، كېلىپ يەنە ئېتىمەن. نېمە قىپتۇ دەڭلا، مېنىڭ يەنە كېلىپ ئېچىقنى ئېتىۋېلىشىمنى بىلگەچكە توپىنىڭ ئارىسىغا يوغان بىر تاشنى كۆمۈپ قويۇپتۇ، كەتمەننى بىر چېپىپتىكەنمەن، خۇدا چېنىڭ ساقلىدى، ھېلىمۇ ئۆزەمنى ئەپقېچىۋالدىم، بولمىسا كەتمەن قولۇمدىن چىقىپ ھوشۇقۇم ساق قالماسكەن...

— كەتمەنچۇ، كەتمەن نېمە بولدى؟

— بىسى ئۆلدى شۇ، مەھەممەت تۆمۈرچىگە يېرىم كۈن كۆرەك بېسىشىپ بەرسەم ئوڭلاپ بېرىدۇ.

— ئۆزىگە تاشلاپ بەرسەڭلا بولمامدۇ؟ قەستەن قىلغاندىكىن، ئۆزىگە دېدىڭلىمۇ؟

— ئۇ بويىنىغا ئالامدا؟ ئالمايدۇ، بەكرەك دېسەم ئۇرۇشۇپ قالىمەن. ئۇزاقى كۈن ئېچىق بېشىدا سۇ تالىشىپ قان بولۇشقىلى تاس قالدىم.

— ھە ئاڭلىدىم، ئالتۇنخان دادلاپ كەلدى.

مۇنداق ئىش بولدى. سۇ نۆۋىتى ماڭا كەلدى دېدى، مەن ماڭا كەلدى دېسەم يەنە ئۇنىمايدۇ. تەڭ قويىلى دېسەم شېلىم قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، سېنىڭ شېلىڭ شال، مېنىڭ شېلىم ئوت-چۆپمىكەن دەپ كەتمەننى كۆتۈرۈپ باردىم. بۆگۈن ماقۇل دەپ قويسام ئەمدى سۇ نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە ئېچىق بېشىغا تاش قويۇپ كەتمەننى كاردىن چىقاردى.

خەلچىخان قازاندىكى مۇزدەك ئاشنى ئۇسۇپ، چىنىنى راخماننىڭ ئالدىدىكى ئەمبەلگە دوققىدە قويدى ۋە قولىنى سەگەز كۆڭلىكىگە ئېرتىپ، ھويلىدا تۇرغان كەتمەننى كۆرۈپ قايناپ كەتتى:

— كىچىكمۇ ئەمەس، خېلى چوڭلا يېرى ناكا بوپتۇ، قاراڭلا راخمىناخۇن، سىلە قول قوشتۇرۇپ تۇرغان بىلەن مەن ماۋۇ سىلىنىڭ خوتۇنلىرى بولغان ئادەم چىداپ تۇرالمايمەن، ئۆتكەندە ماۋۇ بىچارە قىزىمىز قانداق بولۇپ ئۇلارنىڭ كېۋەزلىكىگە موزاي ئاپىرىپ قالغان، بالىسى روزى كېۋەزلىكتىن ئۈزۈپ يېگەن قوغۇن-تاۋۇزنىڭ شاپىقىنى موزايغا بەرگىلى تۇرۇپتىكەن، شۇنىزە قىزنىڭ كېۋەزلىكىمدىن تاۋۇز ئوغرىلاپتۇ، ئۇنى ئاز دەپ كېۋەزنى يېگۈزۈپتۇ، سەن نېمىلەر كېۋەز تېرىغاندا يالتىراق ئېلىشىپ بەرگەنمىدىڭ، ئورۇق سېلىشىپ بەرگەنمىدىڭ، ئېرىڭ راخمان بۇلتۇر بالام تۇراقنى كالاڭغا مېشىمىزنى يېگۈزۈۋەتتىڭ، كالا باققۇچە مېدە باق دەپ تىللاپ ئۇرغانىدى. ئەمدى بۈگۈنگە كېلىپ ھەر قايسىڭنىڭمۇ تۇتۇلىدىغان كۈنلىرىڭ بار ئىكەن دەپ كونا خامانىنى سورۇپ يەتمىش پۇشتىمىزغىچە قوشۇپ تىللاپ كەتتى. ئۇ چاغدا سىلە قوناقتا سۇ قويىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە يوق، بولغان ئەھۋالنى بىلمەيسىلە، بار ئىزا-ئاھانەتنى مەن ئىشتتىم. ئالتۇنخان دېگەن ئاشۇ گۆرىدىن تۇڭگۇز قوپىدىغان سېرىق چىش جادۇگەرگە بولۇشۇپ ئاۋۇ مولىمىن دېگەن دارازىمۇ مېنى، سىلىنى قوشۇپ تىللىدى، ھەتتا قىل قالدى ئۇرغىلى. جىم تۇرۇپ بەرسە ئادەمنى چۈشىن، پاشىلارمۇ بوزەك قىلىدۇ راخمىناخۇن، ئەگەر سىلە بارمىساڭلا ئۆزەم بارىمەن، كەتمەننى كۆزىگە كۆرسىتىمەن، مۇشۇ كەتمەندە چانىلىپ كەتسەممۇ مەيلى، مېنى توسماڭلا، توسماڭلا دەيمەن...

راخمان ئۇنىڭ قولىدىكى كەتمەننى تارتىۋېلىپ، مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتىرىۋەتمەكچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ غەزەپتىن قايناپ-تېشىپ كېتەي دەپ قالغان كۆز ياشلىرىغا قاراپ ئىختىيارسىز رەھمى كەلدى-دە:

— ماڭە ئىشىڭنى قىل، تولا كاسىلدىماي، — دېدى.

خەلچىخان يىغلاشنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايتتى. بۇ يەردىكى

تۇرمۇش ئۇنىڭدىن كۆز يېشىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىشنى ھەر ۋاق تەلەپ قىلاتتى. مۇشەققەتلىك مۇھىت، قوپال گەپ-سۆزلەر ئۇنىڭغا تۇغۇلۇشىدىنلا ھەمراھ بولۇپ كەلدى، گويا ئۇنىڭ بويۇن-بەدەنلىرىگە قونغان توپا-چاڭ، كىر-قاسماقلاردەك ئۇنىڭدىن ئايرىلمىدى. ئۇمۇ بۇلارغا قوتاندىكى قوي-كالا جۇدۇن-چاپقۇنلارغا ۋە ئاستىدىكى قىغ-چىلەلەرگە كۆنۈپ كەتكەندەك كۆنۈپ كەتتى. مۇھىمى ئۇ راخماننىڭ ئالدىدا يىغلاشنى دېگەندەك ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، ئۇنداق قىلىشنى ئارتۇقچە ھېسابلايتتى. بۇ ئۇنىڭ راخمان ئالدىدا ياش تۆكۈش ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلىغانلىقىدىنمۇ ئەمەس ياكى يىغلاشنى زادىلا بىلمەيدىغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ كۆز يېشى تالاي ھەسرەتلەردىن ئىلگىرىلا قۇرۇپ تۈگىگەندۇ ياكى بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىلا ئانىسى ئۇنىڭغا يىغلىما، يىغلىما دەپ بەك ئۆگىتىپ كەتكەندۇ...

راخمان ئېشىنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، قالغىنىنى قىزىغا قويۇپ بەردى ۋە دۇئا قىلغۇەتكەندىن كېيىن كەتمەننى چوت بىلەن تۈزلىگەچ خوتۇنىغا ئاستا سۆزلىگىلى تۇردى:

—— ئىت چىشلىۋالسا بىرىپ چىشلىگىلى بولمايدۇ، پوققا چالما ئاتسا ئۆزىگە چاچرايدۇ، مەن جېنىمدا خۇدادىن قورقۇپ جېدەلدىن نېرى قاچىمەن-يۇ، خوتۇن كىشى تۇرۇپ سىلىگە كىم قويۇپتۇ ئۇرۇشۇڭ دەپ...

خەلچىخان غۇدۇڭشىدى:

—— قورقمەن، قورقمەن دەپ سىلىگە ئوخشاش كۆچۈكتەك تۇگۈلۈپ يېتىۋالسا بولامدىكەن، ئۇنداق بىشەملەردىن قورقۇپ قالمايدۇ كىشى...

—— مېڭىگىلا ئەمىسە بېرىپ ئۇرۇشۇڭلا، ئالتۇنخان ئاشۇ بەستى بىلەن سىلىدەك خوتۇننى بۇقىدەك بىر تۇرتۇپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىققا ئاپىرىپ تىقىۋەتمىسە مانا مەن، نەچچە كۈن ۋاي بېلىم دەپ

ياتىسلە شۇ، ئۇنىڭغا دوختۇر نەدە، پۇل نەدە!

— مېنىڭ جېنىم پاشىمىكەن، چىۋىنىمىكەن، — خەلچىخان سەل تېرىكتى، شۇنداقتىمۇ قاتتىق گەپ قىلىشىۋېتىشتىن ئۆزىنى تارتتى— تولا چىشىمغا تەگمەڭلا جۇمۇ، ساراڭ...

راخمان خوتۇنىنىڭ تېرىككىنىدىن خۇشال بولۇپ، توڭكاي چىشىنى چىقىرىپ ھىجايدى، قىزىنى سۆيۈپ ئەركىلەتتى ۋە كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ:

— شاللىق توشاي دېدى، مەن ھازىر كېلىمەن، ھېلىقى پۇلنى بىر يەرگە تىقماي تۇرۇڭلا، دادۇيگە ئاق ئۇغۇت كېلىپتىمىش، بىزمۇ ئەل قاتارى چىداپ، پۇل كەتسىمۇ ئاشۇ ئۇغۇتتىن بىر خالتا ئەكىلىلى، خەق قويىدىكەن، بىزمۇ بىر قويۇپ باقايلى، قانداقراق بولىدۇ،— دېدى.

— كۆكتاتلارغىچۇ؟— خەلچىخان مەڭدەپ قالغاندەك سورىدى.

— ھە ئۇنىڭغا كېيىنچە، شالغا قويۇپ ئېشىپ قالسا..

— كۆكتاتمۇ قىشچە قورساققا لازىم بولار؟

— ئاۋۋال ئاش يېمەي نېمە يەيسلەر؟ ئۇغۇتنى ئىسراپ قىلمايلى دەيمەن...

راخمان يالىڭاياغ ھالدا گۈس-گۈس دەسسەپ توقايلىققا ماڭدى، قىزى ئارقىسىدىن ئەگەشتى. خەلچىخان ۋاقىرىدى:

— ئامىن؛ ھەي ئامىنەم نەگە بارىسەن؟

قىزى ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئاتىسىغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

## 3

كەنت قورۇسىغا بارىدىغان چوڭ يولغا تۇتاش ئۇزۇن بىر قاتار تام، تامنىڭ ئالدى كەيىندە باراخسانلاپ كەتكەن تېرەك، سۆگەتلەر،

مېۋىلىك كۆچەتلەر ۋە ئۈزۈم تاللىرى بىلەن قاپلانغان كىچىك باغلار سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يول بىلەن باغنى بىر كەڭ ئۆستەڭ ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆستەڭ ئاپەتلىك يىللاردىن ئىلگىرى چېپىلغان بولۇپ، مەھەللىنىڭ جان تومۇرى، توپىدا ئېغىناپ، ئېتىزدا مال بېقىپ يۈرگەن توپا تەرەت بالىلارنىڭ كۆڭۈللۈك جەننىتى. ئۆستەڭگە يانداش باغ ھەم سوقما تاملىق ئۆيلەرنىڭ قارشىسىدا خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش غېرىبانە ئۆيلەر كۆزگە تاشلىنىدۇ. يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغان بۇ قاتار تاملارنى ئۈچەيدەك تار، ئەگرى-بۈگرى بىر يول ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يول ئەسلىدە تۈز ۋە كەڭ بولسىمۇ، كىشىلەر ئىشىكىنىڭ ئالدىغا قىغ ۋە ياغاچ-تاشلارنى بەسلىشىپ دۆۋىلەپ يولنى ئاشۇنداق تارلاشتۇرۇپ قويغانىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆي سېلىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھاشارلىرى ئۈچۈن زاپاس توپلانغان ياغاچ-تاشلار چاپسانلا تۈگەپ قالاتتى. دۆۋە-دۆۋە قىغلار شۇ پېتى چوقچىيىپ، تۈگىسە يېڭىلىنىپ، ئۆستىلەپ بېسىلىپ تۇرىۋېرەتتى. مەھەللىدىكىلەردىن كىمنىڭ توپلىغان قىغى ئەڭ كۆپ بولسا، شۇنىڭ ئات-ئۇلىقى ئەڭ كۆپ ھەم باي ھېسابلىناتتى. ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ، خىمىيۋى ئوغۇت ۋە سۇلياۋ يوپۇق دېگەندەك يېڭى نەرسىلەر كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەن دېھقانلار ئاشلىقتىن مول-ھوسۇل ئېلىش ئۈمىدىنى بىرلا يەرلىك ئوغۇتقا باغلىۋالمايدىغان بولدى.

راخماننىڭ بىر قاپ ئاق ئوغۇتنى يۈدۈپ، خەلچىخاننى ۋە قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، چۈشلۈك غىزاسىنى يەپ، ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى ئۈجمە سايىسىدا تېرەككە يۆلىنىپ، موخۇركا تارتىپ، خوتۇنلارنىڭ پاراڭىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەننىڭ دىققىتى بۆلۈندى. كىر باسقان شەپكىسىنى بېشىغا دائىم سىڭايان قوندۇرۇپ يۈرىدىغان پاكار، چاقچاقچى بىرەيلەن ئۆچەي دەپ قالغان موخۇركىسىنى چىمدىپ كۈچەپ شوراپ يەرگە

چىرتتىدە تۆكۈرىۋەتتى ۋە راخمانغا قاراپ قىزىقسىنىپ كۈلدى:
— كۆن قاياقتىن چىقىۋاتىدۇ راخمانجان، باي بولۇپ قول خېلى ئۆزۈراپ قاپتۇ جۇمۇ!
يەنە بىرەيلەنمۇ گەپ قىستۇردى:
— گەپ خەلچىخاندا، مۇشۇ خەلچىخان ئۇنى باي قىلدى. قارىمامسىلە، تاپقان پۇلنى بوزۇپ-چاچمسۇن دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈيدۇ.
راخمان ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.
خەلچىخان بىر چەتتىن گەپ قايتۇردى:
— ھەي ئۇسمىناخۇن، سىلىنىڭ خوتۇنلىرىمۇ سىلىنى شۇنداق باي قىلالىدىمۇ؟ دەپ باقسىلا، ئەر خەق خوتۇن خەققە پۇل تۇتقۇزغاننى سىلە نەدە كۆرگەن، كۆرۈك تېخى ما گەپنىڭ قىزىقلىقىنى!
— بىزنىڭ خوتۇننى تولا ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا خەلچىخان، ھەققىلىرى بولمىغاندىكىن!
— خوتۇندىن قورقىدىغان سايماخۇنكەنلىدە، بوپتۇ گەپ قىلماي...
— خوتۇندىن قورقىدىغان ماۋۇ راخمىناخۇن بىز ئەمەس جۇمۇ خەلچىخان، قانداق دېدىم راخمانجان؟!
راخمان كۈلۈپ، خەلچىخانغا ئەرلىك غورۇرى بىلەن بۇيرۇق سوقۇپ، تولا گەپ قىلماي ماڭ دەپ ئىشارەت قىلدى.
— قىزىڭىز بەك چىرايلىق جۇمۇ خەلچىخان،— دەپ گەپ باشلىدى يەنە بىرەيلەن،— ئۆزىڭىز تۇغقانمۇ يا؟
— ئۆزەم تۇغماي كىم تۇغۇپتىكەن؟! تولا جېنىمغا تەگمىسىلە... ئەمىسە نېمىشقا بىرەرسىڭلىكە ئوخشىمايدۇ؟
— ۋاي تاڭ، خۇدايىم مۇشۇنداق يارىتىپ قويۇپتىكەن، ماڭا ئوخشىمىغان بىلەن ئاپامغا ئوخشايدۇ، ئاپام ئاتامنىڭ ۋاقتىدا

چىرايلىق خوتۇنلاردىن ئىكەندۇق...

قىزنىڭ ئەگەشتۈرۈپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان راخمان خەلچىخاننىڭ يەنە ئۆز جايىدا مەست قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ زەردىسى قايىندى، بايىقى گەپنى ئۇشتۇمتۇت يادىغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، قاپ كۆتۈرگەن پېتى تۆگىدەك مېڭىپ، ئۆزى بىلەن كارى يوق كاسىلداپ سۆزلەۋاتقان خەلچىخاننىڭ قېشىغا كەلدى. خەلچىخاننىڭ قىيسىق كۆزى ياندىكى ئالامەتلەرگە خېلى سەزگۈر ئىدى. راخماننىڭ تۇيۇقسىز دېۋەيلەپ كېلىپ قىلىشى ئۇنى قورقىتىۋەتتى، يانغا بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى، ساغرىسىغا تەگكەن تېپىك ئۇنىڭ جۇدۇننى ئۆرلەتتى، خەقنىڭ ئالدىدا چىرايلىق گەپ قىلىۋېتىپ تويۇقسىز زەربىگە ئۇچراش، قاراپ تۇرۇپ يەنە بوزەك بولۇش، ئۆيدىغۇ مەيلى، خەقنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق سەتلىشىش ئۇنىڭغا هار كەلدى. ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك ھەم ئۇرمانلىقتىكى يولۇچى بىر يىرتقۇچ ھايۋانغا توساتتىن ئۇچراپ قورقۇپ ئارقىدىن غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كەتكەندەك پەريادلىق چىقتى:

— ھەي ساراڭ، ھەي دەلتى! خەق نېمە دەپ قالار دېمەيدىغان پو كاللا، مېڭىسىنى سا چوقىلاپ كەتكەن ساراڭ! يەنە تېپە قېنى...

خەلچىخان ۋاقىراپ كەلگىنىچە ئىككى قولىنى سوزۇپ، قاپ يۈدۈپ ئېڭىشىپ تۇرغان راخماننىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئارقىغا ئىتتەردى. راخمان يەنە تېپىۋىدى، خەلچىخان دوڭغىيىۋالغاچقا پۇتى تەگمىدى؛ ئۇ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، باشقىلار"ھاي-ھاي راخمىناخۇن" دەپ ھاي بېرىپ بولغىچە قاپنى يەرگە ئىرغىتىپ تاشلاپ ئالدىغا يۈگۈردى. يەرگە قاتتىق چۈشكەن ئۇغۇت قېپىنىڭ تىكىچى بۇسۇلۇپ، ئاپئاق دانچە ئۇغۇتلار يەرگە

شارىلداپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. راخمان قاپىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى سىرىلىپ كەتتى ۋە غەزىپىگە پايلىماي، يول چېتىدىكى ئېرىق بويىدا قىغ دۆۋىلەنگەچكە ئۆسەلمەي قۇرۇپ قالغان جىرىمنى سۇندۇرۇپ خەلچىخاننى قوغلاشقا تەمشەلدى. باشقىلار ئۇنى توسۇپ قولىدىكى تاياقنى تارتىۋالدى.

خەلچىخان راخماننىڭ يەنە قاتتىق ئۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ، تۆكۈلۈپ كەتكەن ئوغۇتنى توپا بىلەن قوشۇپ ئوچۇملاپ، چىمداپ دېگۈدەك خالتىغا ئاران تەستە قۇيۇپ بولدى ۋە ئۆيىگە چېپىپ بېرىپ يىپ ئەكەلدى. كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا قادىۋالغان يىڭنىسى بىلەن يىرتىلغان يەرنى تۇجۇپىلەپ تىكتى. راخماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇستىلەپ يەنە تىكتى. مۇشۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئىككىسى بىر ھازا تالىشىپ، چاچلىشىپ كەتكىلى تاس قالدى.

راخمان قاپىنى يۈدۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئوسمىناخۇن دەرھال بايىقى تاياقنى ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

—— بۇنى تارتىۋالمىغان بولسام خوتۇنۇڭلىغا بىر مۇنچە دوختۇر پۇلى تۆلەيتتىڭلا ئاداش، بۇنى مەن جىرىمنىڭ بىر تېلى بەش مو ۋاقتىدا ئالغان. ھاي دەپ بولغىچە ئاچچىققا پايلىماي سۇندۇرۇۋەتتىڭلا. ئەي بولۇپ ئەمدى بوي تارتىۋاتقان نەرسە ئىدى، نېرى-بېرىسىنى دېيىشمەيلى، ئىزىغا پۇل بېرىپ كېتىڭلا، ماۋۇ كۆرگەنلەر گۇۋاھ بولۇپ قالسۇن،—— دېدى.

راخمان چەكچىيىپ قاراپ قالدى. يۈزى بىردىنلا ئېسىلىپ، تېرىسى بوشىشىپ، بېشى بىگىز تىققاندەك زىڭىلداپ كەتتى، ئاۋازى بوغۇلۇپ، تىترەپ چىقىپ كەتتى:

—— ئۇنداق چۆپەيلەشمەڭلا ئوسمىناخۇن، ئۆزەڭلا كۆردۈڭلا ئەينا، ما قانجۇقنى ساۋايمەن دەپ... ئاچچىق دېگەننى بىلىسىلە، قۇرۇپ قالغان نېمە ئوخشايدۇ دەپ... پۇل دەيسىلە، ئۆزەمنى سىلىگە تەخەي قىلىپ ساتايمۇ يا، تاپىقاننى ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا قورساققا

تىقىپلا كۆن كۆرۈۋاتىمىز، ھەممىنى ئۇقۇپ تۇرۇپ ئادەمنى بۇنداق تەتۈر قىينىماڭلا، قىلىشىپ بەرگۈدەك ئىشىڭلا بولسا دەڭلا قىلىشىپ بېرەلى...

خەلچىخاننىڭمۇ ئاغزى ئېچىلدى:

— نېمە دەۋاتىلا ئوسمىناخۇن، ئۇلاغ غاجىلاپ قۇرۇپ قالغان كۆسەيىنىمۇ پۇلغا ساتىدىغان گەپما؟! ئادەمنى ئۇنداق ئانىي تاپماڭلا ھەي...

— ئەللىك كويلۇق ئوغۇتقا چىقىنغان ئادەم بەش موچەنگە چىقىنالامدۇ راخمىناخۇن، ئوغۇت ئېلىپ ئاشقان پارچە پۇللىرىڭلىنى چىقىرىڭلا — دېدى ئوسمىناخۇن، — كوپراتسىيە تۆگەپ ئەمدى خېلى بېيىپمۇ قالدىڭلا، بەش موچەننى دەپ ئادەمگە بۇنداق غىڭشىپ بەرمەڭلا، سەت تۇرىدۇ...

راخمان باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بېيىپ قالدى دېيىشىدىن كۆپ خۇرسەن بولاتتى ھەم باشقىلارنىڭ كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى. بىراق ئىچ كۆڭلىكىدىن يۇيىسىمۇ، ئۆلتۈرسىمۇ يوقالمايدىغان پىت-سىركىلەردەك مەھكەم يېپىشىپ ئالغان نامراتلىقتىن قانچە قىلسىمۇ تېخىچە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۆزى خىرە ھېس قىلاتتىيۇ، ئەمما ئۆزىگە كېلىۋاتقان تاشقى تەھدىتكە قايسى نىشانغا ئوق ئېتىشنى بىلمەي قالغان ئەسكەردەك جان ساقلاش ئۈچۈنلا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان قوش، سۆرەم ۋە ئاددىيغىنە تىرىقچىلىق ئادىتىگە تايىنىپلا تىرىكچىلىك قىلىشقا ئادەتلەنگەچكە، تېخىمۇ چوڭ نەرسىلەرنى ھېس قىلىشقا چامى يەتمەيتتى.

خەلچىخان راخماننىڭ جىم تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى:

— كىم بېيىپ كېتىپتۇ ئوسمىناخۇن، تولا مازاقلىماڭ جۇمۇ ئادەمنى، بېيىساڭلا سىلە بېيىغانسىلە، ئوغۇت ئېلىپ كەلسىلا پۇلى

جىق بولامدىكەن؟ بۇ ئوغۇتنى بانكىدىن ئالغان پۇلغا سېتىۋالدۇق. گەدەندە مىڭ پاتمان قەرز ھازىر، راخمىناخۇن ساڭغا قاچان ئاش ساتسا شۇ چاغدا تۆلەيدۇ، ئۆسۈملىرىچۇ تېخى، ۋاي-ۋۇي، ئۇنى ھەر قايسىلىرى تۆلەپ بېرىشمەيلا غوجام، گەپنى ئازراق قىلىشسىلا ما يولنى بوشۇتۇپ...

ئۇسمىناخۇن ئۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، راخماننىڭ پۈكۈلۈپ تۇرغان قەددىگە باشتىن بوي بىر سەپسالدى ۋە ئۇنىڭ يالڭاچ پۇتىغا قاراپ:

— ئەمىسە راخمىناخۇن ئىشلىشىپ بېرەمسىلە، بېغىمغا ئەتە سوقما چۆرىمەكچى ئىدىم، يېرىم كۈن بولسىمۇ لاي دەسسەپ بېرىڭلا، — دېدى.

راخمان ئۈستىدىكى قاپنى سىلكىپ قويۇپ يېنىك تىندى، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ھاجەتمەنلەرگە بېرىدىغان جاۋابى ھامان بىر خىل: بىر كۆزى سەل-پەل قىسىلىدۇ، ئاۋازى مۇلايىم ئاھاڭدا سوزۇلۇپ چىقىدۇ:

— ماقۇل.

ئۇنىڭ ياق دەپ بويۇن تولغاپ باققانلىقىنى بۇ مەھەللىدىكىلەردىن بىرەرسى كۆرگەن ئەمەس. ئەمما خەلچىخان بۇنداق ئەھۋالنى ئۆز ئۆيىدە دائىم كۆرۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇ ئۇزاققىچە تېرىكىپ، بوغۇلۇپ، ئاخىر تاياق يەپ يەنە بەربىر كۆنۈپ كەتتى.

— ئادەمنى بەك پەس كۆرىدىكەن بۇ خەق، — دېدى خەلچىخان قىزىنىڭ قولىدىن يېتىلىگەچ راخمانغا سوگدىشىپ، — كۈنمۇ كەچ بولاي دەپتۇ، مۇشۇ خەق گالۋاڭ قىلمىغان بولسا ئوغۇتنى بۇ كەمگە شالغا بېرىپ بولاتتۇق، ھەممىنى قىلغان سىلە شۇ، بىكاردىن تاياق كۆتۈرۈپ ئادەمگە...

خەلچىخان راخماننىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلماي

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھېلى بىكار مەن جۇمۇ دەپ قاپنى تاشلاپ كېلىپ، ئۆزىنى يەنە ئۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىنى ئىچىگە يۇتتى ۋە قىزىغا دوق قىلدى:

— ماڭە، چاققان-چاققان!

## 4

كەڭ شاللىق تىرگەندىكى ماشىلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، غايەت زور دائىرىدىكى يېشىل بوستانلىق قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى، ئېتىزلىق بويىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە باراقسانلاپ كەتكەن تېرەكلەرنىڭ مايلىق يوپۇرمىقى تەڭگىدەك پارقىرايتتى. ساناقسىز نۇر ھالقىلىرى شۇ يەردىن ئۆتۈشۈپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

خەلچىخان شالغا ئوغۇت بېرىشتىن ئاۋۋال راخماننىڭ دېگىنى بويىچە شال ئوتاشقا چۈشتى. بىر دەمدىن كېيىن خالتىدىن بۆلۈپ كەلگەن بىر چېلەك ئوغۇتنى كۆتۈرۈپ راخمان كەلدى. ئۇلار ياندىشىپ بىر سولغا چۈشتى.

خەلچىخان بېلىنى رۇسلاپ ئۇستۇن بولدى ۋە قىزىنىڭ شاللىقنىڭ سۈزۈك ھەم ئىسسىق سۈيىگە پۇتىنى چىلاپ، قىرغا جەينىكىنى تىرەپ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئامراقلىقى تۇتتى. قىزىنىڭ قورچاقتەك نازۇك كىچىك قامىتى، ئوماق رۇخسارى ئېتىزلىقنىڭ ئۆزىگە خاس خىلۋەت، گۈزەل مەنزىرىسىگە خويمۇ ياراشقانىدى.

خەلچىخان يەنە قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا نەزەر سالدى. ئۆزلىرىگە ئوخشاش شال ئوتاۋاتقان قىز-چوكانلارنىڭ رەت-رەت بىلەن سولغا كىرىپ گاھ بىر-بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ، گاھ سۇ چېچىشىپ قىزغىن ھالدا ئىشقا

كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئېغىر تىنىپ پەسكە ئېگىشتى؛ لېۋەن چاغلىرىدىكى شوخلۇقلىرى گەرچە تۈزۈك چىرايى بولمىسىمۇ ئەمما مۇڭلۇق ۋە ياڭراق ئاۋازى بىلەن توۋلاپ قويىدىغان غەزەللىرى بىلەن بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا سورۇنلارنى خېلى قىزىتىپ، يالغۇز قالغانلىرىدا ئۆزىدىن قانائەت تاپىدىغان ئۇنتۇلماس مىنۇتلىرى يادىغا كەلدى. مۇڭلۇق، تەسىرلىك، ئىزگۇ ئاھاڭلار ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇشقا باشلىدى. دەسلەپتە راخمانغا قاراپ ئېيتقۇسى كەلمىدى. ئەمما تاشقىن بولۇپ يامراۋاتقان گۈزەل ھېسسىياتلار كەلمەي-كەلمەي ئەمدى بىر كەلگەندە ئۇنى توختىتىۋېلىشقا مۇمكىن بولماي قالدى. ئاۋازى باشتا قىسىلىپ چىقتى، كېيىن زۇۋانى بىردىنلا ئېچىلىپ، كاللىسىنى بېسىپ، ئۈنىنى بوغۇپ تۇرغان خىياللار ئارتۇقچە چۈشەكلەر، غەللە-غەشلەر بارا-بارا يوقاپ، توسۇلۇپ قالغان ئەڭ چوڭقۇر، تەسىرلىك ھېسسىياتلار بىراقلا پارتلاپ چىقتى:

يارىم توماق كىيىپتۇ،
ماڭلىيىغا چۆكۈرمەي.
قاچانغىچە يۈرۈيمىز،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرمەي.

راخمان مۇشەققەت دەستىدىن ھېسسىياتى قېتىپ كەتكەن ئادەم بولسىمۇ، ئەمما مۇڭلۇق غەزەللەرنى ئاڭلىسا تەسىرلىنەتتى. ئۇ خەلچىخاننىڭ كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان بۇ ھالىتىگە ھەم ھەيران ، ھەم خۇشال بولۇپ يالتىدە قاراپ قويدى، كاللىسىنى قاپلىۋالغان ئوغۇت، شال، مول-ھوسۇل، پۇل توغرىسىدىكى خىيالى بىردىنلا يوقالدى. رخمان تويى قىلغاندا بىرەيلەن ئۇنىڭغا: ”خەلچىخان غەزەلچى خوتۇن، زېرىكمەيسىلە“ دېگەنىدى. خەلچىخاننى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كىرگەندىن كېيىن راخمان ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، ئۇنىتالماي

كۆپ تىركەشتى. خەلچىخان راخماندىن تىل-تاياق يېگەنسېرى ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ، گۈزەل نەرسىسىنى گويا نومۇسچان قىز ئۆز مەخپىيىتىنى باشقىلاردىن يوشۇرغاندەك يوشۇرۇپ، راخمان ئۆيدە يوق چاغدا قىزىغا ئوقۇپ بېرەتتى، قىزى خۇددى ئاپىسىنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك تىنىق، غۇبارسىز كۆزىدىن ھەيرانلىق ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى. بىر قېتىم راخمان قىزىدىن:"ئاپىڭىزغا كۆيەمسىز، ماڭىمۇ؟" دەپ سورىغاندا قىزى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن:" سىز سۆيۈپ قويىسىڭىز سىزگە، ئاپام غەزەل ئۇقۇپ بەرسە ئاپامغا" دېگەنىدى.

راخمان خوتۇنىنىڭ ھەقىقەتەن كارامىتى بارلىقىدىن خۇرسەن بولدى، بۇرۇنلا شۇنداق قىلغان بولسا، مەنمۇ خوش بولاتتىم، ئۇمۇ بېقىنىغا مۇشت يېمەيتتى، دەپ ئويلىدى.

خەلچىخان ناخشىسىنى توختىتىپ تۇرۇۋىدى قىزى يۈگۈرۈپ كېلىپ جاراڭلىق ئاۋازدا:

— ئاپوي، ئاپوي، يەنە ئوقۇپ بېرىڭە،— دېدى.

— ئوقۇڭلا خوتۇن،— دېدى راخمانمۇ گەردىنىنى قاشلاپ، خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ،—"يارىنىڭ ئۆيى خاماندا" دەيدىغان غەزەلنى بىلەمسىلە، شۇنى ئوقۇڭلا، مەنمۇ تەڭ ئوقۇشۇپ بېرەي.

خەلچىخان ئۇنىڭ شۇ گەپنى قىلىشىتىپ يۈزى ھەم كۆزى كۈلكىدىن قورۇلۇپ باشقىچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. راخمان شۇ تاپتا ئۇنىڭغا تولىمۇ سۆيۈملۈك، چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىراق ئۇ بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ يەنە بىر دەملىك ئىكەنلىكىنى، نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كۆڭۈلنىڭ يەنە ھاۋادەك تۇتۇلۇپ، ئارقىدىن قارلار ئۇچقۇنداپ، مۆلدۈرلەر يېغىپ كېتىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپ،

ئىچى ئۆرتەندى. راخماننىڭ خەق ئالدىدا پۈكلىنىپ، ئۆزىگىلا
كۆچى يېتىدىغان تەلۋە، مۆك ھالىتىگە بولغان ئۇزاقتىن بۇيانقى
قارشىلىق ھېسسىياتى قايتىدىن پەيدا بولدى:
— سەن ساراڭغىمۇ ناخشا ئوقۇپ بېرەمدۇ كىشى،
ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غېجەك چالغاندەك...
راخمان كۈلۈپ مەيدىسىنى قاشلىدى:
— ئۇنداق دېمەڭلا خوتۇن، بىزدىمۇ خۇدا بەرگەن
كۆڭۈل، قوش مۇشتەك يۈرەك بار.
— ئۆل ساراڭ! — خەلچىخان شۇنداق دەۋېتىپ
ئىختىيارسىز شادلاندى ۋە يىراقتىن ئۆزىگە قارىشىپ تۇرغان
ئاياللارغا قاراپ ناخشا ئوقۇغۇسى كېلىپ كەتتى، — ئەمما تەك
ئېيتىلى.
خەلچىخان گېلىنى قىرىپ، ئاۋازىنى ئەركىن-ئازادە قويۇپ
بېرىپ ناخشا باشلىدى، ئاھاڭ بايىقىدىنمۇ ياڭراق ۋە تەسىرلىك
چىقتى:

يارىنىڭ ئۆيى خاماندا،
ئوت قالايدۇ ساماندا.

راخمان ئېڭىشىپ تۇرۇپ پىزەكنى يۇلىمەن دەپ ئېسىدە
يوق شالنى يۇلۇۋەتتى، پۇتى لايغا چىڭ پېتىپ كەتتى. ئۇ شۇ
مىنۇتتا گويا گۆزەل بالىلىقىنى ئىزدەپ ماڭغاندەك، يىگىتلىكىنى
يېڭىباشتىن تاپقاندەك ھاياجانغا چۆمۈپ، ئىچىنى ئاستىن-
ئۈستۈن قىلىپ، كۆڭلىنى سۆيۈنۈشكە چۆمدۈرگەن تەسىرلىك
ھېسسىياتىنى ئۆزىنىڭ يۈرەك ساداسىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى:

ئەركىن-ئازاد ياشايمىز،
بۇ بەختىيار زاماندا.

يولدىن ئۆتسە ھېچكىممۇ تۈزۈك ئېتىبار قىلمايدىغان بۇ
ئەبگا ئەر-خوتۇن تېپىلغۇسىز خۇرسەنلىك ۋە مۇڭلىنىش ئىچىدە

ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى تاڭ قالدۇرۇپ، بەخت ئىچىدە بىر گەۋدە بولۇپ قوشۇلۇپ كەتكەندى. ئىسسىق شامال ئەركىلەپ، كەچكى قۇياش خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ ئۇلارنى ئالقىشلايتتى.

ناخشا بىلەن ئىشمۇ ئاۋۇدى. راخمان ئوغۇتنى چېچىپ بولۇپ، شاللىق توشقاندا سۇنى توختىتىشقا ئۈلگۈرەتتى، مۇشۇ ئوغۇتنىڭ كۈچى بىلەن ئوغۇتنىڭ پۇلىنى نەچچە قاتلاپ ئالىدىغان خىيال ۋە كەلگۈسىدىكى مول-ھوسۇل تەسەۋۋۇرلىرى بىرلىشىپ ئۇنى بارغانسېرى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ بۇگۈنكىدەك تەسىرلىنىپ، شادلىنىپ باقمىغانىدى، بەلكىم خەلچىخانىمۇ شۇنداقتۇ، ئۇ ئەمدى ئالدىراپ تاياق يېمەيدىغان بولدى، يېنىدىن ئايرىلمايدىغان پەرىشتىدەك نۇرانە قىزىمۇ بۇگۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قىزى چوڭ بولسا چوقۇم بەختلىك بولىدۇ، خۇدا ئۇنىڭغا ئوڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ، پۈتۈن ئائىلە شاد-خۇراملىققا چۆمىدىغان مۇشۇنداق كۈنلەر يەنە كېلىدۇ...

راخمان راھەتلىنىپ كېرىلدى. سۈپسۈزۈك سۇلار چايقىلىپ تۇرغان ئېتىزلىققا ھۇزۇرلىنىپ بىر قاراۋەتتى، ئۇتنى تاغارغا تىقىپ موزاي ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتقان خوتۇنى ۋە قىزىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ كەتتى.

## 5

"ئىشنىڭ ئېپىنى ئۇقمايدىغان، شاخىنا ئىنەكنىڭ پوقىدەك سويۇق، شۇنچە كەتمەن چېپىپمۇ پۇل تېپىپ پولو يېيەلمىگەن ما قوڭالتاقنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان! بەربىكىتى يوق شورتاڭ يەرگە ئاۋۋال قىغ تۆكمەي ئوغۇت چېچىپ، يەرنى تاشتەك قاتۇرۇپ غېمىدە يوق كېتىۋاتىدىغۇ ما تۆكباش، ئىست، مۇنداق پوققا پايدىسى يوق ئىشنى قىلغىچە كەپسىگە بېرىپ بارىغا شۈكۈر قىلىپ

خوتۇننى قۇچاقلاپ ياتماي! راھەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، بۇ دەلتىگە خۇدا شۇڭا بەرمىگەن-دە! شېلىم ئۇغۇتلانماي، تۇزۇك كۆكلىمەي، كېيىن دان تۇتۇپ، دانلىق گۈرۈچ بولماي ساپلا سۆك-كىرمەك چىقىپ قالسا، كۆرمەمدىغان ما ئىشنى! قىشىچە پولو يېيەلمەي يۈرمىسىزما؟! پۇل تېپىپ گۈرۈچ ئالغاندىن، يەنىلا ئۆزى ئىشلەپ تاپقان ياخشى، بەرىكەتتى بولىدۇ. ئالتۇنخان نەزىر-چىراغ، تويـ-تۆكۈنلەرگە كۆپ بارىدۇ، تۇراقمۇ پولوغا ئامراق، روزى دېگەن سويمىكىم گاڭپەن دەپلا غەلۋە قىلىدۇ، مەنمۇ گۈرۈچ تامىقىغا قەۋەتلا ئامراق. پۇلسىز كەلگەن ئۇغۇتنىڭ كۈچى! مايسام تېز ئۆسىدۇ، شال ئوبدان ئوخشايدۇ، گۈرۈچ دېگەن مۆلدۈردەك تۆكۈلىدۇ، كۆردۈڭلىمۇ ئالتۇنخان ما ئىشنى، پۇرسەت، ئامەت دېگەن شۇنداقمۇ كېلەمدىغاندۇ دەپ قالىسىلە! راخمان بۈگۈن ھالىغا بېقىپ ھال تارتماي شېلىغا ئۇغۇت بەردى، خوتۇنى بىلەن تېخى ھازىرلا كەتتى! ئۇغۇتنى بىر دەمدىلا ئېرىتىۋەتكەن سۇ قىردىن تېشىپ بىزنىڭ شاللىققا چۈشەي دەپ قاپتۇ، كەتمەن بىلەن ئوشۇق ئەمەس بىرلا چېپىۋەتسەم بولدى، ئامەت دېگەن بىزنىڭ ئىتىزغا شارقىراپ ئېقىپ كېلىدۇ. بۇ ئامەتنى مانا ھازىر كەلتۈرمەن! نېمە؟ ياۋاش ئادەمنى كۈن ئالغىلى قويۇڭلا دېدىڭلىما؟! ياق خوتۇن، مەن ئاشۇ ئاق ئۇغۇت سىڭگەن سۇنىڭ راخماننىڭ ئۆلەي دېگەن شاللىقىدا لىقمۇ لىق تولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز قاراپ تۇرالمايمەن، ئېچىۋېتىمەن! قاراڭلا، مانا ھازىرلا زاۋال چۈشتى، نامازشاممۇ بولاي دېدى، ئەتراپتا ھېچكىممۇ كۆرۈنمەيدۇ. قاراڭلا ئالتۇنخان، كاللاڭلا مېنىڭكىدەكمۇ ئىشلىمەيدۇ سىلىنىڭ، ئەقلىڭلا بولسا بىلىسىلە، ئۇغۇت ئالىدىغان پۇلغا كۆكتات ئۇرۇقى، ئىككى مېتىر خەسە ئېلىۋالسام دەۋاتاتتىڭلا، ئەمدى ئۇ غەمدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇڭلا، كاللام ئىشلەمدىكەن، پەمىم بارمىكەن، ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم كېرەك دېگەننى ئەجەپ دەپتىكىنا! قولۇمدا كەتمەن، قورساقتا پىلان

بولسىلا مانا مەن تاپالايمەن، ھەممە نەرسىنى تاپالايمەن، ئۆيمىزگە ئەكىلەلەيمەن"...

كەڭ ئېتىزنى ئوراپ تۇرغان دەرەخلىك يولدا مەھەللىگە قارايدىغان تېرەكنىڭ شاخلىرىنى چاتاپ، ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا تېڭىپ شۇم خىيال بىلەن كېلىۋاتقان موللىمىناخۇن راخماننىڭ قارىسىنى يۇتۇشى بىلەنلا شاللىق بويىغا كېلىپ راخماننىڭ شاللىقىدىكى چايقىلىپ تۇرغان خاسىيەتلىك سۇلارغا قاراپ ھەممىنى ئىچىۋالغۇسى كەلدى ۋە ئەتراپقا بىر چۆرۈلۈپ قارىۋېتىپ ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، يېنىدىن دائىم ئايرىمايدىغان ئەپچىل، ئىتتىك كەتمىنىنى ئېلىپ تىرگەندىكى ماش قويۇق ئۆسكەن ھەم كۆزگە پات چېلىقمايدىغان يەردىن ئېچىق ئاچتى، دەسلەپ كىچىك ئاچتى، كېيىن ئۇنىڭدىن رازى بولماي تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋەتتى. سۇلار شىرىلداپ، ئارقىدىن شارقىراپ ئېقىپ چۇشۇشكە باشلىدى. موللىمىناخۇننىڭ ئېتىزلىقى پەسرەك بولغاچقا سۇ ناھايىتى تېز ماڭدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئىشقا خۇمار يۇرەكلىرىمۇ تەشنالىقى قانغاندەك يايراپ، تېپىچەكلەپ كەتتى.

ئۇ قىزىل سۇلياۋ لېنتا بىلەن پۇختا قىلىپ يۆگەلگەن ۋەلىسىپىتنى ئالدىرىماي تېپىپ، قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ كېلىۋاتاتتى، تېمىنىڭ كەينىگە كېلىپ، توپىنى لەگپۇڭ ئېتىپ ئويناۋاتقان كىچىك ئوغلى روزى بىلەن راخماننىڭ قىزىنى كۆرۈپ ئۆزىچە تېخىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارغا گەپ قىلغۇسى كەلدى. روزى ئاتىسىدىكى خۇشاللىقنى بايقاپ قېلىپ بوينىنى سىلكىپ، بېشىنى گىلدىڭلىتىپ غەلۋە قىلدى:

— ئاتوي، نەگە باردىڭىز، ماڭا پۇل بېرىڭا!

ئۇ ۋېلىسىپىتنى تېمىنىڭ ئارقىسىغا يۆلەپ قويۇپ بالىسىنىڭ ئالدىدا زوڭزايدى:

— ئاسلاندەك تولا مىياڭلىما،— دېدى ئۇ بالىسىنىڭ كۆزىگە

قاراپ،ـــ پۇل بەرسەم نېمە قىلىسەن؟

ـــ ئامىنەم ئىككىمىز كەمپۈت ئېلىپ يەيتتۇق!

ئۇ بالىسىنىڭ سۆزىگە مەستلىكى كېلىپ ئۇنىڭ ئوماق تەلەتىگە، تارتىنىشتىن قىسىلغان كۆزىگە بىر قاراپ قويىدى، ئاندىن راخمانىنىڭ قىزىغا خەقنىڭ بېغىدا پىشاي دېگەن كۆك غورىلارغا كۆز سالغاندەك كۆز سالدى.

مولىمىناخۇنىنىڭ ئىچى يەنە قىززىشقا باشلىدى:"بۇ جىنتەكنىڭ شەيتاندەكلا ئۆسۈپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، بۇرۇن ئەجەپ قارىماپتىكەنمىنا، راستىنلا پاكىز چوڭ بوپتۇ بۇ توخۇ پوقىلارنىڭ قىزى، روزى بىلەن پاتراق چوڭ بولساڭ سېنى ئۆزۈمگە كېلىن قىلىۋالامدىم تېخى! گاداي خەقنىڭ ئىناۋىتىمۇ ئۆز يولىدا، تويلۇقىمۇ ئەرزان، ئەمما بۇ چىرايىڭ نېمىگە ئەسقاتىدۇ، روزىنى باي قىلالامدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، سەن ئىشچان خوتۇن بولغىن، مانا شۇ ئەۋزەل..."

ـــ راستمۇ ئامىنىخان،ـــ دېدى ئۇ،ـــ بالام كەمپىت ئېلىپ بەرسە يەملا؟

ـــ يەيمەن،ـــ قىز شۇنداق دەپلا بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ، تويغا كۆمۈپ قويغان پۇتىنى تارتىۋالدى.

مولىمىناخۇن كۈلۈپ يەنە سورىدى:

ـــ ئاتىلىرى ئۆيدە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ـــ ئوتۇن يېرىۋاتىدۇ.

ـــ ئاپىلىرىچۇ؟

ـــ چامغۇر ئادالاۋاتىدۇ.

ـــ بېرىپ ئاتىلىرىغا دېسىلە، بىز يېقىن قوشنا بولغاندىكىن بىرەر ۋاق تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدە يېسە تۇزىمىز كاملاپ قالمايدۇ، كۈندە سويۇق-سەلەڭ، كولدۇر-كوپپاڭ ئاش ئىچمۇېرەمسىلە دەيدۇ دەپ قويسىلا!

قىز يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا گۆدەكلەرگە خاس غەرەزسىز تەرزدە تىكىلىپ، ئەمدى ئېچىلغان كېۋەز غوزىسىدەك ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى، كىرپىكلىرى جۇپلىشىپ، نەملىكتىن كىرىشىپ كەتتى. روزىغا بىر قاراپ قويۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، ئىككى يانغا توپا چاچرىتىپ يۈگۈرەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئالتۇنخان:

— روزى، ھەي روزاخۇن،— دەپ چاقىردى.

ماڭە ئۆيگە كىر،— دېدى مولمىناخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ،— ئاش پىشقان ئوخشايدۇ.

## 6

مولمىناخۇننىڭ بەستىمۇ، سوقما قىلىنغان تېمىمۇ، تېرەكلىرىمۇ ئېگىز ئىدى. ئۇ يول ماڭسا ھەممە نەرسىگە چاشقاننىڭ كۆزىدەك غىلدىرلاپ تۇرىدىغان سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ ماڭاتتى. مەھەللىدىكى بىرەرسىنىڭ ئوخشىغان زىرائىتى، چوڭايغان تېرەكلىرى، كۆپەيگەن ئۇلاقلىرى، ھەتتا كىيگەن كىيىم، يېگەن تاماق، تۇتقان ئۆيدىكى سەرەمجانلارنى بىلمەي قالسا، ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق غەش بولاتتى. ئۆزىنى قارىغۇ ئادەم تام-توساق يەردە كېتىۋاتقاندەك بىئەپ ھېس قىلاتتى. ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بازارغا كەچ بولسىمۇ بارماي قويمايتتى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇنىڭ قەددى ئالدىغا سەل-پەل ئېگىلىپ تۇرغاندەك، يولغا كەينىچە قىلىپ سېلىنغان سوقما تاملىق ئۆيىنىڭ ئارقا تېمىمۇ، ھاجەتخانىسىمۇ، بېغىنىڭ شورىسىمۇ ئۆستىگە يۇقىرىلىغانسېرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ھەتتا تېرەكلىرىمۇ ئىچىگە قاراپ مايماق ئۆسكەنىدى. ھويلا ھەم باغلىرىدا سەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر، پۇختا قوتانلار، ئۆگزىسىدە كەپتەرخانا ۋە توخۇ كاتەكلىرى بىر-بىرىگە زىچ كىرىشىپ كەتكەن؛ رەڭدار مېۋىلەر، سېمىزماللار، زوۋاندار توخۇ-كەپتەرلەر ھەممە ياقتا تولۇپ تۇراتتى.

راخمان قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خەلچىخاننى بىللە بېرىشقا ئۇنىتالماي، مولىمىناخۇننىڭ ئۆيىگە ئاخىر ئۆزى كەلدى. دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە كېلىشى بىلەنلا شادىغا باغلانغان سېرىق ئىت چىشىنى ھېڭگايتىپ قاۋاپ كەتتى. راخمان بۇ ئۆيگە ئىككى يىل بۇرۇن بىر كەلگەنىدى، ئۇ چاغدا مولىمىناخۇننىڭ بۇنداق چوڭ دەرۋازىسى يوق ئىدى. مولىمىناخۇن چوڭ يولغا يىراق ئورناتقان بۇ يېڭى دەرۋازا خېلى ھەيۋەتلىك بولۇپ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىن تېرەككىچە بادرا مىخلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باغ قىلىنغان قوناق پاسىرى ۋە شال پاخلى قېلىن ئارتىۋېتىلگەچكە، ھويلىدىكى باراقسان ئۈزۈم بارىڭى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن ھويلىنى كېچىدەك قاراڭغۇ قىلىۋەتكەنىدى، كەچ كىرىشى بىلەن بۇ قاراڭغۇلۇق زۇلمەتكە ئايلىناتتى، ئاسماندىن ھەتتا ئاي نۇرىمۇ شۇڭغۇپ ئۆتەلمەيتتى.

راخمان گۆرىستانلىق ئىچىدىن تەۋرەپ چىقىۋاتقان ئەرۋاھتەك ئاستا قەدەم ئېلىپ كېلىۋاتقان مولىمىناخۇننى كۆرۈپ ئالدىغا ئىككى چامداپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. يىرىك، قاتتىق قوللار بىر-بىرىگە تېگىشتى. مولىمىناخۇن راخماننىڭ دۈمبىسىدىن قەدىناسلارچە يېنىك ئىتتىرىپ:

— بۇ ئۆيگە پات كەلمەيتىڭلا راخمىناخۇن، دېمىسەم يەنە كەلمەستىڭلا، قېنى ئۆيگە، — دېدى.

راخمان خۇشاللىق ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە ئۇي-دۆڭ بولسىمۇ ناھايىتى كەڭ ھويلىغا قەدەم باستى ۋە سۇپىدا ئولتۇرۇپ تامدىكى زەدىۋالغا يۆلەندى. كۆزىگە چۈشۈپ قالغان شەپكىسىنى ئېلىپ مايماق چېكىلىكىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇنى تىزىغا كەيدۈرۈپ قويدى ۋە بېشىنى قاشلاپ، قاراڭغۇلۇقتا تېنىخمۇ زور، ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان باغ-ۋارانلارغا ھەۋەس بىلەن سەپسالدى. مولىمىناخۇننىڭ سەھەردىن كەچكىچە، قىش-ياز خوتۇنى ھەم ئىككى بالىسى بىلەن قىمىرلاپ يۈرۈپ زىرائەتنى ئەڭ باشتا تېرىپ، سۇنى ئەڭ باشتا قويۇپ، خامانى

ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ، پاخال، سامان، ئوت-چۆپ، پاسارلارنى، ھەتتا تېرەكتىن چۈشكەن غازاڭلارنىمۇ قويماي ئۆيگە توشۇپ، ئۇلاغلىرىنى سەمرىتىپ، شۇنچىلىك مۇشەققەت بىلەن بەرپا قىلغان تەئەللۇقاتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئەمما ئۇ ئۆزىگە كەلگەندە بۇرۇنقىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنىلا كۆرۈپ ئارتۇقچە تەرەپلەرنى ئويلىمايتتى، ئويلاشقا ھەم قۇربىتى يەتمەيتتى.

قازناق ئۆيدە مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان پەس ئاۋازدا بىر نىمىلەرنى دەپ تالىشىۋاتاتتى:

— ما خوتۇننى كۆرمەمدىغان، سۈيۈقئاشتىن بىر چىنىمۇ يوقما؟ ئۇنى ئاتايىن چاقىرىپ قۇرۇق چاي بىلەن يولغا سالىمىزما؟

— تۇراقجان كەلسە نىمە ئىچىدۇ، روزىمۇ تېخى ئاران بىر چىنە ئىچتى.

— ئەمىسە راخمان نىمە يەيدۇ، ئۆرۈك بىلەن نان يەمدۇ؟ قېتىق باردۇ؟ قوغۇن-تاۋۇز بولسىمۇ بولاتتى.

— ئوھوش، قويۇڭلا، ئىشكاپتا پولو بار، ئەتكىلى ناھايىتى ئىككى كۈن بولدى. گۆرۈچنى سەل جىق سېلىپ قويۇپتىكەنمەن، تويدىن ئېشىپ ئازراق پۇراپ قاپتىكەن، باللار يېگىلى ئۇنىمىدى، بەرسەڭ شۇنى بېرىلى، باشقا نەرسە يوق، راخمان پولونى كۆرسە دۈم چۈشىدۇ.

— قولۇڭلا بىر نەرسىگە خېلي چەن ئىدىغۇ، نەچچە دېدىم ئاشنى ئىسراپ قىلماڭلا دەپ، ئەمدى ئۇ پۇراپ قالغان نەرسىنى خەققە بەرسەڭ، ئاشقازىنى بىر نىمە بولسا، ئۇ كالۋانى ئۇششۇقلۇق قىلمايدۇ دەمسىلە؟! قويۇڭلا سىلىنى.

— تويدىن ئېشىپ قالدى دەۋاتىمەنغۇ، نىمانداق گەپ ئۇقمايسىلە، ئىشكاپتا بارى شۇ، ئاۋۋال بېرىپ باقىلى، خوش بولمىسا مانا مەن، ئۆزىمىغۇ ئېغىزغا بىر كاپام سالسىلا گالدىن چاپسانلا ئۆتۈپ كەتكۈدەك ياغلىق ئاش بوپتىكەن، تۆكۈۋېتەي دېسەم خۇدانىڭ

نېمىتىنى خارلىغانلىق بولۇپ قالار، ئۇلاغقا بېرىۋېتەي دېسەم زىيان قىلارمىكىن دېدىم. ئىتقا تېخى بەرگىلى بولمايدۇ، توخۇلارغىمۇ زايە كېتىدۇ، دېگەن بىلەن ئۇنچىمۇ پۇراپ قالمىغان، راخماننى چاقىرىپ كەلگىنىڭلار بىر ھېسابتا ئوبدان بولدى، ئاشۇ بولسىمۇ يەۋالسۇن، كېيىنچە ئەسقېتىپىمۇ قالار.

— ئەمىسە ئۇستىگە ئازراق قېتىق ئۇلەشتۇرۇپ چانىغۇدەك قىلىپ بېرىۋېتىڭلا

— ما ئەقلىڭلا جايىدا، مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ تۇراتتىم.

ئالتۇنخان ئىشكاپتىكى پولونىڭ ھەممىنى بىر لېگەنگە ئېلىپ ئۈستىگە بىر چىنە قالغان قېتىقنىڭ يېرىمىنى كۆنەلگۈگە ئېلىپ قويۇپ يېرىمىنى تۆكتى ۋە ئاشقا ئىلەشتۇرۇپ راخماننىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا ئېلىپ چىقىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن قويدى، ياغدەك سىلىق گەپ بىلەن راخماننى تاماققا زورلىدى، چاي قۇيۇپ ھارمىدى.

راخمان ئايلاپ كۆرمەيدىغان بۇنداق ئاشقا ئېغىز تەگكىنىدىن تەسىرلىنىپ ئىلگىرى بۇلارغا بەزىدە كەتمەن كۆتۈرۈپ قويغىنىغا ھەم خەلچىخانغا قوشۇپ تىللاپ كەتكىنىگە ئۆكۈندى. پېژىلداپ كەتكەن قورساق پەقەت گۇرۇچ ۋە قېتىققا تويۇنغانلىقىدىن يايراپ، تەم، پۇراق سەزگۈسىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى.

ئۇ لېگەندىكى لىق ئاشنىڭ يېرىمىنى يەپ قورساق راۋۇرۇس تويغاندا ئاندىن ئاشنىڭ سەل پۇراپ قالغانلىقىنى سەزدى، بىراق ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان بۇنداق نېمەتكە كۆڭلىدە شەك كەلتۈرگىسى كەلمىدى. ئۆيدە قالغان جاھىل خوتۇنى، ئوماق قىزىنى ئويلاپ، قالغان ئاشنى ئۇلارغا ئاپىرىپ بەرگۈسى، پولونىڭ يېغى بىلەن خوتۇنىنىڭ گېلىنى مايلاپ، قىزىنىڭ لېۋىنى پارقىرىتىپ قويغۇسى كەلدى. ئالتۇنخان گويا ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولغاندەك لېگەندىكى قالغان ئاشنى ياغلىقىشىپ، ئىسلىشىپ كەتكەن ئاش كورىسىغا تۆكۈپ ئۇنىڭغا كۆتەرتىپ قويدى. خەلچىخانغا

دەيدىغان بىر مۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ دەرۋازىنىڭ تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. مولىمىناخۇن يەنە بىر مۇنچە ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە يولغا سالدى.

كۆپ ئۆتمەي تۇراق دەرۋازىنى ئېچىپ كىردى. مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان تەڭلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— قانداق قىلدىڭ؟ شالىنى توشۇپتۇمۇ؟— مولىمىناخۇن تاقەتسىزلىنىپ سورىدى.

— ئاشۇنداق يوغان ئېچىۋەتسەڭ توشماي قالامدۇ؟!— دېدى تۇراق كەتمەننى تاشلاپ،— ئېچىقنى ئېتىپ بولالماي نەچچە يىقىلىپ قوپتۇم، سۇغا پىشىلدىم، قارا ما ئىشتاننى، ئۆزۈڭ ئېچىپ ئۆزۈڭ ئەتمەي ئەمدى مېنى يەنە راخماننىڭ تايىقى ئاستىغا قويغىلى تاس قالدىڭ، قولۇمدىكى كەتمەن تىترەپلا تۇرىدۇ، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بېرىپ قالمىدى...

— تىرگەننى چانمىغۇدەك قىلىپ تۈزلىۋەتكەنسەن؟

— تۈزلىۋەتتىم، سەن ئېچىق ئاچقاندا كېسىلىپ كەتكەن ماشلارنى تېخى ئورنىغا كەلتۈرۈپ تىكىپ قويدۇم. لاي بىلەن يىقىلماس قىلىپ قاتۇرىۋەتتىم، ئۈستىگە ئازراق توپا تاشلاپ قويدۇم، ئاڭغىچە پاشا چېقىپ جېنىمنى ئاران قويدى.

— بولدى، ئېشىڭىزنى ئىچىڭ بالام، قورساقمۇ ئاچقاندۇ،- ئالتۇنخان ئاش ئېلىپ چىقتى،-شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ شال توشتى، ئۇغۇتلاندى دەڭ، راخماننىڭ شاللىقىدا ئازراقمۇ سۇ قالمىدىما؟

— قالمىدى، مانا شۇ يېرى چاتاق! راخمان شال تېرىغاندا ئېتىزلىقىنى سۇ سىڭمەس قىلىپ لىپىتىۋەتكەن، ئەمدى ئەتە قوپۇپ سۇ يوقلۇقىنى كۆرسە بىزنى تۇتامدىكىن دەم غېمىم شۇنىڭدا...

مولىمىناخۇن سۇپىدا ئولتۇرىۋېتىپ ئۇزۇن بىر ئەسنەك تارتتى ۋە:

— راخمان زىيان تارتقان گۈرۈچنى بىز بەردۇق بالام، تېخى مايلىرى بىلەن قوشۇپ بەردۇق. ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇ ئادەم بولغاندىكىن ئانچە-مۇنچە يۈزى قىزىرا، تەپ تارتا، ئىنساپ قىلا؟! كۆزى كۆردىمۇ؟ نەق جايدا تۇتۇۋالدىمۇ؟ شۇنداق قىلالىسا ھېساب. بولدى، بۇ گەپنى ئاز قىلىپ ئىشىڭنى ئىچ، يۈرەكلىك بول!— دېدى.

— سىلىمۇ مۇشۇ بالىنى خەقنى بوزەك قىلىشقا ئۆگىتىۋاتىسىلە،— دېدى ئالتۇنخان،— ئاشۇ بىچارە خەقنى كۈن ئالغىلى قويساق بولاتتى، راخمان سىلىدىن تەپ تارتقان بىلەن بۇ بالىنى ئېتىزلىقتەك بىر يەردە، كىشى كۆرمەستە ساراڭلىقى تۇتۇپ ئۇرۇپ كەتسە نېمە دېگىلى بولىدۇ...— ئالتۇنخان دائىم موشۇنداق گەپلەر بىلەن ئىچىدىكى خۇشاللىقنى يوشۇرۇپ ئادەتلەنگەنىدى. مولىمناخۇن گەپ-سۆز قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

## 7

— ئادەمنى پەس كۆرۈپ ئەمدى بەرمىگەن موشۇ ئىشى قاپتۇما؟! ئىتقا بەرسە ئىتمۇ يېمەيدۇ، ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىمەن، نېرى تۇرۇڭلا دەيمەن كۆزۈمگە كىرىۋالماي!— خەلچىخان كورىنى كۆتۈرۈپ تالاغا ماڭدى.

راخمان خەلچىخاننىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەنىدى، خەق شۇنچە ئىززەت قىلىپ ئاش بەرسە، بۇ خوتۇن تەتۈرلۈك قىلىپ تۆكۈۋېتىمەن دېسە... ئۇنىڭ غەزىپى يەنە قوزغالدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىپ يالۋۇرغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇنداق قىلماڭلا جېنىم خوتۇن، مەن قورسىقىمنى تويغۇزمىساممۇ ھەر قايسىڭلىنى دەپ ئاتايىتەن پولو ئەكەلسەم، يېمەيمەن دېسەڭلا قاملاشمايدۇ، قورسىقىڭلىمۇ ئاچقاندۇ؟

— قورساققا ئاش ئىتىپ ئىچىپ بولدۇق.
— ئەمىسە ئامىنەم يىسۇن.
— نىمە دەيدىغاندۇ ئەمدى، كۆكىرىپ، پاختىلىشىپ قالاي دىگەن مۇشۇ ئاشىنىزە بالىغا بىرەمدۇق؟ ئامىنەم مىجەزى يوق، بايا ئۇخلاپ قالدى، بىر ئاغرىقنى ئىككى قىلاي دەمسىلە نىمە؟!
— يالغان گەپ قىلماڭلا!— راخمان جىددىيلەشتى،— بايا تىخى چاپراقشىپ ئويناپ يۈرگەن بالا بىساتتا ئاغرىپ قالمايدۇ.
— گالدىن قانداق ئۆتىدۇ دەيمەن ئۇ ئىچىپ قالغان ئاش! مەندەك ئادەم بولغان بولسام بەرگەن ئىشنىڭ مۇشۇمۇ دەپ ئالتۇنخاننىڭ بىشىغا لىگەن بىلەنلا ئاتاتتىم!
ئاش يىمەي يوق يەڭلا ئەمىسە!— راخماننىڭ يۈزى ئاچچىقتىن چىڭقىلىپ، زاڭاقلىرى تىترەپ كەتتى،— كۆرۈڭا، خەق ئادەم كۆرۈپ ئاش بەرسە گىلىنى مايلاشنى ئۇقماي ۋالاقلاپ خەقنى قارغاپ يۈرۈيدا؟!
— ۋاي بولدى يەي، كۆڭلۈمنى دەپ ئەكەپسىلە، يىمىسەم يەنە ئۇرىدىغان ئوخشايسىلە، بالا ئويغىنىپ كەتمىسۇن يەنە،— خەلچىخان قوشۇقنى ئاشقا سالاي دەپ، راخماننىڭ يەنە ئۆزىگە چەكچىيىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ دەررۇ قولىنى يۇيدى-دە، ئاشتىن بىر كاپام ئىلىپ يىيىشكە تەمشەلدى، ئەمما پۇراقلاردىن كۆڭلى ئاينىپ يىيەلمەي قالدى.
— يەمسىلە، يىمەمسىلە؟
راخمان غەلىتە بىر ئەلپازدا خەلچىخاننى هازىرلا ئۇرۇپ دەسسۆۋىتىدىغاندەك قىلاتتى. خەلچىخان ئۇنىڭ يوشۇرۇن غۇرۇرىغا تىگىپ كىتىشىدىن بەك قورقاتتى، ئۇ هازىر دەل موشۇنداق هالەتتە تۇراتتى. يەي دىسە تىخى، يىمەي دىسە ئۇ خەقنىڭ كۆڭلىنى بەك چوك بىلىپ كىتىپ ئۆزىنى پاس-پۇس ئۇرۇپ كىتىشتىن يانمايدۇ. بۇ تەلۋىگە تەك كەلگىلى بولمايدۇ. قورساق قاتتىق ئىچىپ كەتكەن

بولسا مەيلىدى، ئاش ئىچىپ بولغاندا سىپىق پولونى ئەمدى كىمنىڭمۇ يېگۈسى كېلىدۇ؟

— قورسىقىم بەك تويۇپ كېتىپتىكەن، ئەمدى ھېچنېمە يېگۈم يوق،— دېدى ئۇ ۋە يەنە راخماننىڭ بايىقىدەك تۇرغىنىنى كۆرۈپ،— بولمىسا ئەتە يەي،— دېدى.

— ياق،— دېدى راخمان تەرسالىق قىلىپ،— سۈيقاش دېگەن قورساقتا تۇرمايدۇ، ماۋۇ دېگەن پولو، يەڭلا دېگەندىكىن يەڭلا، ئەتىگىچە پۇراپ تېخىمۇ يېگۈسىز بولىدۇ، سىلە يا كوپراتسىيىنى كۆرمىگەن كىچىك بالا بولمىساڭلا، ئاشنى قەتئىي زايە قىلمايلى، بولمىسا ئۆز ۋاقتىدىكىدەك ئۇۋالىغا قالىمىز.

خەلچىخان تەڭلىكتە قالدى، ئاخىرى قېتىقتا چاپلاشقان گۆرۈچلەرنى تاللاپ يېگىلى تۇردى. راخمان تېرىكىپ ۋاقىراپ كەتتى:

— مېڭلا، مېڭلا، ئاتاڭلىنىڭ بەتتە پولوسى ئەمەس بۇ چۇقىلاپ يەيدىغان! ئاتاڭلا دېگەن باي دېھقاننىڭ ئۆيى قالغان ئاۋۇ بەش ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدا. ما دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم، كەمبەغەل دېگەن مۇشۇنىڭغا، خۇدا بەرگەن مۇشۇ رىسقىغا شۈكرى قىلماي نەگە بارىدۇ؟ خارلىقتا قالىدىغان ئاش يوق بۇ يەردە، سىلە يېمىگەن ئاشنى خۇدالىق ئۈچۈن چار موزايغا بېرىۋېتىمەن، ئاشنىڭ قەدرىنى ھايۋان جېنىدا ئۇبدان بىلىدۇ. ئۇبدان بىر ئولتۇرۇپ بىر يەمدىكىن دېسە ئەمدى پوقنى يەڭلا...

خەلچىخان ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ:

— ھەي، ھەي، ئاتامنى چىشلەپ تارتقۇچى بولما سەن، مەنمۇ سېنى دەپلا ئولتۇرۇۋاتىمەن بۇ جىننىڭ كەپىسىدە...— دېدى.

خەلچىخان راخماننىڭ تەلۋىلىكى تۇتمىسۇن دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى ۋە بىر نېمىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— موزايغا ئۇتنىڭ ھەممىنى سېپ بەرگەن، قورسىقى گۇمبەزدەك چىقىپ كېتىپتۇ، ئېچىغان ئاش زىيان قىلامدىكىن

دەيمەن،ــــ دېدى.

ــــ ئېچىپ قالغان نېمە نەدىكەن،ــــ دېدى راخمان،ــــ سىلە يېمىگەن بىلەن موزاي يەيدۇ، قاراپ تۇرسام گۆرۈچنى خارلاپ يېگىلى ئۇنىمىدىڭلا، گۆرۈچ دېگەن نېمە بىلەمسىلە، ئۇ دېگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىشى، جەننەتنىڭ ئېشى، سىلە شۇنى بىلمەيسىلە، بىلمىگەندىكىن ئاشۇنداق يېمەيسىلە، موزاي يېسۇن هالال بولغاندىكىن دېسە يەنە ۋالاقلايسىلە، مېڭىڭلا، بېشىمغا كېلىپ رامىزان چالماي ، هەلەپتىن ئاشقان سامانىنى ئېلىۋېتىپ ئۇلاقنى ئادالاڭلا، موزاي يەپ بىر يايراپ سەمرىۋالسۇن، قاراپ ئىچىڭلا ئاداپ كېتەر ئىلاهىم.

خەلچىخان گاڭگىراش ئىچىدە راخماننىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئاش ئۇلاققا تۆكۈلدى. موزاي بېشىدىكى نۇقتىنىڭ هالقىلىرىنى تاراقشىتىپ ئۇلاققا تومشۇقىنى تىقىپ، پۇشۇلداپ تۇرۇپ ئۇنى ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

خەلچىخان ئىچىدە بىر نەرسە ئۆملەۋاتقاندەك ئارامسىزلاندى. راخمان ئۇنىڭغا قاراپ گومۇشلاچە كۈلۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا مۇهىم بىر قائىدىنى سۆزلەشكە چۈشتى:

ــــ ئات-ئۇلاغلاردىن تارتىپ قۇشقاچلارغىچە، هەتتا چۈمۈلىگىچە ئۇنىڭ خۇدا بەرگەن ئۆز نېسىۋىسى، يەيدىغان رىسقى بولىدۇ. خۇدا بۇغدايىنى، گۈرۈچنى، كېپەك-سامانىنى قارا يەردىن تېپىپ چىقىپ ، ئۇچار قۇش ۋە مۇشۇ هايۋانلارنى بېقىشنى بىزگە تاپشۇرغان. سىلە يېمىگەندىكىن موزاي يېدى، دېمەك ئۇنىڭ بۇنىڭدا بىر ئۈلۈش نېسىۋىسى بارلىقىنى خۇدا دىلىمغا سالغان گەپ. قاراپ تۇرغىنىڭلار بىلەن ئۇنى يەۋالمايسىلە، مېڭىڭلا كىرىپ ئۇيقۇڭلىنى ئۇخلاڭلا، ئەتىگىنى قوپالمايدىكەنسىلە...

خەلچىخان ئارقىسىغا قاراپ-قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. راخمان موزاينىڭ پولونى پاك-پاكىز يەپ قويۇۋقىنى

شىپاڭشىتىپ تۇرۇشىنى بىر دەم كۆزىتىپ گويا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يايراپ كەتكەندەك ھوزۇرلاندى. موزاينى ئادىتى بويىچە قوتاندىن چىقىرىپ ئۇنى ئۆزلىرى ياتىدىغان ئۆينىڭ يېنىدىكى ئېغىلغا سولاپ ئىشىكنى ئەتتى.

## 8

خەلچىخان يېرىم كېچىدە بىر ئەنسىز چۈش كۆردى. چۈشىدە چار موزاينىڭ كۆزى گۆھەرگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقۇدەك، سەل تۇرۇپ تۇمانلىق ئاسماندىن چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر تۆكۈلۈپ، ئۇنىڭدىن يىغىلغان سۇلار ئۆستەڭگە(مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئۆستەڭ دېگۈدەك)يامراپ ئېقىپ كەلگۈدەك. ئۆستەڭدىكى لاي سۇلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن كۆتۈرگىدەك. شۇ ئەسنادا چار موزاي ئۆستەڭدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ، بۇ قاتتىن ئۇ قاتقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولۇۋاتقۇدەك. ئۇ خۇددى مۇشۇكتەك يەڭگىل ئۈزۈپ قىرغاققا يېتەي دېگەندە شار-شۇر قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇغا چۆكۈپ كەتكۈدەك. خەلچىخان موزاينىڭ بېشى كۆرۈنەر، گەۋدىسى كۆرۈنەر دەپ شۇنچە تەلمۈرسىمۇ، موزاي سۇ يۈزىگە ئىككىنچىلەپ چىقمىغۇدەك...

خەلچىخان ئىچى سىقىلىپ، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ، بىر پەس گۇڭۇرلاپ جۆيلۈگەندىن كېيىن مېڭىسى تۇيۇقسىز سەگەكلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، پۈتۈن ئەت-ئەزايى يامغۇردا قالغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پېشانە ۋە بويۇنلىرىدىكى تەرنى يوتقان ئەستىرى بىلەن سۈرتىۋېتىپ راخماننىڭ قوينىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى، موزاي سولانغان ئېغىلغا يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ ئاران يېتىپ باردى ۋە كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ ئوبدان بىر قارىدى. قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ كۆزىدە سەل سۇسلاشتى، بىر نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلىدى، چار موزاي بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

ئۇ تۇيۇقسىز بېشىنى بۇراپ خەلچىخان تەرەپكە قارىغاندەك قىلدى، كۆزلىرى پارقىراۋاتقاندەك كۆرۈندى."ھېچ ئىش بولماپتۇ، ۋاي يۈرىكىم، قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى"... خەلچىخان قاراڭغۇلۇق قوينىدىن ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلىغىنىچە پايپاسلاپ چىقتى ۋە ئىسسىق يوتقانغا كىرىپ راخماننىڭ يېنىغا سوزۇلۇپ ئۇنىڭغا چاپلاشتى. بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكسى ئاخىرى پەسكويغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇقتىكى نەپەس رىتىمىغا ماسلىشىپ كەتتى.

خەلچىخان تاڭغا يېقىن كىمدۇر بىرىنىڭ بىر نېمىلەرنى دەپ پەرياد چېكىۋاتقىنىنى، بوش ئاۋازدا يىغلاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ، ئۆڭمۇ ئاڭقىرالماي قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، سۆڭگۈچىگە تەگكەن قاتتىق تېپىكتىن مېڭىسى پارتلاپ كەتكەندەك بولۇپ، جېنى سىرقىراپ، سۇپىدا يۇمىلىنىپ كەتتى. قاتتىق ئىڭرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازدىن قىزىمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۆي ئىچى يىغا-زارە، ۋاقىراش-جارقىراش، ئاللىكىملەرنى قارغاش ئاۋازى بىلەن تولدى.

— ۋاي نېمە، نېمە بولدى؟! — خەلچىخان ئېسىنى يىغىپ جان ئاچچىقىدا توۋلىدى.

— موزاي ئۆلۈپتۇ، ياتە چوشقا، سەنمۇ ئۆلۈكۈڭنى سات!...

راخماننىڭ كارنىيىنى بىرى بوغقاندەك تەستە چىقىۋاتقان گېپى خەلچىخانغا بايىقى تېپىكتىنمۇ تۇيۇقسىز ۋە قاتتىق تۇيۇلدى. بېشىغا بىرى سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— ماگە ساراڭ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مەن تېخى يېرىم كېچىدە قارىغان تۇرسام، موزاي ساپمۇساق تۇراتتى.

— ئاناڭنىڭ قېشىدا ساق تۇرامدۇ، ئاتاڭنىڭ قېشىدا ساق تۇرامدۇ پىتلىق، ماگە چىقىپ قاراپ باق، قورسىقىنى باداگدەك قىلىپ ئۆلۈپ ياتسا...

خەلچىخان ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ ئېغىلغا كىردى. چىلەگە بېغىنى قويۇپ يېنىچە سوزۇلۇپ ياتقان موزاينى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى: موزاينىڭ يۈزى ئۆزىنىڭ پوقى بىلەن مىلەنگەن بولۇپ، ئاسمان تەرەپتىكى كۆزى يۇمۇلمىغان، قورسىقى ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك پومپىيىپ چىققانىدى. خەلچىخان چىداپ تۇرالماي ئۇنىڭ يېنىغا يۈكۈندى ۋە ئوچۇق كەتكەن كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە ئۈشتۈمتۇت ئۆرۈلۈپلا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئېتىلىپ بارغىنىچە، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان راخماننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى:

— موزاينى سەن ئۆلتۈردۈڭ پو كاللا، زىيان قىلىدۇ دېسەم ئۇنىماي پەيغەمبىرىمنىڭ، جەننىتىمنىڭ ئىشى دەپ ئۇنى موزايغا يېگۈزۈۋەتتىڭ، ئېچىغان ئاشنى بەرمە دەپ تۇرسام گېپىمگە كىرمىدىڭ! يالغانمۇ، ھە پوقۋاش يالغانمۇ، شۇنچە باقتىم، كۆيۈندۈم، ئاخىرى كېلىپ ئالتۇنخاننىڭ بىتەرەت ئەتكەن مىننەت ئېشىنى، ئاشۇ ئېچىپ كەتكەن سېسىق ئېشىنى سەن ئۆزەڭ يەپ ساراڭ بولۇپ، ئاندىن موزايغا بېرىپ ئۆلتۈردۈڭ، خوپ بولدىمۇ ئەمدى، ۋۇ ئەقلى يوق ساراڭ، ئىت پوقى يېگەن گالۋاڭ، ئۇخلاۋاتسام تېخى مېنى ئۇرۇپ-تېپىپسىنا جوھوت؛ ئۇرە ئەمدى، ئۇرە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ يە!...

راخمان يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. خەلچىخان ئۇنىڭ كونىراپ قالغان يەكتىكىنى ئىشتان بېغىغىچە تارتىپ يىرتىۋەتتى. مەيدە تۈكلىرىنى يۇلدى. بوينىنى تىرمىلاپ قان چىقىرىۋەتتى. راخمان شۇ تاپتا ئۇنىڭ موشۇنداق قىلىشىنى يوللۇقتەك ھېسابلاپ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى؛ كىيىن پۈتلىرى تىترەپ، قولى بوشاپ، ساڭگىلاپ، كۆزى موزاينىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە تىكىلگىنىچە چېكىتتەك قېتىپ قالدى. ئۇ خەلچىخاننى ئىتتىرىۋېتىپ موزاينىڭ

يېنىغا ئاستا يۆكۈندى. ئۇنىڭ سالپىيىپ قالغان قولاقلىرىنى تۇتۇپ ئىسسىق تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئىچىدە چاقماق چېقىپ ئۆتكەندەك بىر ئۈمىد پەيدا بولدى. ئۇ موزاينىڭ بۇرنىغا قولىنى قويۇپ بىر پەس تۇردى، بارمىقىنى ئىچىگە كىرگۈزۈپ باقتى، بېشىنى سوزۇپ پۇراپ باقتى، موزايدا ھاياتلىقتىن ھېچقانداق نىشان كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا موزايغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق شېرىن خىياللار بىر-بىرلەپ گۇمران بولدى. ئۇ چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— خەلچە، توختا پېتىلىق، — دېدى ئۇ چىرقىراق ئاۋازدا، — موزايغا ئوتنى سەن سېلىپ بەرگەنمۇ؟

ئىچكىرىكى ئۆيگە ھالسىز قەدەم بىلەن كىرىپ كېتىۋاتقان خەلچىخان تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ۋە راخماننىڭ ئۆزىگە جان كىرگەن تەرزدە باشقىچىلا ئۆكۈپ، ھۆرپىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغدى.

— ھە مەن سېلىپ بەرگەن، ئوت سېلىپ بەرگەنگە موزاي ئۆلمەيدۇ.

— نېمە سېلىپ بەرگەن؟

راخماننىڭ گويا ساقچى قاتىلنىڭ مەخپىيىتىنى ئۇقۇۋېلىپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ كېلىۋاتقاندەك ھالىتىنى كۆرۈپ خەلچىخان ئۆگدىسىغا ئۈچۈپ كەتكىلى تاس قالدى، ئاۋازى چوكىيىپ، گەپلىرى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى تېزلىشىپ كەتتى:

— تولا دېۋەيلىمە ئادەمگە، ئۆزەڭ كۆردۈڭ، شالىلىقنى ئوتىغاندا ئېتىزلىقتا نېمە بولسا شۇنى ئالدۇق، مەنمۇ شۇنى سېلىپ بەردىم. قىزىق، پىزەك دېگەن موزاينىڭ تامىقى! پۇراپ، ئېچىپ قالغان ئاشنى ئۆزەڭ بېرىپ يەنە نېمە دەيسەن؟! يەنە ئۇراي دەمسەن ئادەمنى!

— ئوتنى ئاتاڭنىڭ بېشىدەك سېلىپ بەرگىچە ئازراق سېلىپ

بەرسەك بولمامدۇ؟! پىتلىرىڭنى ئوتقا قوشۇپ موزايغا يېگۈزۈۋەتتىڭمۇ يا زادى نېمە قىلدىڭ؟! — راخمان يەنە يېقىنلاپ كەلدى.

— پىتلىق دېگەن سەن، تولا ئېغىزىمنى ئاچما يوغانباش! ئاپاك بېقىنىڭلا دەپ بەرگەندە قوزىدەكلا بىشلەم نەرسە ئىدى. بېقىپ مۇشۇنچىلىك بولغىچە كۆيۈنۈپ ئوتنى جىق سېلىپ بېرىۋاتسام ھېچنېمە بولماي كېلىپ، بىر كۈن كەچتىلا ئوتنى ئانچىكىم جىق سېلىپ قويغانغا بىساتتا ئۆلۈپ قالمايدۇ! خۇدايىم، ھەي ئۇلۇغ خۇدايىم پولونى ئېچىپ قاپتۇ دېسەم ئۇنىماي ئۆزى بېرىپ، يەنە ھۆركىرەشكە يۈزى قانداق چىدايدىغاندۇ ماۋۇ سەت ساراڭنىڭ، ۋۇي يۈزىدە تۈكى بار سېرىق ئىت! كۆزۈمگە تولا كىرىۋالماي ماۋۇ ھارام نەرسەگنى نېمە قىلساڭ قىل... ئۆلسە سېنىڭ ئۆلۈپتۇ، ماڭا نېمىتى...

خەلچىخان ئېغىزىدىن شۇ گەپلەرنى تۈيمايلا چىقىرىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى. راخمان ئۇنى چېچىدىن قامالاپ سۈپىغا ئەكىلىپ باستى، خەلچىخاننىڭ ئاللا توۋىسىغا ئۇنىڭ بۇقا مۆرىگەندەك غەلىتە تەلۋە زۇۋانى قوشۇلۇپ كەتتى:

— ھۇ ئۆلۈكىنى سېتىپ يەيدىغان قانجۇق، ھۇ ئۆلمەيدىغان چوشقا، ما موزاي يالغۇز مېنىڭمۇ يا سېنىڭمۇ، ئوتنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى مەنلا كۆرسەم شۇنداق جىق تاشلاپ بېرىسەن، بىشلەم موزايغا جانغا چۇشلۇق ئوت تاشلىساڭ بولمامدۇ-ھە؟! يېرىم كېچىدە سىيىپ كىرگەننىڭ ئورنىدا بىر قاراپ قويساڭ يامان كېتەمدۇ-ھە؟! ئەمدى ھارام بولغاندا نېمە كۈن بۇ ماڭا!...

خەلچىخان يۇلقۇنۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— قارىدىم، سىلە ئۇخلاۋاتقان چاغدا قارىسام ساپساق تۇراتتى...

— يالغانچىلىقىڭنى ئاتاڭغا دەپ بەر، ئاناڭغا دەپ بەر،

سەندەك ئۇيقۇغا تويماس ھورۇن چوشقىنى ئېغىلغا سولىۋېتىمەن، سەنمۇ ئۆلسەڭ سېنىڭدىن بىراقلا قۇتۇلىمەن! قىزىم، ئامىنەم، مېڭىڭ، نېرى تۇرۇڭ، ئاپىڭىز دېگەن شۇۋىچىغا يېقىن كەلمەڭ!...

خەلچىخان راخماننىڭ قولىنى يۇزىگە تەگكۈزمەي، بېشىنىڭ ئۈستىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان قىزىغا قاراپ ئىچ-ئىچىدىن بىر خىل يىغا تۇتتى. ئەمما كۆزىدىن ياش چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئىچىدىكى قورقۇنچ ۋە ئازابنى غەزەپكە ئايلاندۇرۇۋەتتى:

— شۇۋىچى دېگەن سەن، ئىت پوقى يېگەن دەلتە، كاللىسى يوق مەتو، خۇدايىم سەندەك ساراڭغا ھېلىمۇ بېرىپتىكەن، ئەر كىشى بولساڭ بۇنداق قىلمايسەن ھەي، كاللىسىنىڭ سۈيى ئۆرلەپ كەتكەن قاسماق، تۆڭگۈزدەك پۇشۇلدىماي قوپ ئورنۇڭدىن، قولۇمنى قويۇۋەت دەيمەن!...

راخمان خەلچىخاننىڭ ئاغزىنى مۇتاپ، ئۇنىڭ قارىداپ چىڭقىلىپ كەتكەن زاڭقىغا تارشىدەك قاتتىق قولى بىلەن تەستەكتىن بىرنى قويۇپ يەنە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، قىزى كىشىنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئاۋازدا يىغلاپ كەتتى. راخمان تاقەت قىلغۇسىز بىر كۆچنىڭ تۈرتكىسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنى بەزلەشكە چۈشتى. خەلچىخان شۇ پۇرسەتتە ئورنىدىن قوپۇپ، راخماننى يەنە تىللاپ ئىچىنى بوشتىۋالدى ۋە غوتۇلداپ سۆزلىگەچ تالاغا ھاجەتكە ماڭدى.

راخمان قىزىنى يىغىدىن توختىتىپ موزاينىڭ يېنىغا كەلدى. ئەتىۋارلاپ باققان موزاي مۇشۇنداق ئۆلۈپ، كۆزى ئوچۇقلا كەتسە-ھە! شۇنچە گۆش، ياغ بىكاردىنلا ھارام بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئۇ پەرىشان بولۇۋېتىپ خۇدانى ئېسىگە ئېلىپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. موزاينىڭ يەيدىغان رىسقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، زىيانغا چىدىدى؛ بىراق شۇنچە بېقىپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق رىسق- نېسىۋە ئالالمىغىنىغا يەنىلا قورسىقى كۆيتى.

ئۇ كۆڭلى غەش ھالدا موزاينىڭ ئەتراپىدا بىر دەم چۆرگىلەپ تۇرغاندىن كېيىن ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. قاسساپ ئىزدىگۇسى كەلمەي مەھەللە ئىچىدىن سوراپ يۈرۈپ بىر پىچاق تېپىپ كەلدى ۋە كەچكىچە موزاي سويۇش بىلەن ھەپىلەشتى، پىچاقنى قولىغا نەچچە سۇرىۋالدى. كۆپ قىينالدى، تېرىسىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان ئاپئاق ياغلار كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، قان تولۇپ تۇرغان گۆشلەر ئىچىنى ئېچىشتۇرىۋەتتى. ئۆزىگە مىڭ قېتىملاپ ئۆكۈندى، كېچىدىكى غاپىللىقنى، ئۆزىنى قارا باستۇرغان شەيتاننى توختىماي تىللىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىرى موزاينىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ، قالغانلىرىنى تېمىنىڭ ئارقىسىدىكى تېرەكلىكتىن ئۆرەك كولاپ كۆمىۋەتتى.

## 9

سەھرانىڭ سەھىرى تولىمۇ گۈزەل، بۇ يەردە شاۋقۇن-سۈرەن، گۈدۈك سادالىرى ياكى ئاللىبىملەرنىڭ تاراق-تۇرۇق ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن كۆك ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، يېشىللىق ئارىسىغا سىڭىپ كېتىدۇ. دەرەخلەر قوپال، ئاددىي ئۆيلەرنى ھەممە ياقتىن چىرايلىق ئوراپ تۇرىدۇ. سەگەك قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىدۇ. جاندارلار كەڭ ئېتىزلاردا بەزمە قىلىشىدۇ. تاڭ پەردىسى مېۋىلىك باغلارنى جەننەت لىباسىغا ئورايدۇ. شەبنەملەر ياپراقلاردا تەۋرىنىپ، جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. خورازلار چىللىشى بىلەن مۆگدەۋاتقان مۈشۈكلەر كۆزىنى ئاستا ئېچىپ ھويلا-ئارام ۋە باغ-ۋارانلاردا تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ. توخۇلار قونداقتىن چۈشۈشكە، ئادەملەر ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھەر جان ئۆز مۇھتاجلىقى ئۈچۈن يېڭى بىر مۇھىتقا سىلجىيدۇ.

راخمان قىزنى قۇچاقلاپ لايدەك ياتقان خەلچىخاننىڭ بېشىدىن تۇرتۇپ ئويغاتتى. خەلچىخان چۆچۈپ ئويغاندى ۋە ئېچىدە راخماننى يەنە بىر قېتىم تىللاپ بولدى. كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خىيال سۈردى.

راخمان ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى. قىزىنىڭ قاشتېشىدەك ئاق، سۈزۈك مەڭزىنى تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان سۈبھى شولىسى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى، قىزىنىڭ ئەگىم قېشى، ئۈستىگە قايرىلىپ، جۈپلىشىپ، كىرىشىپ، قاراقلىرىغا ئەگىشىپ بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرىنىپ تۇرغان كىرپىكلىرى، گويا تاڭدا ئېچىلغان غۇنچىنىڭ بەرگى نەملىككە تويۇنۇپ ھىلپىرلەپ كەتكەندەك ھىمىرىلىپ تۇرغان نېپىز لېۋى ئاجايىپ تەڭداشسىز بىر گۈزەللىكنى نامايان قىلاتتى. قىش كۈنلىرى تۇغ بېشىدا سۇنىڭ پەسكە تامچىلاۋاتقان ھالىتىدە توڭلاپ قالدىغان مۇز چوكىسى سىياقىدىكى سۈزۈك ھەم پارقىراق بۇرنى ئۇنىڭ تۇخۇم شەكلىدىكى چىرايلىق يۈزىگە ئىۋەنسىز ماسلاشقان بولۇپ، چوڭ بولسا ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ساھىبجامالىقىدىن ئۈنسىز بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. بۇرنىنىڭ پەررەكلىرى نەپەس رېتىمىغا ئەگىشىپ بىر تارىيىپ، بىر كېڭىيەتتى، بۇدرۇققىنە قولىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغانىدى.

راخمان ھەممىنى ئۇنتۇپ بىر دەم قاراپ تۇردى ۋە خەلچىخاننىڭ بىلىكىدىن تۇرتۇپ:

— قاراڭلا ما بالىغا، تېخى تۈنۈگۈن توپا تەرەت ئويناۋاتاتتى، ئەمدى بۈگۈن ئەتىگەندە يۈزى يەنە بوۋاق بالىنىڭكىدەك پاكىزە بولۇپ قاپتۇ يا؟ ئاخشام سىلە يۈزىنى يۇيۇپ قويمىغانسىلە؟! — دېدى.

— تۈنۈگۈن كەچكىچە تاياق يەپ كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىسا، ئۇنىڭغا نەدىكى چولا، — دېدى خەلچىخان، — كىچىك بالىنىڭ

يۈزىنى كېچىسى شەيتان يالاپ قويىمىش، بۇنىڭ يۈزى مەنلا كۆرسەم شۇنداق پاكىز، سىلە بىلەن بىزلا قاسماق بولۇپ قالدۇق، شۇ تۇرقىدا ھېچكىم بۇ بالىنى راخمىناخۇنىنىڭ يا خەلچىخاننىڭ بالىسى دېمەيدۇ.

— سىلىنى دېمىگەن بىلەن مېنى دەيدۇ. قىزىمغا مەن جامائەتنى چاقىرىپ، ئەل قاتارى ئات چېيى بېرىپ، ئەزان چىللاپ ئات قويغان.

— ۋاي يوغان ئىش قىپتىكەنلا غوجام، ئەمىسە بۇ تام تۆشۈكىدىن چۈشۈپ قالغان بالىكەن-دە! چوكچىلىقنى ئاز قىلىڭلا، بۇ گەپنى دېمىگەن ئەمدى سىلە قالدىڭلا قوۋۇرغامنى ئېگىپ...

— قوۋۇرغاڭلىنى ئېگىپ باقايمۇ...

راخماننىڭ چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە تەپتى، زەپىرەڭ يۈزى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ھاياجاندىن قىزىرىپ، مەڭزى لىپىلداپ كەتتى، خەلچىخان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ھودۇقۇپ ئۆزىنى ئوكشاپ بولغىچە راخماننىڭ كولاپ تاشلانغان ئۆرۈك كۆتىكىدەك تېنى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجاندىن راخماننىڭ ئېغىزى كېرىلىپ، رەتسىز سېرىق چىشى قىزىل چىش مىلىكى بىلەن قوشۇلۇپ چىقىپ قالدى. راخمان گەپ قىلماقچى بولۇپ گېپىنى تاپالمىدى. بۇنداق چاغدا گەپ قىلىشمۇ ئۇنىڭغا خۇشياقمايتتى. ئۇ ئۇلغىيىۋاتقان ھېسسىياتىنى ھەقىقەتەن باسالماي قالدى، شۆلگەيلىرى جاۋغىيىدىن بىئىختىيار ئېقىپ چۈشتى. خەلچىخان بەلدەم-بەلدەم كىر باغلاپ كەتكەن بويىنىغا چۈشۈۋاتقان ئىسسىق سويۇقلۇقتىن يىرگەنگۈسى كەلسىمۇ، ئەمما دائىم شۇنداق بولغاچقا ئامالسىز ئىدى. راخمان تۈنۈگۈن دەل مۇشۇ ھالەتتە ئۇنى تاياقتا باسۇرغان، بۈگۈنمۇ ئۇ خەلچىخاننىڭ مەيلىگە باقمايلا ئىش باشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزى بىلەنلا كارى بولۇپ، خەلچىخاننى نېمىلا قىلسا بولىدىغان ھايۋاندەك كۆرۈۋاتىدۇ، بۇنىڭغا ئۇ يەنە تاقەت قىلىپ جىم

تۇرۇپ بەرسۇنمۇ؟ خەلچىخان ئىككى يانغا تولغىنىپ ئىڭراپ كەتتى:
— قوپە ھەي ساراڭ، بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ، ئادەمنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ سەن. چۈش دەيمەن! تاڭ ئاتقاندا كىم مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدۇ، تەرەت ئېلىپ مەسچىتكە چىقساڭ بولمامدۇ، ساۋاپ ئەمەسمۇ!

خەلچىخان سىيرىلىپ كېتىۋاتقان كالتە ئىشتىنىنى يۇقىرىغا چىڭ تارتىپ راخماننى ئۈستىدىن ئۆرۈمەكچى بولۇپ، جان-جەھلى بىلەن تىركەشتى. راخمان ئۇنىڭ بايىقى سۆزىدىن سەل ئېسىگە كېلىپ بىر پەس شوك تۇرۇپ قالدى، ئۆرلەۋاتقان ھېسسىياتى قايناۋاتقان قازانغا بىر نوگاي سۇ قويۇۋەتكەندەك پەسلەپ قالدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان خەلچىخان بار كۈچىنى يىغىپ ئۇنى بىر تۈرتۈپ ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى.

راخمان تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ، ئىشتان بېغىنى چىگىتىپ، يىرتىق يەكتىكىنىڭ ئۈستىگە كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن شەمبىزە چاپىنىنى ئارتىپ ئېتىزلىققا ماڭغىلى تەمشەلدى. خەلچىخان ئالدىراپ سورىدى:
— نەگە ماڭدىڭلا؟
— ئاپپاق خوجامنىڭ ئۇمىچى بار يەرگە!
— تولا دوق قىلماڭلا ئادەمگە، قورساقتا يېگۈدەك نەرسىنى تېپىپ قويدۇم، ئانام قوناق ناندىن ئىككىنى بەرگەنتى ئاخشام، بىر ناننى يېرىمدىن يەپ مېڭىپ تۇرۇڭلا ئەمدى، سىلە كەلگۈچە ئاشمۇ پىشىپ قالار.
— ئاپامنىڭ يېنىغا كۈندە دوقۇسلاپ بېرىۋالدىڭكەنسىلە، ئۇلارمۇ گېلىغا نان يېمەمدۇ؟ ئېتىزلىققا چىقمامدۇ؟! جېنىمىزنى باقالمىغاندەك ئۇ يەرگە بېرىۋالماڭلا ئەمدى!
— بەرگەنگە خوش بولۇپ يېسىلە غوجام، بىزمۇ ئىشلەۋاتىمىز ئۆزىمىزگە چۈشلۈق...

راخمان خەلچىخان ئېلىپ چىققان يېرىم ناننى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئۇۋاقلىرىنى بىر تالمۇ چۇشۇرۇپ قويماي، كالىدەك لومشىتىپ يېگىلى تۇردى. نان قورساقنىڭ ئاچقان يېرىگە بارغاندا ئۇ خەلچىخاندىن قەۋەت خۇرسەن بولدى، ئەمما بۇنى بىلىندۇرۇپ قويغۇسى كەلمىدى.

— شاللىقتا بىرىپ كېلەي، — دېدى ئۇ ئېغىزىنىڭ چۆرىسىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى سىرىپ گېلىغا ئىتتىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — سىلە ئاشنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن بىكار يۈرمەي سەيلىكنى ئوتاڭلا، موزاينى ئېڭىزلىقتا ئەچىقىپ باغلاپ قويۇڭلا، ئوت سېلىپ بەرگۈچە ئاچ قالمىسۇن...

— قايسى موزاينى!؟ — خەلچىخان ئىچىدىكى ئاچچىق مەسخىرىنى دەمال قانداق چىقىرىشنى بىلمەي كۆچەپ تۇۋلاپ كەتتى، — ئېسىڭلىنى جىن ئەپقاچتىمۇ، كالىلاڭلىغا جىن تەپتىمۇ؟! كۆزۈڭلىگە بىرەر جىن موزاي بولۇپ كۆرۈنۈۋاتامدۇ- يا!

راخمان تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ، خەلچىخانغا ناتونۇش بىرىگە قارىغاندەك چەكچىيىپ قارىدى، ئارقىدىن گەردىنىنى قاشلاپ، كەتمەننى دولىسىغا سالغىنىچە شاللىققا يۈرۈپ كەتتى.

تۇتاش كەتكەن شاللىقتىكى يېشىل مايسىلار سەھەردىكى ئىللىق ياز شامىلىغا ئەگىشىپ تەۋرىنەتتى. سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان ھالقىسىمان دولقۇنلار تەرەپ-تەرەپكە يېيىلاتتى.

راخمان ھەممە شاللىقتا سۈپسۈزۈك سۇلار چايقىلىپ تۇرۇۋقلۇق، ئۆزىنىڭ شاللىقىدا بىر تېمىممۇ سۇ يوقلۇقىغا ھەيران بولۇپ، ئېتىزلىقنى جىددىيلىك ئىچىدە پىقىراپ بىر ئايلىنىۋەتتى. ئادەتتە بىر قېتىم تولدۇرۇپ سۇ قويسا بەش-ئالتە كۈن سىڭمەي تۇرىدىغان ئېتىزلىقتا تېخى ئۈلۈشكۈن قويغان سۇ تۇرمىسا بۇ قانداق بولغىنى؟ ئاق ئوغۇتنىڭ سۇ سىڭدۈرۈۋېتىدىغان كۈچى بارمۇ- يا؟ ھەر قانچە بولسىمۇ ئىزناسى كۆرۈنگىدەك سۇ قالار ئىدى. ھەتتا پۇتنىڭ

كەچكەن ئىزىدىمۇ بىر تامچە سۇ يوق! مايسا بۇرۇنقىدەكلا تۇرىدۇ، نەملىكى يوقالماپتۇ، پىچاق بىسىدەك تىككىدە تۇرىدۇ، قارىغاندا ئۇغۇت بەرىكەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، ئەمدى سۇ ئىچىش كېرەك...

راخمان كۆپ يول مېڭىپ جىق جاپا تارتىپ سۇ باشلاپ كەلدى ۋە ئۇنى شاللىققا باشلاپ قويۇپ، كۈن بېشىنى قىزدۇرۇپ ئاچلىقتىن ئايلاندۇرۇۋاتقان هالەتتىمۇ، شىبلىنىڭ سۇ ئىچىشىنى بىر دەم كۆزىتىپ، سۇ ئىزىغا چىققاندا ئاندىن ئۆيىگە قايتتى.

خەلچىخان راخماننىڭ هېچ ئىش بولمىغاندەك دەۋاتقان گېپىگە بەكلا دىققەت قىلدى، چىرايى بىر نەرسىنى پەم قىلغاندەك تۇرۇلۇپ، راخمان ئېشىنى ئىچىشكە باشلىغاندا شاللىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىلى ماڭدى، بىر دەمدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ راخمانغا:

— بۇنى بىرەر كىم قېيىشىپ قىلغان گەپ، بولمىسا شۇنچە لىق سۇ ئېتىزلىقتا تۇرماي نەگە بارىدۇ؟ — دېدى.

— كىم ئىچىۋالىدۇ، تىرگەندەك بىرەر كەتمەن ئىزىمۇ بولمىسا، — دېدى راخمان خاتىرجەم هالدا، — بۇ چوقۇم ئاشۇ ئۇغۇتنىڭ كۈچى.

— سىلە كۆرمىدىڭلىمۇ، مولمىناخۇننىڭ بىزنىڭ ئېتىز تەرەپتىكى قىرىنىڭ تۆۋەنىدە بىر سۇ يالاپ كەتكەن يەر تۇرىدۇ، مېنىڭ گۇمانىم هازىر شۇ خەقتە قالدى، — دېدى خەلچىخان.

— خەققە قالايمىقان گۇمان ئاتماڭلا، — دېدى راخمان، — ئۇنداق يەر دېگەن بولىدۇ، بەزىدە يامغۇر كۆپ يېغىپ، يا شاللىقتىكى سۇ تېشىپ كېتىپ...

— بولسا ھەممە يەردە بولامتى، كۆزى بار ئادەم ئۇ يەردىن سۇ قويۇلغانلىقىنى تەكشۈرۈپلا بىلىۋالالايدۇ، ئېچىنقىنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرسا...

— ئەمىسە ئۇغۇتنىڭ كۈچى نەگە كېتىدۇ؟! — دېدى راخمان چېچىلىپ، — سىلە خۇدامۇ، ئەۋلىيامۇ، كۆز كۆرمىگەننى

بىلەلەيدىغان، قايسى شەيتان سىلىگە خەققە تۆھمەت چاپلا دەپ ئۆگەتتى؟!

ھە ماقۇل غوجام، سىلىگە گەپ قىلمىساملا بولىدىغۇ زادى، مولمىناخۇنىنىڭ ئېچىپ قالغان ئېشىنى يەپ تېخىمۇ زاغۇنىباش بوپسىلە... — خەلچىخان ئىچىدىكى تېرىكىشنى غوتۇلداش بىلەن بېسىقتۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

# 10

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ھەممە ياق ئۇتتەك يېلىنجاپ كەتتى، زېمىن ۋە ئاسماندىن تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ھارارەت ئۇچار قۇش، جان-جانىۋارلارنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ، دېمىنى سىقاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەھەللىنىڭ ئازادە، خىلۋەت قوينىدا كىملەرنىڭدۇ خامان ھەيدەۋېتىپ ئاپتاپ چىللاپ لاي-لاي توۋلىشى، تراكتورلارنىڭ پاتىلدىشى، شامالنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ دەرەخ ياپراقلىرىنى شىۋىرلىتىپ، قوناق شاخلىرىنى شالدىرلىتىشى، ئورمىچىلارنىڭ ئېتىزلىقتىكى قىزغىن پاراڭلىرى ۋە بۇغدايلارنىڭ شارتىلدىتىپ ئورۇلغان، يىقىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۆنچە بېسىلغان ھارۋىنى ئوي-دۆڭ، ئەگرى-بۈگرى يوللاردا ئاۋايلاپ ھەيدىشى، ياكى ئېھتىياتسىزلىقتىن بىرەر كاتاڭغا تىقىلىپ قالغان ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىپ، قوپمىغان ئېشەكلىرىنى ياكى كالىلىرىنى زىقلىشى، كىملەرنىڭدۇ دەرەخ سايىسىگە كىرىۋېلىپ چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشى، بالىلارنىڭ ئىسسىققا پايلىماي ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئېتىپ، گۈلدۈر-شالاپ قىلىپ سۇ ئۈزۈشى ياكى قىرغاقتا چىقىپ توپىدا ئېشەكتەك ئېغىناپ يېتىشلىرى، قايسىبىر ئايالنىڭ سۆگەتلىكتە تالدىن سەگەنچۈك ياساپ بوۋىقىنىڭ يۈزىدىكى چىۋىنىنى قورۇپ پەس

ئاۋازدا ئەللەي ئۇقۇپ ئۇنى تەۋرىتىشى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مەھەللىدىكى ھەممە جان بۇنداق ۋاقىتتا ئەڭ قاتتىق جايا بىلەن ئېلىشاتتى، شۇنداقلا تىرىكتاپلار ھېس قىلالمايدىغان راھەتلەرنىمۇ كۆرەتتى.

راخمان بەش مو يېرىدىكى بۇغدىيىنى ئورۇپ، خامانغا تاشلاپ يۇمشىتىۋاتقىلى مانا ئىككى كۈندەك بولدى، ھەر كۈنى تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن بىر غۇنچىنىنى يېتىلەپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ تولۇققا قېتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن كالا ئىزدەيدۇ. ئىزدەپ تاپقان كالىنىڭ ئىگىسى بۇنىڭ ئۈچۈن راخماننى بىرەر يېرىم كۈن ئۆزىگە خۇددى مۇشۇ كالىدەك لاپقۇتلىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. راخمان ئادىتى بويىچە ماقۇل دەپ ھىجىيىپ قولىنى قوشتۇرۇپ بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، كالىنى يېتىلەپ تولۇققا قېتىپ خامانغا گۈلدۈرلىتىپ ھەيدەپ كېلىدۇ؛ كالىنىڭ ئېغىزىنى تال بىلەن مەھكەم بوغۇپ، ئۇزۇن تاياقنى ئېلىپ ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ ئۆنچىلەرنى ئۆرۈپ-چۆرىگەچ خامان ھەيدەيدۇ، بىر دەمدىن كېيىن خەلچىخان بىر كورا سويۇقئاش كۆتۈرۈپ قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ پايپاسلاپ يېتىپ كېلىدۇ. تاياقنى قولىغا ئۆزى ئېلىپ كۈننىڭ باشنى قايدۇرۇشىغا، تولۇقنىڭ ئارقىسىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئاچچىق چاڭ-توزانلارغا پەرۋا قىلماي خامان ھەيدەيدۇ، گاھىدا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئاندا-ساندا لاي-لاي ئېيتىدۇ، تولۇق ئاستا غىچىرلايدۇ، ئۆنچە پاراسلايدۇ. مانا شۇ ھالەتتە ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دانلار باشاقتىن چۈشۈپ بولغان بولسىمۇ ئۆنچە يۇمشاپ سامان بولۇشتىن خېلى يىراق ئىدى.

غۇنچىنىنى راخماننىڭ ئۆيىدىكىلەر بىزمۇ خامان تېپىمىز دېيىشىپ ئېلىپ كەتتى. راخمان باشقا ئۆيدىن كالا ئىزدىسە ئۇنىڭ ھەققىنى يەنە تۆلىمىسە بولمايدۇ. تراكتوردا تەپسە سائىتىگە ئون

كوي، ئۇنى خامانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا خەققە يالۋۇرمىسا، پۇلنى نەق سانىمىسا ياكى ئىشلەپ بەرمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، راخمانىنىڭ بۇغدىيى باشقا بۇغدايلارغا ئوخشىمايدۇ، غولى توم، بېشى كىچىك، قىلتىرىقى ئۇزۇن، تەپسە پات يۇمشىمايدىغان سورتى ناچار بۇغداي، تراكتوردا بىر ئىككى سائەت سالدۇرغان بىلەن ئۇنىڭ يۇمشاپ كېتىشىمۇ بىر گەپ، ئاپتاپ چىقىپ بەرمىسە تېخى بولمايدۇ...

راخمانىنىڭ بېشى قاتتى. ئارىنىڭ ئىلىكىنى ئوڭلاۋېتىپ، ئۆنچە ئۈستىگە چۈشۈپ قالغان كالا پوقىنى ئادالاش بىلەن بەنت بولۇۋاتقان خەلچىخانغا ئۆزىچە تېرىكىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئاھاي، بولدى قىلىڭلا كەچكىچە تىيەسلىمەي، ئىت پوقى ئەمەس ئۇ، خوتۇن خەق دېگەننىزە، ما خامانى قانداق يۇمشىتىمىز، ما گەپنى قىلىڭلا ئالدى بىلەن...

— قانداق قىلاتتۇق، — دېدى خەلچىخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بويۇنتۇرۇقنىڭ ئا بېشىدىن مەن، ما بېشىدىن سىلە كىرىپ تولۇقنى تارتىلى، ئامىنىخان قولىغا تاياقنى ئېلىپ بىزنى ھەيدىسۇن شۇ، بۇندىن باشقا نېمە چارە!

— بۇ جان ھايۋاننىڭ جېنى ئەمەس خەلچىخان، خەق كۆرسە نېمە دەيدۇ؟

— دەپ قويسا تېخى، كاللاڭلا قېيىپتۇ جۇمۇ سىلىنىڭ!

— جان كۈچ كەلگەندە شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، ئاتاڭلا زامانىسىدىمۇ شۇنداق ئىشلار بوپتىكەن، باينىڭ قىزىمەن دەپ سايىگە كىرىۋېلىپ، چوشقىدەك ئۇخلاپ، ماڭا ئەسقاتمىساڭلار بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلا پايخىنىڭلىنى چىقىۋېتىپ كۆتەر كەشىڭنى دەيمەن...

— ئوھوش، كاللىسىدا يەنە ئۇماچ قاينىغلى تۇردى ما سەت بىر نېمىنىڭ، كىم ساڭا مەن باينىڭ قىزىمەن دەپ بېقىپتۇ، زامان

ئۆزگەرمىگەن بولسا، ساڭا تەگكىچە ئۆلۈۋالاتتىم، خۇدانىڭ تەقدىرىنى بىر كۆرمەكلىك بار، كۆرىمىز تېخى جاھان نەدىن نەگىچە، ئالدىراپ كەتمە، ئۇنچە ئالدىراپ كەتمە سەن! موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە...

ئاچچىقلىنىپ سۆزلەۋاتقان خەلچىخاننىڭ تۇرۇپلا كۆڭلى بۇزۇلدى، بوغۇزى قىسىلىپ، كارنىيىغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. شۇ ئارىدا ھاۋا ئۇشتۇمتۇت تۇتۇلۇپ، پارقىراپ تۇرغان قۇياش بىردىنلا خىرەلىشىپ كەتتى. قاپقارا بۇلۇتلار شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ سوزۇلۇپ ئاسماننى قاپلاپ كەتتى. ھاۋانىڭ قورسىقى ئاغرىپ غولدۇرلاشقا، ئارقىدىن تامچىلاپ ياش تۆكۈشكە باشلىدى.

ئەندىكىپ كەتكەن راخمان خەلچىخاننىڭ قولىدىكى سۈپۈرگىنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئېڭىشتى، ھەر ئىككىسى بايىقى رەنجىشنى بىر دەمدە ئۇنتۇپ چەمبەر شەكىللىك ئاياقنى ئايلىنىپ ئىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. راخمان چېچىلىپ كۆرۈنۈپ قالغان بۇغداي دانلىرىنى پاخال ئارىسىغا جان-جەھلى بىلەن تۇرتەتتى، ئىتتىرەتتى؛ خەلچىخانمۇ قاراپ تۇرماي يالىڭاچ پۇتى بىلەن ئالىقانچىلىك يەردىكى تىغ بۇغدايلارنىمۇ سىيرىپ پاخالغا قوشاتتى. يامغۇر قاتتىق يېغىشقا باشلىدى. راخمان سۈپۈرگىنى تاشلاپ ئۇھ تارتىپ بېلىنى رۇسلىدى. ئۆزگە يەنىلا كۆيۈمچانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان خەلچىخاننى ۋە ئاسمانغا قاراپ يامغۇرغا يۈزىنى تۇتۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قىزىنى كۆرۈپ، ئىللىق ئۆيىنى سېغىندى.

## 11

يامغۇردىن كېيىن قۇياش يەنە پارقىراپ چىقتى. يۇيۇلغان يوپۇرماقلار ئوت-چۆپلەر مەرۋايىتتەك تامچىلارغا تولۇپ، ئەتراپقا شولا

چاچتى. ئۆرۈكلەرنىڭ مايلىق غازاڭلىرى كۆك پىتلاردىن ئادا بولۇپ بۆلەكچە يالتىراپ كەتتى.

خەلچىخان راخمانىنىڭ چۆپ-چۆپ بولۇپ كەتكەن ئاق ماتا يەكتىكىنى قۇرۇتۇپ ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى. قىزى بىلەن ئوچاقنىڭ يېنىدا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلگىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان راخمان ئىسسىق كۆڭلەكنى كىيىپ ئاجايىپ راھەتلەندى.

— قوپۇڭلا ئەمدى ئوچاق ئالدىنى ماڭا قويۇپ، — دېدى خەلچىخان قىزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن تارتىۋېلىپ، — خامانغا بېرىپ بېقىڭلا، سۆپۈرگىنى بىرەرى كۆتۈرۈپ ماڭمىسۇن يەنە.

— ئاھاي قويۇڭلا، — راخمان چاترىقىغا بېشىنى ساڭگىلاتتى، — خامانىمۇ ئەمدى ھەيدەپ بولدۇق، سامان قىلمىز دەپ يۈرگۈچە مۆڭگەن قىلساقمۇ بوپتىكەن. ھەلەپ يەيدىغان موزاي ئۆلدى، ئەمدى سامانىنىڭ نېمە ئىشى، خامان قۇرۇماي تۇرۇپ سۆپۈرگىنىڭ نېمە ئىشى.

— مەن سىلىگە قاراپ بېقىڭلا دېدىم، قارىمىساڭلا ئولتۇرۇڭلا ئەمىسە!

— باشقا خەقنىڭ ھەر ئىسىل سۆپۈرگىلىرى تۇرسا بىزنىڭ ئۇ كۆتمەك سۆپۈرگىگە كىم كۆز قىرىنى سالىدۇ، قويۇڭلا...

— ئوتنىڭ قوگىدىن قوپماي يوق گەپنى قىلىۋېرىدىكەن، ئىشەك قۇلاق ئادەمگىمۇ گەپ ئۆتمەيدۇ زادى...

— ئاپتاپ سەل بىر چىقسۇن، پاخال قۇرۇغاندا سىلكىپ ئېلىۋەتسەم ئىش تۈگەيدۇ. تېگىدە قالغان تىغ بۇغدايىنى بىر-ئىككى كۈن قۇرۇتمىساق بۆلە قىلىپ سورۇغىلى بولمايدۇ. مەندىن سوراڭلا ئىشنىڭ يولىنى، سىلە ئاشۇ سۆپۈرگىدىن، تاختا-نوغۇچتىن باشقىنى ئۇقمايسىلە، كوتۇلداشنىلا بىلىسىلە، ئىشەك قۇلاقمىكەن، يا تەخەي قۇلاقمىكەن كۆرستىپ قويىمەن ھېلى...

— ئوھوش ئاغزىمغا چىقتى، ساقلىمغا ياماشتى دەپ

بىسمىللا دېمەي يەنە ئۆڭگىلى قوپتى ما نېمە، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا چىدىماي مۇشت كۆتۈرىسىلە ھېلى، بىلمەيدىغان راخمىناخۇن ئەمەس سىلە...

— چىدىلىڭلا مەن بىلەنلا قالدىغۇ، بارسام بېرىپ كېلەي، بىر دەم ما قىزىم بىلەن ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇرارمەن دېسەم...

— كېلىپ ئىسسىنىڭلا، ئاڭغىچە ئاشمۇ پىشىپ قالىدۇ.

راخمان ئارىنى ئېلىپ ھويلىسىدىكى يازلىق ئالمىدىن بىر نەچچە تال چۇشۇرۇپ قىزىغا ھەم خەلچىخانغا بىر نەچچە تال بېرىپ قالغىنىنى يانچۇقىغا تىقىپ يىگەچ خامانغا يول ئالدى.

ئىشىكىنىڭ تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان بىر نەچچە كىشى ئالدىغا سەل دۈمچىيىپ، ئالمىنى ھوزۇر قىلىپ چايناپ، ئارىنى قولتۇقلاپ سوكۇلداپ كېتىۋاتقان راخماننى كۆرۈپ:” راخمانجان، ئاپتاپتەك ئېچىلىپ قاپسىلىغۇ“ دەپ ئاغزىنى چاكىلداتتى. راخمان كەم ئاڭلايدىغان بۇ يېقىملىق چاقىرىشتىن كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپ، ئۇلار بىلەن خۇش خۇي سالاملاشتى. يانچۇقىدىكى تاتلىق ئالمىلاردىن چىقىرىپ ئۇلارغا سۇندى. ئۇلار راخمان كەتكەندە ئۇنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىشىپ، مازاقلىشىپ كۆڭلىدە ئۆز ھالىدىن خۇرسەن بولۇشۇپ قالدى.

راخمان ئىچى ئازادە ھالدا ئالمىنىڭ تاتلىقى قالغان لېۋىنى يالاپ، شۆلگىيىنى يۇتۇپ خامانغا يېتىپ كەلدى. نەملىشىپ كەتكەن پاخالنى قولىغا ئېلىپ ئىچى سىقىلدى. بۇغداي بۇ ئىسسىقتا نەم پاخالنىڭ ئاستىدا تۇرىۋەرسە سۈپىتى ئۆزگىرىپ ساڭغا ئۆتكۈزگىلى بولماي قالىدۇ، دەپ ئويلىدى؛ كاللىسىنى يەنە بىر-بىرىدىن ئەندىشىلىك ئوي-خىياللار چۇلغىۋالدى. ئورنىدىن چاپسان تۇرۇپ ئاياقنى بىر چۆرگىلەپ ئايلىنىۋەتتى. ئويلىنا-ئويلىنا ئاخىر خاماننى قۇرۇتۇپ تېپىمەن دەپ بۇغدايدىن زىيان تارتقۇچە مۆڭگەن قىلىپلا پاخالنى ئارىداپ ئۇنى تىغ بۇغدايدىن ئايرىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى.

بۇغدايىنى تاغارغا ساق-سالامەت ئېلىۋالغاندىن كېيىن پاخالنى قۇرۇتۇپ ئايرىم يۇمشىتىۋالسىمۇ، شۇ پېتى ئۇلاغقا بەرسىمۇ ياكى ساتسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

راخمان شۇ ئوي بىلەن كۆچكە تولۇپ پاخالنى ئارىداشقا چۈشتى. پاخالنى ئاز-ئازدىن ئېلىپ ياكى بىر تال بۇغداي ئۇنىڭ ئارىسىدا قالمىغۇچە كەيىنى-كەينىدىن سىلكىدى، ھۆل بولۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن پاخالنى داندىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ئالدىرىماي ئارا چوقۇپ، كۆچەپ سىلكىپ دەم ئالماي ئىشلىدى، يامغۇردا قالغاندەك چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمدى. قارا تەرلەر پېشانىسىدىن ئېگەكلىرىدىكى قىزغۇچ ساقىلىغا، سويۇق قېشىنىڭ ئاستىدىكى ئورا كۆزىگە ئېقىپ چۈشۈپ ئۇنى تولىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى.

ناماز شامغا يېقىن ئۇ پاخالنى ئىلىكىدەپ بولۇپ دۆۋىلەنگەن پاخالغا دەرماندىن كېتىپ يېقىلدى. بىر دەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ كەچكى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا يالتىراپ، شامالداپ تۇرغان سامان ئارىلاش بۇغدايلارغا قاراپ كۆڭلى تىندى. بىر يىللىق ئەجرىم ھەر ھالدا بىكارغا كەتمەپتۇ، بەش مو يەردىن ئەللىك چارەك بۇغداي ئېلىشىمدا گەپ يوق دەپ ئويلاپ ئۆز-ئۆزىدىن سۆيۈندى. ئورنىدىن تۇرۇپ بۇغدايلىرىغا بىر پەس قاراپ تۇردى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، مول-ھوسۇل، باج، ئوزۇق-تۈلۈك، تەئەللۇقات توغرىسىدا ھەر خىل خىياللارنى قىلغاچ ئۆيىگە ماڭدى.

خەلچىخان ئۇنىڭغا ئاش ئۇسۇپ ئېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئاش ئىچىۋېتىپ قىزىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ خەلچىخاندىن سورىدى.

— ئېشىنى ئىچىپ بولۇپلا ئوينايمەن دەپ پالاقشىپ كېتىپ باراتتى،— دېدى خەلچىخان ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە،— ھېلىغىچە كېلىپ قالار.

— كۆنمۇ ئولتۇرۇپ بولدى، شۇ ۋاققىچە بالا بىلەن كارىڭلا

يوق يۇرەمسلە؟!

— ۋاي مەنمۇ تېخى قاچا يۇيۇپ ئەمدى بىكار بولدۇم، موزاي بولمىسا ئۇ باغلاپ قويسا تۇرىدىغان.

— موزاينىڭ گېپىنى قىلماڭلا خۇدالىق ئۈچۈن، بالا قېنى دەيمەن زادى!

— ۋاي مەشەدە بار، بولماي نەگە بارىدۇ، دېۋەيلىمەي تۇرۇڭلا ئادەمگە، ئىزدەپ باقاي...

خەلچىخان راخماننىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ قازاننى تاشلاپ قولىنى يۇمايلا تالاغا ئۆزىنى ئاتتى. راخمانمۇ ئىشىنى قويۇپ خەلچىخاننىڭ ئارقىسىدىن قىزىنى ئىزدەپ ماڭدى.

خەلچىخان" ئامىنەم، ئامىنەم! " دەپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ راخماننىڭ يۈرىكىنى پۇلاڭلىتىۋەتتى. راخمان ئۆپچۆرىسىگە سىنچىلاپ قاراپ، ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى ۋە تېمىنىڭ قېشىدىكى ئوبدان كۆكلىگەن كېۋەزلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە تۇپ مايسىنىڭ باشقىچىلا تەۋرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دىققىتى شۇ ياققا ئاغدى، ئالدىراپ باردى ۋە كۆز ئالدىدىكى ئىشەنگۈسىز بىر ھالەتتىن داڭقېتىپ قالدى، بېشى پىقىراپ ئايلانغاندەك بولدى، ئېڭىشىپ قايتا قارىدى، كۆرگىنى يەنىلا بايىقىدەك مەنزىرە: قىزى يەردە ئوگدىسىغا ياتقان بولۇپ، ئۈستىگە روزى چىقىۋېلىپ ئۇنىڭ ئاپتاپتەك يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ، ئىنتايىن پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ گۇدۇڭۇرلايتتى، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈزى قىزىرىپ، كۆزلىرى بىر قىسمىلا بولۇپ يالتىراپ كەتكەندى. راخمان غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي روزىنىڭ گەجگىسىدىن ئاسلاننى كۆتۈرگەندەك يۇلۇپ ئالدى. روزى قاتتىق چۆچۈپ ئاپئاق ئاقاردى، ئاندىن يۈزى كۆكىرىپ تىلىقىپ يىغلاپ كەتتى.

— ھۇ پوقتىن بەنا بولغان ئىتنىڭ كۈچۈكى، قىزىمغا نېمىشقا

چىقىلىسەن؟! ئۇنى نىمىشقا بوزەك قىلىسەن؟!— راخمان ئۇنى سىلكىشلەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

روزى بىر هازا يىغلاپ ئاندىن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— ئا...ئاكام مېنى قىل دېسە،— دېدى ۋە يەنە بار ئاۋازى بىلەن يىغلاپ كەتتى.

— ئاكاڭ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئا...كام ئى بايا با...تى، تاۋۇز يەپ ماڭا بە..مەي ئۆزى يېدى.

— ئاكاڭ ئامىنەمنى نېمە قىلدى؟!

روزى دەرھال يىغىدىن توختاپ پەسكە قاراپ ئۈمچەيدى. راخمان ئۇنىڭ قولىقىدىن سوزۇپ دېيىشكە قىستىدى. روزى ئاغرىققا چىدىماي يەنە يىغلاپ كەتتى. راخمان ئۇنى يىغىدىن توختىتىشقا كۆزى يەتمەي جىلە بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. روزى ئۇنىڭ بىخەستە تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ چاشقاندەك غىرتلا قىلىپ سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە جىنىنىڭ بارىچە"ئاتوي، ئاپوي" دەپ ۋارقىراپ يىغلاپ ئۆيگە چاپتى. راخمان سەل چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ غەزەپ ئاخىر كۆچلۈك كەلدى، قولىغا يوغان بىر چالمىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى ۋە تۇتۇق بەرمەي قېچىۋاتقان روزىنىڭ دۈمبىسىنى چەنلەپ ئاتتى. چالما ئۇتتۇر بېرىپ ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ ئۇشتۇلۇپ كەتتى. روزى جارقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆيگە قاراپ جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

## 12

— يىغاڭنى پەس قىل مۇناپىق، ئېيتە، سېنى كىم ئۇردى؟— روزى دادىسىنىڭ گېپىگە جاۋاپ بەرمەي يەنە يىغلاپ كەتتى.

— ئوبدان ساقام، دادىڭىز كەمپۈت ئېلىپ بەرسۇن، دەڭە سىزنى كىم ئۇردى؟— ئالتۇنخان ئۇنىڭ يۈزىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان يېشىنى ئېرتىپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

روزى ئۇنىنى پەسلىتىپ ئۆپكىدەپ تۇرۇپ، راخماننىڭ ئۇرغانلىقىنى دەپ بەردى.

— نەرىڭگە ئۇردى بالام؟— مولىمناخۇنمۇ ئالتۇنخاننى دوراپ ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشتى.

روزى دوقىنىسىنى كۆرسەتتى. ئالتۇنخان ئۇ يەرنى تۇتۇپ بېقىپلا چوغنى تۇتقاندەك ۋارقىراپ كەتتى:

— تۇخۇمدەكلا ئىششىپ چىقىپتۇغۇ؟ قاراڭلا ما دەلتىنىڭ قىلغان ئىشىنى!

مولىمناخۇن قايتىلاپ سورىدى:

— بېشىڭغا نېمە بىلەن ئۇردى؟

— چاما بىلەن.

مولىمناخۇن ئىششىپ چىققان يەرنى بېگىز بارمىقى بىلەن بېسىپ كۆرۈۋېدى، روزى يەرنى تېپىچەكلەپ يىغلاپ كەتتى.

— ساراڭ بولدۇڭلىمۇ؟!— ئالتۇنخان ئۇنىڭ قولىنى تارتقۇشلىدى،— دەلدۈگىنى دوراپ سىلىمۇ دەلدۈڭ بولاي دەمسىلە! ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىپتۇ دەپ ئۆتكەندە سىلە راخماننى ئەمەس، ئادەم كۆرۈپ رەھىم قىلغاننى بىلمەيدىغان بىر ساراڭقېتىش ھايۋاننى باشلاپ كەپتىكەنسىلە ئۆيگە، ئىتمۇ ئاش بەرگەن ئىگىسىنى تونۇيدۇ، بىزنىڭ قانجۇقمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق. ھەقىچان خەلچەكمۇ بولۇشۇپ بەرگەندۇ، ئىككى ساراڭ بىر بولسا ئالەمنى مالەم قىلىدۇ، مەن بېرىپ ئۆتكۈدەك بىر گەپ قىلىپ قويۇپ كېلەي، مۇشۇ ساراڭلارغىمۇ بوزەك بولۇپ ئۆتمىسىزمۇ بۇ جاھاندىن، ماڭە روزى!— ئالتۇنخان روزىنى يېتىلەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختاڭلا!— مولىمناخۇن ئورنىدىن قوپتى،— نېمىشقا

ئۇردى، ئۇقمايلا ماڭىۋېرەمسلە، قۇرۇق گەپ ئاقمايدۇ، خەلچىخان بىر سۆزلىگىلى تۇرسا ئۇنىڭ زۇۋانى قاتار تامغىچە بارىدۇ؛ ئۇ سارائ خوتۇنغا بولۇشۇپ سىلىمۇ سۆزلىگىلى تۇرساڭلا، ھالىمادىس بوغۇشۇپ قالساڭلا، ئۇ يەرگە يەنە مەن بارمىسام بولمايدۇ، مەن بارغاندىن كېيىن راخمان قوپىدۇ. ياۋاشىنىڭ مۆڭگۈزى ئىچىدە، بۇ ساراڭنىڭ قاراملىقىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە ئاش يېگەن بىلەن ئاچچىقى كەلسە ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ، كۆزىگە ھېچ نېمە كۆرۈنمەيدۇ. كۆزىنى قىزارتىپ، قوڭىنىڭ تېرىسىنى يۈزىگە چاپلاپلا كەتمەن كۆتۈرۈپ كەلسە، ھاي دەلدۈڭ، توختا دەپ بولغۇچە پوككىدە بىر ئىش چىقىپ قالسا ، كىچىككىنە ئىشنى دەپ چوڭ بالا-قازاغا ئۇچرايمىز، ما گېپىمنى ئاڭلاڭلا، ساراڭغا بىز تەڭ بولمايلى، كاللىنى يۇگۇرتۇپ، پەم ئىزدەپ، پۇرسەت تېپىپ خەققە تۇيدۇرمايلا يىقىتىدىغاننىڭ ئېپىنى قىلىلى...

ئالتۇنخان كەينىگە ياندى. مولىمناخۇننىڭ كۆزىدىن بىر خىل ئىشەنچ نۇرىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيۇپ، نېمە قىلساڭلا قىلىڭلا ئەمىسە دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭدى.

— ئالتۇنخان، — مولىمناخۇن بىر قاراغا كەلگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ، خوتۇنىغا كەسكىن بۇيرۇدى، — ئاۋۇ تۇراقنا دەڭلا، ھارۋىنى قاتسۇن.

ئالتۇنخان ئاۋازىنى سوزۇپ" تۇراقجان، تۇراقجان" دەپ بىر نەچچە قېتىم توۋلىدى. ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ خوراز بىلەن مىكيانىنى بىر كاتەككە سولاپ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان تۇراق خۇيى تۇتۇپ، ئاپىسىنى ئىچىدە بىر مۇنچە تىللاپ ئۆگزىدىن چۈشتى. ئالتۇنخان ئۇنى كۆرمەي توۋلاۋەردى.

— ۋۇي نېمە؟! — تۇراق شوتىدىن چۈشكەچ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ۋارقىرىدى.

— مېڭىڭ، ئا ئاتىڭىز ھارۋا قاتسۇن دەيدۇ، ئادەمگە گۆلەيمەي

بىرىپ بۇيرۇغان ئىشنى قىلىڭ!

— نېمە قىلىدىكەنمىز؟

— ئاتنىڭىزدىن سوراڭ.

تۇراق ئىرىنچەكلىك بىلەن ھارۋىنى قېتىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى.

— ئاپاڭ دېگەندىكىن ماقۇل دەپ چاپسانراق بولساڭ بولمامدۇ؟ چىقە ھارۋىغا، كۈن كەچ بولۇپ كەتتى، ھارۋىنى تېز ھەيدە!

— نەگە؟

— سايلىققا.

تۇراق ھەيران بولۇپ ئاتىسىغا قارىدى. مولىمناخۇن سىرلىق كۈلۈپ:« بارغاندىن كېيىن بىلىسەن» دەپ قويدى.

ئۇلار زاۋال چۈشۈپ قاراڭغۇلۇق ئاستا-ئاستا يېيىلىشقا باشلىغاندا كالىنى يورغىلىتىپ ھەم يۈگۈرتۈپ، دەل-دەرەخ، زىرائەتلەر بىلەن قاپلانغان كۆجۈم مەھەللىلەردىن ۋە قۇم-بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىھاتىلەنگەن كەگرى ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ سايلىققا چىقتى. ھارۋىنى توختىتىپ گۈرجەكنى ئېلىپ كەل،— دېدى مولىمناخۇن يەرگە ئېگىشىپ— ماگا قارا مانا، تۇخۇمدەك، ئۆرۈكتەك، جىگدىدەك مۇنداق تاشلارنى ئىلغۇۋېتىپ، گۈرۈچتەك، بۇغدايدەك مۇنداق تاشلارنى ئۇسىمىز، كۆردۈڭمۇ؟ يا بولمىسا چىپتىنىڭ ئېغىزىنى سەن ئاچ مەن ئۇساي، جاھاندارچىلىق دېگەن قانداق بولىدۇ، ئاستا-ئاستا بىلىپ قالىسەن، بۈگۈن مەن ئۇسسام ئەتە چوقۇم سەن ئۇسىسەن!— مولىمناخۇن سۆزلىگەچ خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپ ئاشۇنداق ئۇششاق، ئىبزىك تاشلاردىن يېرىم چىپتا توشقۇزدى، ئۇنى ھارۋىغا تەستە بېسىپ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالدى، شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ يۈزىنى يەلپۈگەچ يولدا كەلگۈچە بىر گەپنى ئەزۋەيلەپ ماگدى:

— خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى ۋاجىپ، ئاللانىڭ ئىرادىسى ھەممىگە قادىر. قارا بالام، ئاسماندىكى ئايمۇ بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزنىڭ ئويلىغاندىكىدەك بولۇشىنى تىلەپ تۇرۇپتۇ. تەڭشەلمىگەن جاھاندا خۇدا راخمانغا ئوخشاش بەندىلەرگە قارا كۈچىنى بېرىپ ئەقىل بەرمىگەن، شۇڭا ئۇ قانچە كەتمەن چېپىپ تەر تۆككىنى بىلەن يەنىلا كۆتۈرۈلەلمەيدۇ، يېرىم نېنى پۈتۈن، بىر مېلى ئىككى بولمايدۇ. مانا بىز ھەر ھالدا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىمىز، راخماندەك ئەقلى گەجگىسىگە ئۆتۈپ قالغان، ئېشەكتەك ھارام كۈچى بار تەلۋىلەرنى كەتمەن كۆتۈرۈپ ئەمەس، مانا مۇشۇنداق پەم ئىشلىتىپ باپلايمىز، تۇيمايلا قالىدۇ! سەن تولا ھاڭۋاقتىلىق قىلما، كاللاڭنى ئىشلەت، ھەر ئامال بىلەن خەققە ئۆزىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويمايمىز، مۇشۇنداق قىلماي تۇرۇپ بۇ جاننى جان ئەتكىلى بولمايدۇ...

تۇراق ئىشىنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقاركىن دەپ گەپ-سۆز قىلماي ھارۋا ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار ئاخىر راخماننىڭ شامال بەك تېگىدۇ دەپ ئۆيچە خاماندىن ئايرىم ئېتىۋالغان خامانلىقىغا يېتىپ كەلدى. مولىمىناخۇن ئەتراپنى ئوغرىدەك دىققەت بىلەن كۆزەتتى؛ ئىنسۇجىن كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، كاللىسىنى قاپلاپ تۇرغان ئەندىشە تۇمانلىرى بىر ئاز تارقاپ شادلىقى كۈچىيىپ كەتتى: "مانا، مانا راخمانباي، ۋاي سولتەك ساراڭ، ئۇۋۇسىدىن چىقالمايدىغان ئۆلۈمتۈك چاشقان، پاخاللىرىڭنى تېخى تىغ بۇغدايدىن ئايرىپ تەييار قىلىپ قويۇپسەن ئەمەسمۇ! بۇغدايلار مانا مەن دەپ چىقىپ قاپتۇ، قاراپ باقايچۇ، ئوھوي، خېلى سېمىز بۇغداي ئىكەندۇق، بىر ئاز نەم تۇرامدۇ نېمە؟ كارايىتى چاغلىق، ئېلىۋالاي دېسەم تاغىرىم يوق، بىراق مېنى ئوغرى دەپ ئويلاپ قالما خالايىق، دىندار ئادەممەن، راخمانغا رەھىم قىلىۋاتىمەن. ھىم، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ خۇدانىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغىنى قىزىق! قانداق، راخمىناخۇن، بالامنى چالما بىلەن ئۇرغان چېغىڭلىدا مېنى مۇشۇنداق

قىلا دەپ ئويلىغانىدىڭلا، بىلىپ قويۇڭلا، مەن بوش ئادەم ئەمەس، مولىمىن دېسە مۇشۇكۇمۇ ئەيمىنىپ قارايدۇ، شۇغىنىسى، راخمان سەن ئالدىمدا بۇغدىيىڭغا چاڭگال سالغۇدەك ئېغىر ئىش قىلمىدىڭ، بىر قېتىم كەتمەن كۆتۈرۈپ قويدۇڭ راست، بىرنى سالغان بولساڭ كۆرىدىغان كۇنۇڭ بار ئىدى تېخى، ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپ قالدىڭمۇ قانداق، جىم تۇرۇپ قالدىڭ، ئاندىن قىزىڭغا دەپ سېنى چاقىرىپ چىرايلىق چاي قۇيۇپ ئاش بەرسەم، كىچىككىنە بالامنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ بىزگە ھەيۋە قىلدىڭ، ئەگەر بۇ قېتىم جىم تۇرۇپ بەرسەك ئەتىگىچە بىزنىمۇ ئۇرۇپ بېشىمىزنى يېرىۋېتىدىغان ئوخشايسەن، شۇڭا ھوشۇڭنى تاپ دەپ ساڭا غايىبتىن جازا بېرىۋاتىمەن... بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى! بۇغداينى ئادالىغىچە بىر ئاز جاپا چېكىپ قالىسەن شۇ، بالامنى ئۇرغان قولۇڭ ئارا دەستىسىنى تۇتۇپ قىينالسۇن، خوتۇنۇڭ ئۆتكەمىنى تۇتۇپ قىينالسۇن، كىم قىلغاندۇ، خۇدانىڭ ئاپتىدىمدۇ دەپ ھەيران قېلىشقان رەپتارىڭنى بىر كۆرسەم ئىدى... بىراق ھەي راخمان، مۇشۇنداق قىلغىنىمغا ھېلىمۇ شۈكرى دېسەڭ بولىدۇ...شۈكرى دە ساراڭ، شۈكرى دېمەي ئىلاجىڭ يوق! بېشىدىن تۇخۇم ئۈنگەن روزى قارى، باياتىن يىغلاپ كېتىۋېدىڭ، ئەمدى ئاشۇ يىغاڭنىڭ ئەنتىنى ئېلىۋاتىمەن، ئاپاڭ سېنى يېتىلەپ ئۇرۇشقىلى بارغان بولسا چوڭ چاتاق چىقاتتى. كاللىسى ھېچنېمىگە ئۆتمەيدۇ-دە خوتۇن خەق دېگەننىڭ، مانا مەن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئەنتىڭنى ئېلىۋاتىمەن بالام، خوش بولامسەن، مانا قارا“...

مولىمىناخۇن شۇ خىيال بىلەن كۆرەڭلەپ ھەم جىددىيلىشىپ، تۇراقنى ئەتراپقا كۆزەتچى قىلىپ، چېپىتىنى پەۋقۇلئاددە غەيرەت بىلەن كۆتۈرۈپ ئالدى ۋە ئېغىزىنى يېشىپ بۇغداينىڭ ئۈستىگە يېيىتىپ چاچتى، دۈۋىلىشىپ قالغان تاشلارنى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ ھەممىنى دانغا قوشۇۋەتتى.

— ئاتوي بولۇك، بولۇك پاشا چىقىپ كەتتى!...— تۇراق ئەنسىز ئاۋازدا ۋايساپ كەتتى.

— ۋارقىرىما مۇناپىق، پاشا چاققانغا ئۆلمەيسەن، مانا ئاز قالدى...

مولمىناخۇن تاشنىڭ ھەممىسىنى يىراقتىن قارىسا بىلىنمىگۈدەك قىلىپ بوغدايغا ئىلەشتۈرۈۋەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىغا يۈگۈرۈپ بىرىپ چىقىپ كاللىنىڭ سۆڭگۈچىگە قاتتىق تەپتى. كالا تۇيۇقسىز تەگكەن زەربىدىن چۆچۈپ ھارۋىنى سۆرەپ بار كۈچى بىلەن ئۆيگە چاپتى. تۇراق ئىغىرلىقىنى يوقىتىپ ھارۋا ئۈستىگە ئوڭدا چۈشتى.

— ئەمدى كۆرگەنسەن،— دىدى مولمىناخۇن پىخىلداپ كۈلۈپ.

— نىمىشقا مۇشۇنداق قىلىمىز؟— دىدى تۇراق چۈشەنمەي،— شۇنچە جاپا تارتىپ، ئىلغاپ كەلگەن تاشنى راخماننىڭ بوغدىيىغا قوشۇۋەتتىڭغۇ؟!

— راخمان ئۇكاڭنى ئۇرسا، بىزنىڭ يا ئۇ تەلۋىگە كۈچىمىز يەتمىسە، مۇشۇنداق قىلماي قانداق قىلىسەن، ھۇ دۆت، كالۋا، بايا مەن كالىغا سۆزلەپتىكەنمەن-دە! تېخىچە بىلمەي يۈرۈيدا ما خام قاپاق بەز! ئالە تاياقنى، ھارۋىنى تېز ھەيدە!

تۇراق ئاتىسىنىڭ قەھرىدىن ئەمەس، بەلكى راخماننىڭ ئۈكىسىنى ئۇرغانلىقىدىن سەل چۆچىدى، كاللىسىغا بىر-بىرىدىن قورقۇنچلۇق خىياللار كەلدى.

## 13

مەھەللە باشلىقى قاتارلىق بىر نەچچەيلەن يىزىغا يىڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان سۇ ئېلىكتىر ئىستانىسىسى ئۈچۈن دىھقانلاردىن ھەر مو يەرگە ئون يۈەندىن ھىسابلاپ پۇل يىغماقچى بولدى. بۇنىڭ

ئۈچۈن ئۇلار تالاي قېتىم مەجلىس ئېچىپ، بۇنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى ئىكەنلىكىنى، دېھقانلارنىڭ چوقۇم جىن چىراغتىن قۇتۇلۇپ، توك چىراغقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلدى.

دېھقانلار بۇغدايلىرىنى يىغىپ ساڭغا ئۆتكۈزۈپ پۇلنى تېخى قولىغا ئالماستىنلا يەر بېجى، سۇ بېجى قاتارلىق تۈرلۈك باجلارنىڭ بىر-بىرلەپ قىرقىشى، بانكىدىن ئالغان يالتىراق، ئوغۇت قەرزىنىڭ بوغۇشى بىلەن، ئۈمىدىنى قوناق، زىغىر، شال، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەردىن كېلىدىغان دارامەتكە باغلاپ تۇرغان ئەھۋالدا، مەجبۇرىي تېڭىلغان بۇ يۈكتىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەي غەمگە پاتتى.

مەھەللە باشلىقى بوشاپ كېتىۋاتقان ئورنىنى مۇستەھكەملەشنىڭ بۇ قىممەتلىك پۇرسىتىدە ئۆيمۇ ئۆي ئارىلاپ ئۆز ھوقۇقىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىشقا سالدى. ھال-ئوقىتى ياخشىلار نەق پۇل بەردى. نەق پۇل بېرەلمىگەنلەر ئوزۇقلۇق ھەم ئوزۇقلۇققا قالدۇرۇپ قويۇلغان بۇغدايلىرىنى مو بېشىغا چارىكىنى ئون يۈەندىن ھېسابلاپ بەردى. مەھەللىدىن بىر قانچە كىشى بۇ بۇغدايلارنى ئەركىن بازاردا سېتىشقا مەسئۇل بولدى. مەھەللىدە بىر مەيدان پاتپاراقچىلىق، غولغۇلا باشلىنىپ كەتتى. ئۈچ-تۆت ئادەم توپلىشىپ قالغان سورۇندا دائىم مۇشۇ گەپ بولاتتى.

مەھەللە باشلىقى دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە بىر قانچەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ، قاتاردىن بۆلۈنۈپ كەتكەن يالغۇز تاملارغا قەدەم باستى. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تەئەللۇقات تولۇپ ياتاتتى، ئەمما ئۆي ئىگىسى بولغان مولىمىناخۇن تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، يىگىرمە مو يەرگە گىجىڭلىق قىلىپ بىر يۈەننى قايرىۋېلىپ يۈز يۈەن، قالغىنىغا ئون چارەك بۇغداي بېرىپ قۇتۇلدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قارنى بىر ھازا ئېچىشىپ، ئىچى تىتىلداپ، ئالتۇنخان بىلەن

بىر پەس كوتۇلداپ، ئارقىدىن سەل قىزىرىشىپ كېيىن يەنە شۈكلەپ قېلىشتى.

مەھەللە باشلىقى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ راخماننىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇ ئۆيدىن بىر نەرسە چىقىشقا ئۇلار تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ۋەزىپە دېگەن ۋەزىپە، مەجبۇرىيەتنى ئورۇندىماي بولمايدۇ-دە! مەھەللە باشلىقى ئىشىكنى چېكىپ راخماننى توۋلىدى، قالغانلار هويلىدىكى ئالمىنى قېقىپ يېيىشكە باشلىدى. بىر كەمدىن كېيىن ئىشىك جۇۋازدەك سەت غىچىرلاپ ئارقىدىن راخماننىڭ ئورۇق گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ مەڭزى تومپىيىپ، كۆزلىرى ئۆڭكۈر ئىچىدە پىلىلداۋاتقان شام نۇرىدەك ھەممە نەرسىگە تىنچ ۋە پەرۋاسىز تەرزدە قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ پەسكە تېخىمۇ ئېگىشىپ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ ھەممەيلەن بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرەپتىن خەلچىخان ۋە قىزى پەيدا بولدى. خەلچىخان ئۇلارنى كۆرۈپلا كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ غېرىپ كەپىگە كىرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەدەپ يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مەھەللە باشلىقى ئۇنىڭغا يالغاندىن رەھمەت ئېيتىپ، راخمانغا كېلىش مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتتى، راخمان ئىگىلىكىدىكى ئون مو يەر ئۈچۈن يۈز يۈەن بېرىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ھۆججەت يازدى.

راخمان گەدەن پاتىڭنى بىرى كېسىپ تاشلىغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، خەلچىخانغا يەر تېگىدىن بىچارىلەرچە قارىدى، خەلچىخانمۇ ئۇنىڭغا قاراپ سالپىيىپ تۇراتتى، ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىزى بولسا ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز، چىرايلىق كۆزلىرىنى ئالدىدىكى ناتونۇش كىشىلەردىن ئۈزمەي، قىزىقسىنغان هالدا ئاپىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇراتتى. كۆپچىلىك

ئۇنىڭغا قاراپ، شۇنچە سەت، كۆرۈمسىز ئادەملەرنىڭمۇ كىشىنىڭ كىرگۈسى كەلمەيدىغان مۇشۇنداق ئېغىلدەك ئۆيدە پەرىزاتتەك بالا چوڭ قىلغىنىغا ھەيران بولۇشۇپ، گويا ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك تەمەخور كۆزلىرىنى تىكىپ، ۋەسۋەسىگە تولۇپ، بىر-بىرىگە يوشۇرۇن كۆز ئىشارىسى قىلىشتى. بىرەيلەن بايا قاققان ئالمىسىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

مەھەللە باشلىقى راخماننىڭ گەپ-سۆز قىلماي، يەردىكى چۆمۈللەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاۋازىغا ھوقۇقدارلارغا خاس ھەيۋەت، سالماق تۇس بېرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇنداق گۆشىيىپ تۇرۇۋالساڭلار قاملاشمايدۇ راخمناخۇن، ما ۋەزىپىنى سىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەيمۇ يا، باشقىلارنىڭ ھەممىسى بۇغدايلىرىنى ساڭغا ئۆتكۈزۈپ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، سىلە ئۇ قاتاردا يوق، ئۆزىنى ئوڭشۇۋالغۇچە بوپتۇ دەپ ئېتىبار قىلىپ ئۇنى زىمىمەڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتسەك، ئەمدى كېلىپ ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم چاقىرىقلىرىغىمۇ ئاۋاز قوشماي بەزىدەك ئىششىپ تۇرۇۋالساڭلار نېمە دېگىلى بولىدۇ ئەمدى سىلىگە! كوپېراتسىيە كەتتى راخمناخۇن، چاپان تېخى تىزدىن ئاشمىسا، خوتۇنۇڭلا بىرەر يېڭى كۆڭلەك ئېلىپ كىيەلمىسە، ماۋۇ بىچارە قىزىڭلا مۇشۇنداق توپا يەپ، ئەسكى كىيىم كىيىپ يۈرسە ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ئۇنى مەكتەپكە بەرمەمسىلە، ياخشى ئوقۇتۇپ قەددىڭلىنى كۆتۈرمەمسىلە؟!

راخمان تاقەتسىزلىنىپ ئۇن قاتتى، ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك بوغۇق ۋە پەريادلىق چىقىپ كەتتى:

— ماقۇل، ماقۇل، ياندا ھازىر پۇل يوق، بانكىدىن ئالغان قەرزمۇ تېخى شۇ پېتىمدا، بۇغداي... بۇغداي بەرسەكقۇ بولار؟

— ھە بېرىڭلا، نېمە بەرسەڭلا بېرىڭلا!

راخمان خەلچىخان بىلەن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر دەمدىن

كېيىن بىر تاغار بۇغداينى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇغداي يىغىشقا مەسئۇل كىشى تاغارنى ئېچىپ بۇغداينى ئالقىنىغا ئېلىپ قارىدى، ھەيرانلىقىنى ئۆز-ئۆزىگە دەۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى:

— مانىڭغا قاراڭلا، بۇ قانداق ئادالىغان بۇغداي، ئارىسىدا ساپ ئۇششاق تاشلار تۇرىدىغۇ؟! بازارغا ئاپارسا قانداق ئۆتىدۇ بۇ؟!

باشقىلارمۇ بىرىپ بويۇنداپ قارىدى. راخمان بىلەن خەلچىخاننىڭ يۈرەكلىرى سىيلىپ كەتتى. خەلچىخان ئىچىدىكى دەرد-ئەلەمنى باسالماي بومبىدەك پارتلاپ، ئاللىكىملەردىن زارلانغاندەك، ئاللىكىملەرگە يالۋۇرغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— قانداق ئادالىغان بۇغداي دەيسىلەرغۇ؟! نەچچە كۈن ئۆتكەمدىن ئۆتكۈزۈپ، نەچچە كۈن غەلۋىردە تاسقىدۇق، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ، بۇ بۇغداينى ئادالايمىز دەپ تارتمىغان جاپايىمىز قالمىدى؛ قانچە قىلساقمۇ بۇ تاش ئۆتكەمدىن ئۆتۈپ كەتتى، غەلۋىردىن چۈشمىدى؛ شامالدا ئۇچۇرۇپتىلى دېسەك قوغان ئەمەس، بىر تالدىن تېرىپ ئاللى دېسەك بەش مو يەرنىڭ بۇغدىيى، ئويلاپ بېقىڭلا، شۇنچە كۆپ بۇغدايدىن قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن شۇنچە جىق تاشنى قانداق ئىلغاپ تۈگىتەلەيمىز؟! تاشلىۋېتىلى دېسەك قىش-ياز ئىشلەپ تېرىپ، سۇ قۇيۇپ، ئوغۇتلاپ، خاماندا تېپىپ، سوقۇپ ئەمدى مۇشۇنچىلىك بولغاندا تاشلىۋەتسەك قىشچە نېمە يەيمىز؟! رەھبەرلەر! ئويلاپ بېقىڭلار، مۇشۇ يىقىندىن بىرى تېخىمۇ ئەبگالىشىپ كەتتۇق، خۇدايىم نېمە قىلغان گۇناھىمىزغا بالا-قازانى بىزگە شۇنچە كۆپ بېرىدىكىن؟! بىر موزىيىمىز بارتى، ساتساق يۈز كويغا يارايتتى، ھارام بولدى! بانكىغا قەرزدار بولۇپ خەقنى دوراپ ئوغۇت ئېلىپ شاللىققا چاچساق سۈيىنى خەق تارتىۋالدى. ئەمدى كېلىپ ئاش تېرىپ ئېغىزىمىزغا ئالا-ئالمايلا بىر قېيىشمان تۆگگۈز ئېشىمىزغا تاش-توپا چاچتى. بۇنى كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ئېغىزىمدىن چىقىرالمايمەن. خۇدا ئۈستىمىزدە تۇرۇپتۇ، ئۇ ھەممىنى

كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان بۇ يامانلىقلىرى هامان بىر كۈنى ئۆزىگە يېنىپ قالىدۇ.... خەلچىخان غەزەپتىن تىترەپ، يىغلىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، قىزىنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ، ئۇنىڭ كۆينىكىنى تۈزەشتۈردى.

خەلچىخانىنىڭ گەپلىرى بىلەن راخمانىنىڭ ئىچ-قارنىمۇ بوشاپ قالدى، مەھەللە باشلىقىدىن ئۆز هالىغا يېتىپ يەنە بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈندى.

— بۇغدىيىڭلىغا كىم تاش تۆكۈۋېتىپتۇ، ئۇقتۇڭلىمۇ؟ — دېدى مەھەللە باشلىقى.

— ئەگەر ئۇقسا، پايەنگە بېرىپ ئەرز قىلسا ئاقىدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

خەلچىخانىنىڭ كۆزىدە ئۈمىد شولىسى پارلىدى، بىراق، كۆز كۆرمىسە، گۇۋاهچى بولمىسا بولمايدۇ. سوت دېگەنىنىڭ داڭقان پۇتى كۆپ. خەققە تۆهمەت قىلىپسەن دەپ ئۆزىگە گەپ كېلىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، راخمانىنىڭ كۆڭلىدە دەيدىغىنىمۇ شۇ: "ئۆزەڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما". مۇشۇ كونا گەپكە ئۇ مەھكەم يېپىشىۋالىدۇ، نەق جايىدا تۇتۇۋالالمىسا، باشقا يەردە پالانچى مۇنداق قىپتۇ دېيىسە خەققە تۆهمەت دەپلا يۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا خەلچىخانغا نېمە چارە؟ شۇنداق قىلىپ، خەلچىخانىنىڭ كىچىككىنە ئۈمىدى قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز يوقالدى.

— ئۇ كۈنى كەچتە هېرىپ كېتىپ ئۆيدە ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، شۇنىڭغا ئۆزەمگە هازىرغىچە ئاچچىقىم بار، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگەندىكىن خەققە بېرىپلا ئۇسكىلى بولمايدىكەن، — دېدى راخمان.

— ئەمىسە ما ئىشنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مەھەللە باشلىقى قاپىقىنى تۈرۈپ.

— توك پەيدا قىلغىلى بولىدىغۇ ئوبدان ئىش ئىكەن، ئاتام زامانىسىدا كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆرىدىغان ئوخشايمىز، ھۆكۈمەتنىڭمۇ ئويلىغانلىرى بار، پەرمانىغا بويسۇنىمىز.

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ ما پۇلنى تۆلەيدىغانلىقنىڭ ئىشىنى قىلىڭلا

— تۆلەيمىز، شۇ... ئالدىرىماي تۆلەيمىز.

— قاچان تۆلەيسىلە؟!

— شىپىلىمىز بىر پىشسا، كىيۆەزلىرىمىز بىر ئېچىلسا... يا بولمىسا، قۇرۇلۇشقا ئادەم كېرەك بولۇپ قالسا ھاشارنىڭ سىرتىدا ئىشلىشىپ بېرەرمەن.

— ئۇ يەرگە قارا كۈچ ئەمەس، كاللا كېرەك، تېخنىكا كېرەك، سىلىدە شۇنداق قۇدرەت بارمۇ؟— دېدى مەھەللە باشلىقى چېچىلىپ،— شۇڭىمۇ دەيمەن، سىلىنىڭ بېشىڭلىدا زادى ئازراق زاغۇن بار. قاچانلا كەلسە كاللىنىڭ بېزىدەك مۇشۇنداق ئىششىپ تۇرىسىلە، يا سىلىنى بۇرۇنقىدەك تۇتۇپ ئاپىرىپلا سولاپ قويغىلى بولمىغان، ئۇرۇپ-دەسسەشنىڭ تېخى ئورنى يوق! پۇلنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە تەييار قىلىڭلا، قېشىڭلىغا ئەمدى كۈندە كېلىۋەرمەيلى، بىكارچى ئادەم يوق سىلىگە...

مەھەللە باشلىقى يەنە بىر مۇنچە قايناپ، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۆزدىن يوقالدى. راخمان بىلەن خەلچىخان يېنىك تىندى، بېشىنى ساڭگىلىتىپ غەمگە چۆكۈپ كېتىشتى.

## 14

ئەتىسى سەھەردە مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى يەنە بىر قانچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ راخماننىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. راخمان ئۆيىدىن چىقىپ، خىزىر بىلەن ئۇچراشقاندەك يۈكسەك

ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— بولدى كايىماڭ، — دېدى ئىمام ھاسىسىنى ئىككى قوللاپ يەرگە تىرەپ، — مەسچىتنى يېڭىلاشقا تەرەددۇت قىلىپ، تۆنۈگۈننىڭ بىرىسى مەھەللە كويىدىن بىرەر چارەكتىن بۇغداي ئۆشرە ئايرىڭلار دەپ كۆپ ۋەز ئېيتتۇق. ھەممەيلەن دېگۈدەك بىرەر چارەكتىن، خالىغانلار ئىككى-ئۈچ، ھەتتا بەش چارەكتىن بۇغداي بەردى، ئىمانىغا يارىشا ئاتىغانلىرىنى بېرىشتى، قارىسام توپىنىڭ ئىچىدە يەنە سىلە يوق. مەسچىتكىمۇ بەزىدە چىقىپ بەزىدە چىقماي يۈرۈڭلا، خۇدالىق ئۈچۈن ئەمدى ئاز-تولا ئۆشرە بېرىڭلا دېسە، بېشىڭلىنى ئىچىڭلىگە تىقىپ يۈرەمسىلە؟ قارىسام، قاتار تامدىن يىراقكەنسىلە، شۇڭا ئاتايىن ئۆزەم مەشەگە ساقىلىمنى سۆرەپ كەلدىم، ئىلكىڭلىدە باردۇر؟ ئۆشرە دېگەن پەرز، بۇنى بەرمىسەڭلا بولمايدۇ، بولمىسا قىيامەتتە خۇدانىڭ نېمىتىدىن ھېساب بېرىسىلە...

راخمان بۇ گەپلەرگە چىداپ تۇرالماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى ۋە خەلچىخان بىلەن ئۇزۇن ھەپىلىشىپ، ھەممىدىن پاكىز ئادالىدۇق دەپ ئايرىپ قويغان بۇغدايدىن بىر چارەك ئېلىپ چىقتى.

— نېمە تاش بۇ؟ — ئىمام ھاسىسىنى جۆنۈپ، بىرە-بىرە ئايرىلىشىپ تۇرغان تاشلارنى كۆرسەتتى.

راخمان كۆرۈنۈپ قالغان تاشلانى ھاپىلا-شاپىلا ئىلغاپ تاشلىۋەتتى. ئىمام زوكىزىيىپ، قولىنى ئارا شەكلىدە بۇغدايغا تىقىپ ئۇنى چالغىتتى، بىر مۇنچە ئۇششاق تاشلار يەنە كۆرۈنۈپ قالدى.

— ھوي، بۇ نېمە ئالامەت راخمىناخۇن؟! — ئىمام ئاچچىقلاپ كەتتى، — ئېتىقادىڭلا دۇرۇسمۇ ئۆزى، مۇشۇنداق ئەخلەت بۇغداي بىلەن بىزنى يولغا سالماقچىمۇ؟ تۈزۈكرەك بۇغدايدىن يوقمۇ ئۆزى؟!

— ھەممىسى مۇشۇنداق بۇغداي، — دېدى راخمان

ئوڭايسىزلىنىپ.

— بىر نائەھلى بۇغدىيىمىزغا تاش تۆكۈۋېتىپتۇ قارىسىلا ئىمام ئاخۇنۇم، — دېدى خەلچىخان دەردىنى سۆزلەپ.

— خۇدانىڭ نېمىتىنى مۇشۇنداق خارلىغان بارمۇ! پۇلغا يارىغۇدەك باشقا ئوقىتىڭلىمۇ يوقمۇ ئۆزى؟! — ئىمام ئەتراپقا نەزەر تاشلاۋېتىپ تۇيۇقسىز ئىشىك ئالدىدىكى چەللىگە ئارتىپ قويۇلغان موزاي تېرىسىنى كۆردى ۋە، — پاكىز ئادالىغان بۇغدىيىڭلار بولمىسا ئەمىسە ئاۋۇ كالا تېرىسى بولسىمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— بۇ...بۇنى قىزىم كۈزدە مەكتەپكە كىرىشكە ئۆلگۈرتۈپ سېتىپ دەپتەر-قەلەم ئېلىپ بېرەي دېگەنىدىم...

— بۇنىمۇ بەرمىسەڭلا، ئۆشرىنى زادى بېرەمسىلە-بەرمەمسىلە؟! ئانداق قىلماڭلا ھەي مۇسۇلمانلار، يىلدا بىر كېلىدىغان ئۆشرىنى ئانداق گەدەنگە قەرز قىلىپ ئارتىپ قويماڭلا... — ئىمام قاتتىق ئېچىنغاندەك سۆزلەپ كەتتى.

— بولدى بېرىۋېتەيلى، — دېدى خەلچىخان راخماننىڭ بەكلا قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، — كۈزلۈككە ئاش ساتىمىزغۇ، خۇدايىم بېرەر...

راخمان ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، ئاپتاپ يەپ خېلىلا پارقىراپ قالغان تېرىنى ئاۋايلاپ ئالدى ۋە ئىمامنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ ئۇزاتتى.

— قارىسىڭلا بەك ئاغرىپ كەتكەن بولسا مەيلى، — دېدى ئىمام يەنە ساقىلىغا تۈكۈرۈپ، — بۇ نېمەڭلىنى مەن ئۆزەمنىڭ قىلىۋالمايمەن، مەسچىتنى دېمىسەم بۇ يەرگە كەلمەيتتىم، ھەر يىلى بىر كېلىدىغان مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشقىمۇ تىرناق تاتىلاپ، كېكەچلەپ تۇرىدىغان سىلەدەك بەندىگە خۇدا ھېلىمۇ بېرىپتۇ!

— بولدى ئىمام ئاخۇنۇم، ماڭا قويۇڭ، مەن تەربىيە قىلاي، بۇ ئادەمنىڭ ئىمانىغۇ ئەزەلدىن سۇسراق، كېيىنچە ئۇنداقمۇ بولماس، — خەلچىخان تېرىنى ئىمامنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماقچى

بولۇپ يېقىنلاپ كېلىۋىدى، ئىمام دەرھال ئارقىغا داجىپ:

— بولدى، بولدى، تېرىنى ماڭا بېرىڭ، — دەپ خەلچىخاننى سىلكىۋەتتى.

خەلچىخان جايىدىلا تۇرۇپ قالدى، ئاندىن سالپىيىپ تۇرغان راخمانغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئىمام بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەپ يولىغا راۋان بولدى.

## 15

تەبىئەت پەسلىگە قاراپ رەڭمۇ رەڭ تۈس ئېلىپ شۇ قەدەر گۈزەل، تەبىئىي، پاك ھالەتتە، ئىچى خىلمۇ خىل خام-خىيال، ۋەسۋەسىگە تولغان ئادەملەرنىڭ يورۇق ئالەمدە كۆرسىتىۋاتقان قەبىھلىكلىرىگىمۇ، ئىزگۈلۈكىگىمۇ گويا ئانىسى گۆدەك بالىسىنىڭ ھەممە قىلىقلىرىغا كۆنۈپ كەتكەندەك كۆنۈپ كەتكەن.

ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى، بولۇپمۇ سەھرادا ئۆتكەن بالىلىق دەۋر ئۆزىنىڭ غۇبارسىزلىقىنى تەبىئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەچكە، غايىۋى گۈزەللىكتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەممىدىن ئۇنتۇلماس كېلىدۇ. بالىلىق تەسەۋۋۇردىكى تەبىئەت گويا تاغدىكى سۈبھىدەك شۇ قەدەر جىمجىت، شۇ قەدەر خىلۋەت، شۇ قەدەر نۇرانە! يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئەسلىملىرى غۇۋالىشىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالىدۇ، بالىلىققا قايتا نەزەر سالغاندا تەسەۋۋۇرۇڭدا پەيدا بولغان گۈزەللىك سېنى پاكلىققا، ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ.

روزى ئۆيىدىن چۈشلۈك تامىقىنى يەپ چىقىپلا راخماننىڭ ئۆيىدىن ئۇدۇل ئامنەمنى تاپتى. چۈشتىكى پىژغىرىم ئىسسىقتا راخمان ئۆيىگە قايتماي، ئېتىزلىقتا بىرەيلەننىڭ كالىسىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوسا قىلىنغان ئېگىزلىقىنى ئاغدۇرۇۋاتاتتى. خەلچىخان بولسا قاتتىق ئىسسىقتا تالاغا چىقماي، ئۆيدە تەكىينى قىرلاپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ئامنەم ئۇنىڭغا تۇيدۇرمايلا

ئۆيدىن چىقىپ روزى بىلەن تېپىشتى.

ئىككىسى بىر-بىرىنى قوغلاپ كېۋەزلىكتە بىردەم مۆكۈشمەك ئوينىدى، پىشمىغان قوغۇن-تاۋۇزلارنى چېقىپ يېيىشتى، ئاندىن توپىلىق يولدا يالىڭاچ پۇتلىرى بىلەن رەسىم سىزىپ بىر-بىرىگە كۆرسىتىپ كۈلۈشتى. زىرائەتلەرنى، كۆكتاتلىقلارنى ئارىلاپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە ئېچىلىپ قالغان گۈللەرنى ئۈزۈپ كېپىنەكلەرنى ئۇچۇرتۇپ ئارقىسىدىن قوغلاپ خېلى بىر يەرگە بارغاندا توختاپ، ھارغىنلىقتىن چۆپلۈككە ئۆزىنى تاشلاپ بىر دەم ئېغىناشتى.

— كۈن بەك ئىسسىقكەن، — دېدى روزى كۆزىنى چېقىپ ئارام بەرمەيۋاتقان كۈچلۈك قۇياش نۇرىنى قولى بىلەن توسۇپ.

— ئەمسە كېتىلىمۇ، — دېدى ئامىنەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق، ئۆستەڭ بويىدا ئاكام بار، شۇ يەرگە بارىلى.

— ئاكاڭ نېمە قىلىدۇ؟

— سۇ ئۈزىدۇ.

— ياق، ياق، ئۇ يەرگە بارمايمەن، ئاكاڭ بوزەك قىلىدۇ،

— قورقماڭ، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ!

ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، گاھ ئاجرىتىپ، گاھ تۇتۇشۇپ ماڭغانچە ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى.

— ئاكاڭ قېنى گوللاڭچى!؟

— ئا يەردە ئوخشايدۇ.

ئۇلار يەنە بىر دەم مېڭىپ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۇ قاتقا ئۆتتى.

— ئالما! ئالما! — ئامىنەم ئۇشتۇمتۇت ۋارقىرىۋەتتى.

— قېنى، قېنى! — روزى يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كېلە، كېلە، ئاينا، ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ، يېقىن كەلدى، مانا، مانا ھازىر تۇتۇۋالىمەن!...

بىر ئاق ئالما قىرغاققا يېقىن، ئاستا ئېقىندا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئامىنەم ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلەرنى

ئارىلاپ ئۆتۈپ قىرغاققا كەلدى، ئالمىنىڭ ئېقىپ كېلىشىنى كۈتۈپ قولىنى سوزۇپ تۇردى. ئالما بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى، ئاز قالدى! ئامىنەم جىددىيلىشىپ قولىنى تېخىمۇ ئۇزۇن سوزۇپ تەييار تۇردى. ئالما ئۈزۈپ كېلىپ ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىغا ئۇرۇلدى. ئۇ ئالمىنى ئالقىنىمغا ئالىمەن دەپ بار كۈچىنى يىغىپ ئۇنىڭغا ئىنتىلدى؛ شۇئان قىرغاقتىكى تىنىپ قالغان لايغا پېتىپ تۇرغان پۇتى تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ، لاي قومۇرۇلۇپ، ئەجەلنىڭ يۈرەكنى جىغىلدىتىدىغان سەزگۈلىرى ئۇنىڭ ئالما ھەققىدىكى تاتلىق خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى. روزى ئۇنىڭ سۇغا چۆكۈۋاتقان ھالىتىگە داڭقېتىپ قاراپ قالدى. ئامىنەم ئۇنى چاقىرغاندەك قىلدى، ئىككى قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئاي كەبى يۈزى سۇغا شولا چاچقاندەك ئاستا-ئاستا چۆكتى ؛ چوڭ، نۇرلۇق كۆزى چاقماقتەك چاقناپ، روزىنىڭ يۈرەك-باغرىنى چايان چاققاندەك تىلغاپ، قەلبىنى لەرزىگە سالدى. روزى ئېسىگە كەلگەندە رەھىمسىز سۇ ئاۋالقىدەك لايلىنىپ، دولقۇنلىنىپ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى...

روزى سۇغا ئەگىشىپ داۋاملىق يۈگۈردى، ئامىنەمنىڭ بېشى كۆرۈنمىدى، ئۇ ھاسىراپ يەرگە يىقىلدى، سۆگەتنى قۇچاقلاپ يەنە ئورنىدىن تۇردى، سۇغا يەنە قارىدى. بىراق ، ئۇ شۇنچە زارىقىپ كۈتكەن نۇرلۇق سىما سۇ يۈزىدە قايتا پەيدا بولمىدى. تاش يۈرەك لاي سۇ ئۇنى ئۆز قارنىغا يۇتۇپ كەتتى! روزى مىشىلداپ يىغلىدى، كېيىن بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلاپ مەھەللىگە چاپتى.

## 16

ئامىنەمنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن مەھەللىنى زىل-زىلىگە سېلىۋەتتى.

راخمان شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، قىزىم دېسە قىزىم دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئېقىننى بويلاپ شامالدەك تېز

يۈگۈردى، ئاخىر ماجالى يەتمەي يەرگە گۈپپىدە ئۆزىنى تاشلاپ يەرنى مۇشتلاپ، تىرنىلاپ ئۆمرىدىكى ئەڭ قاتتىق نالە-زارىنى باشلىۋەتتى، ۋۇجۇدىدىكى ئەرلىك غۇرۇرىنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بۇ نالىسىگە قىسسىلەردە ئېيتىلغاندەك، سۇدىكى بېلىقلارمۇ، هاۋادىكى قۇشلارمۇ چىداپ تۇرالمايتتى.

خەلچىخاننىڭ يىغىسىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى، ئۇ راخماننىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلەتتى. راخمان ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ تىللىدى، ئۇردى. خەلچىخان راخمانغا يىغلاپ يالۋۇردى، ئۇنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپ، بېشىنى ئايىغىغا قويۇپ، يۈزىنى تۇپراققا سۈرتۈپ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك قاتتىق يىغلىدى. راخمان ئۇنىڭ كۆكسىگە، قورساقلىرىغا تېپىپ ئۇنى ئۆزىدىن ئاجراتتى ۋە سۇنۇپ كەتكەن كەتمەن دەستىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇردى. ئاڭغىچە باشقىلار ئۆلگۈرۈپ كېلىپ، ئىككى ياندىن راخماننىڭ قولىنى قايرىپ تۇتىۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى.

— قويۇپ بېرىش! هەي مۇناپىق ئاقساقاللار قويۇپ بېرىش دەيمەن، ئاناڭنىڭ هەققىدە بولسىمۇ! — راخمان ئوتتا كۆيگەن قىلدەك تولغىناتتى، يۇلقۇناتتى، — مەن بۇ ئۇيقۇغا تويماس هارام چوشقىنى ئۆلتۈرىۋېتىپ نېمە كۆرسەم كۆرىمەن، بالىغا قارىماي زادى نېمە ئىش قىلدى بۇ قانجۇق، ئۆيدە پىتلىنىپ ياتقىچە بالىغا قارىسا بولمامدۇ؟! قويۇۋېتىڭلا دەيمەن، مەن بۇ ئېرىماس قەلەندەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن!

— ئاچچىقتا هاي بېرىڭلا راخمىناخۇن، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، قىزىڭلىنىڭ ئۆلۈمىگە هەممە خەقنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ، ئاللانىڭ تەقدىرى ئەمدى، قانداق قىلىسىلە!؟ قىزىڭلىغا ئوبدان هېزى بولماي ئەمدى خوتۇنۇڭلىغىيۇ بىزگە ۋارقىراپ بەرگەن بىلەن ئىش تاڭاتامدۇ؟!

— خەپ ئاشۇ مۇناپىق ئوغرىنىڭ چىشقاق كالىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلەيمەن دەپ پوق يېمىگەن بولسام...

— گەپ ئۆزەڭلىدىكەن ئەينا، خەلچىخاننى ئانداق قىلمەن، مانداق قىلمەن دېمەي، بىرىپ قىزىڭلىنى ئىزدىمەمسىلە! كۆزى ئوچۇق كەتتى-دە بىچارىنىڭ! بۇ چاغقا نەلەردە ئىيقىپ، نەلەردە قاپسىلىپ يۈرەر!

راخمان بوشىشىپ كەتتى، ئۇلار ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كەتكەندە ئاچچىقتىن يانماي، خەلچىخاننى يەنە يۇرماقچى بولۇپ، قوناقلىقنى ئارىلاپ، ئۇتتۇر كەلگەن قوناقنى سۇندۇرۇپ''خەلچەك! ھەي قانجۇق! بۇ ياققا چىق!'' دەپ ۋارقىراپ، تاپالمىغاندا ئارقىغا قايتتى؛ جاندىن تويغاندەك كۆرۈندىغان كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلەتتى. ئۇ ئېرىق بويىغا كېلىپ ئازراق سۇ ئىچتى. سۇنىڭ تەممۇ ناھايىتى يات، قىرتاق، ئاچچىق تۇيۇلدى. خوتۇن كىشىدەك يىغلاۋەرمەي دەپ يۈز-كۆزىنى يۇيدى، كۆزىدىكى ياشلارنى سۇ بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتكەندەك بولۇپ سەل يېنىكلەپ قالدى. ئازراق مېڭىپلا خىيالىغا يەنە قىزىنىڭ ئۇنتۇلماس چىرايى، ئىنچىكە ئاۋازى كىرىۋېلىپ كۆڭلىنى قايتا بۇزدى، ياشلىرى ئىختىيارسىز مەگزىدىن ساقىپ قىزغۇچ ساقاللىرىغا كېلىپ توختىدى. قىزى ھايات چېغىدا ئۇنىڭ مۇشۇ ئۇچلۇق ساقاللىرىغا ئويماقتەك ئېغىزىنى يېقىپ سۆيۈپ قوياتتى، كۆزلىرىگە مەھكەم قادىلىپ، ئاتىسى بىلەن كۆز بېقىشىپ ئۇنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان جىلۋىلەرنى قالدۇرغانىدى:

— قىزىم ماڭا كۆيەمسىز، ئاپىڭىزغىمۇ؟

— سىز سۆيۈپ قويسىڭىز سىزگە، ئاپام ناخشا ئوقۇپ بەرسە ئاپامغا..

......

— قىزىم، ئالما ئىلىپ بېرەيمۇ؟

— ھەئە، ھەئە!

— قايسىنى؟
— ئاۋۇ ئۈچىدىكى پىشقاننى...
راخمان ئۆزىنى تۇتالماي يەنە قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بىر هازا يىغلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ماڭدى، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۆزىنى قاتار تامنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ مەھەللە باشلىقىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنىڭ هويلىسىغا كىردى. مەھەللە باشلىقىمۇ مۇسبەتكە چۆكۈپ غەمكىن ئولتۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.
— قىزىم، قىزىم... ئۇ...— راخماننىڭ بوغۇزىغا يىغا كەپلىشىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.
— ئۇقتۇم، ئەجەپ بىر قىز ئىدى، كۆز تەگكەندەك ئىش بوپتۇ، بولىدۇ، مەن دەي، ئۆستەڭدىكى سۇنى توختىتىپ تۇرسۇن، قىزىڭلىنى ئىزدەيلى!
راخمان تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، هەسرىتىگە ئازراق تەسەللىي قوشۇلۇپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

## 17

راخمان سۇ توختىتىلغان ئۆستەڭنى بويلاپ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە قىزىنى ئىزدەشكە چۈشتى. ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. دىلىدا خۇدانى مىڭ قېتىملاپ يادلاپ هەم ئۇنىڭدىن مىڭ قېتىملاپ زارلاپ، يۈرەكلىرى جىددىيلىك ئىچىدە پوكۇلداپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇلار يېرىم كۈن ئىزدىگەن جەسەت ئاخىر سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر توغاندىن تېپىلدى. راخمان قىزىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ ئۆزىنى ئاتتى، قىزىنىڭ ئاق، سۈزۈك يۈزى كۆك رەڭگە كىرىپ، كىيىملىرى تىتىلىپ، يۇمران تېرىلىرىگە چىڭ چاپلىشىپ قالغانىدى،

ئەمما پۈتۈن قىياپىتىدىن يەنىلا تەڭداشسىز بىر گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. كۆپچىلىك كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى: قىزنىڭ كىرپىكى ئۆسۈپ قالغانىدى ھەم بىر-بىرىگە چىڭ كىرىشىپ ئۈستىگە قايرىلىپ تۇراتتى؛ بۇرنى، لېۋى مۇز چوكىسىدەك يالتىراپ تۇراتتى؛ بويى ئۇزۇراپ، زىبا قامىتى توغاننىڭ قوزۇقلىرىغا مەجنۇنتالدەك يۆگىشىپ قالغانىدى.

— ۋاي جېنىم قىزىم، مېنىڭ كۆز نۇرۇم، سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم، يا ئاپاڭ دېگەن پاكقاي ئۆلسە بولمامدۇ؟! ۋاي قىزىم، ۋاي قىزىم، ۋاي مېنى تاشلاپ كەتتىڭغۇ قىزىم، ۋاي ئەمدى مەن قانداق قىلاي قىزىم، ۋاي كۆزۈڭنى بىر ئاچقىنا جېنىم قىزىم، ۋاي قىزىم...— راخمان قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنى سىلكىپ ئويغاتماقچى بولغانىدەك ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، قىزىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. باشقىلار ئۇنى يەردىن تەستە يۆلەشتۈرۈپ مەھەللىگە ئېلىپ كەلدى.

جامائەت راخمانغا كۆپ نەسىھەت قىلىپ ئۇنى خەلچىخاننىڭ بالىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ئۈناتتى. قىز يۇيۇپ تارىلىپ، ئاپئاق كېپەنلىنىپ ئەبەدىلىك ئارامگاھىغا قايتتى، نامىزىغا قىزنى ھايات چېغىدا كۆرگەنلا ئادەم بولسا بارماي قالمىدى. خەلچىخاننىڭ راخمانغا كۆپ يېلىنىشى ۋە قېينانىسىنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەت قىلىشى بىلەن راخمان ئاخىر يۇمشاپ، خەلچىخان بىلەن بىرگە قىزىنىڭ نەزىر-چىراغلىرىنى ئۇرۇشماي- تالاشماي ياخشى ئۆتكۈزۈۋالدى.

— مەن ھېچ بىلمىدىم،- خەلچىخان قىزىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بېرىپ بولغان ئاخشىمى راخمانغا ئورۇن سېلىۋېتىپ،— خۇدا بىزدەك پېقىر-مىسكىنلەرگە نېمىشقا مۇنداق تەتۈر قارايدۇ؟! ئاشلىقىمىزغا خەق زىيان سالسا، موزايىغۇ مەيلى، ئەمدى ئاشۇ بىر تال قىزىلگۈلدەك قىزىمىزمۇ ئېچىلماي تۇزۇپ كەتسە...— خەلچىخان ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، — دېدى راخمان يېشىنى يوتقانغا پۈركەپ، — ماڭقاڭنى تولا ئېقىتما، ئەتىگىچە يەنە نېمە بولىمىز خۇدا ئۆزى بىلىدۇ!

— ئەمدى ئۇنداق قىلماي سەھەر تۇرۇپ مەسچىتكە چىقىڭلا، ئۆشرە-زاكاتنى قىسۇالماي بېرىلى، بالا-قازا كېلىشۆرمىسۇن ئادەمگە... — قىزى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى بۇرۇن پات يىغلىمايدىغان خەلچىخاننىڭ يېشى قۇرىمىدى، نەزىردىمۇ ئۇ ”ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي توزۇغان بالامەي... “ دەپ قىزىنى قوشاققا قېتىپ يىغلاپ، نەزىرگە كەلگەنلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇۋەتتى. بىراق راخمانغا ئۇنىڭ يىغىسى ناھايىتى سەت ئاڭلىناتتى، يالغۇز قالغانلىرىدا ” بولغۇلۇق بولغاندا چوشقىدەك خارتىلداپ كۆزۈڭنىڭ شۈۋىسىنى تولا ئېقىتما، سېنىڭ زادى قىزىمغا ئەزەلدىن كۆيۈمىڭ يوقتى، ئۇ ئۆلۈپ ئەمدى پاقاڭ قاندىمۇ“ دەپ تىرىكەتتى، ئۆزى بولسا يوشۇرۇن ياش تۆكەتتى.

## 18

كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، يوپۇرماقلار ھەش-پەش دېگۈچە سارغايدى. كۈن پارقىراپ چىقىپ ھەممە ياقنى ئىللىق ئاپتاپقا چۆمدۈردى. راھەتبەخش كۈز شاماللىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان زىرائەتلەرنى لەرزان تەۋرىتەتتى. مەھەللىنىڭ ئەڭ مولچىلىق چاغلىرى يېتىپ كەلدى.

چىڭقى چۈش مەزگىلى. تۇراق ھويلىسىدىكى مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈمدىن بىر ساپاق ئۈزۈپ يېگەچ تالاغا چىقتى. زېرىكىش ئۇنىڭ كاللىسىنى قايدۇرۇپ، پۈتىنى تايدۇردى. ئۇ بۇ كەڭرى زېمىندىن ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇشنى ئويلاپ ئېتىزلىقنى ئارىلاپ ماڭدى؛ پۇرچاق بولامدۇ، كالىماش بولامدۇ، يولدا ئۇچرىغان

يېگۈدەك نەرسە بولسىلا يەپ ماڭدى. ئاندىن خەقلەرنىڭ كېۋەزلىكىگە كىرىۋېلىپ، پىشىپ يېرىلىپ كەتكەن تاۋۇزلارنى يەرگە چېقىپ يەپ ئۇسسۇزلۇقىنى باستى. ئۇنىڭ قۇۋۋەتكە تولغان ئېگىز بەستى، خېلى كېلىشكەن سىياقى مەھەللە قىزلىرىنىڭ بېشىنى ئاسان ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. ئۇ مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئوقىمىدى، ھە دېسىلا قىزلارنى بوزەك قىلغاچقا مۇئەللىمى ئۇنى ئۇرۇپ قويۇپ، مولىمىناخۇن شۇ باھانىدە ئۇنى ئوقۇشتىن چىقىرىۋېلىپ ئۆزىگە يانتاياق قىلىۋالدى.

ئۇ كېۋەزلىكتە بىر دەم ئولتۇرۇپ ئۆتكەنكى شېرىن مىنۇتلارنى خىيال قىلدى. كاللىسى شەھۋەت خىياللىرىغا يەنە تولۇپ، نەپسى ئاشۇ نەرسىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ لايغەزەل جىسمىنى سۆرەپ ماڭدى. ئۇ ئىچى پۇشۇپ كاللىسىنى قاشلاپ، قالايمىقان دەسسەپ راخمانىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كەلدى؛ خەلچىخاننى ئېسىگە ئېلىپ رۇجەكتىن ماردى؛ كۆزى چەكچىيىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى تېنتىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆيدە بەھوزۇر ئۇخلاپ ياتقان خەلچىخاننى كۆرۈپ ھەۋەستىن يۈرىكى سەكرەپ، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى؛ شەپە چىقارماي مېڭىپ ئۆينىڭ يېنىدىكى پاكار تام بىلەن قورشالغان سامانلىقتا ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە تىۋىشسىز قەدەم بىلەن كىردى-دە، خەلچىخان ئۇخلاپ ياتقان سۇپىغا ئاستا ئۆمىلەپ چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا يۆكۈندى. خەلچىخان ھېچنېمىنى تۇيماي پۇشۇلداپ ياتاتتى، ئۇ بىردىنلا ئەسنەپ ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى، تومپىيىپ چىققان كۆكسى، بىر تەرىپى ئېچىلىپ قالغان كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنۈپ قالغان قورسىقى ۋە كالتە ئىشتىنىنىڭ رېزىنكىسى تۇراقنى چىدىغۇسىز قىلىۋەتتى؛ ئۇ تۈكۈرۈكىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يۈپۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك ھەۋەستىن لاغىلداپ تىترەپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ خەلچىخاننىڭ ئۈستىگە ئارتىلدى. ئىشتاننى پەسكە تارتىشقا ئۈلگۈرمەيلا خەلچىخان

چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، تۇراقنى كۆرۈپ يۈزى شۇ ھامان قارىداپ، چىڭقىلىپ، بىلەكلىرىگە كۈچ تولدى؛ بار كۈچىنى يىغىپ ئۇنى ئۈستىدىن بوشىتىشقا ھەرىكەتلەندى، ئىشتىنىغا چىڭ ئېسىلىپ ھاسىراپ تۇرۇپ ئۇنى تىللىدى:

— نەدىن چۈشتۈڭ ۋۇي ئېشەك سۈتى ئەمگەن تەخەي، نومۇسنى بىلمەيدىغان رەسۋا، كالىنىڭ قېرىنىدىن چۈشكەن ماز پاينەك، چۈشە، ئۈستۈمدىن چۈش، ئاپاڭنىڭ ئەمچىكى ئەمەس بۇ مۇجۇقلاپ ئوينايدىغان! بىزنى بوزەك تاپمىغان سەن ئىتنىڭ كۈچۈكى قالدىڭمۇ ئەمدى!...

— ئوبدان ئاچا، خەسەم ئاچا، خوش بولاي، مۇشۇ بىر قېتىم...— تۇراق ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ يالۋۇردى.

— چۈشە شۈۋىچى، ئاچاڭنى تېپىپ ئاچا ــ دە!...

— چۈشمەيمەن،— تۇراق چىڭ تىركىشىپ تۇرۇۋالدى.

— چۈش دەيمەن، ھېلى راخمىناخۇن كىرىپ قالدۇ!...

تۇراق بۇنى ئاڭلاپ سەل چۆچۈپ شۈكلەپ قالدى، خەلچىخان شۇ پۇرسەتتە بىرلا كۈچەپ ئۇنى ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى. تۇراق ئورنىدىن قوپۇپ يەنە ئېسىلدى:

— سىز ماقۇل دېمىگىچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن، راخمان كىرىپ قالسا سىزگىمۇ ياخشى ئەمەس، ئاڭغىچە ئىشنى چاققان تۈگىتەيلى!...

— ئەمىسە بىر شەرتىم بار.

— نېمە شەرت؟!

— مەن گەپ سورىسام جاۋاب بېرىسەن، ئەمما راست گەپ قىلىسەن جۇمۇ!

— ۋاي بولدى، چاتاق يوق!

— دەپ باقە، ئاتاڭ راست بىزنىڭ شالىلىقتىكى ئوغۇت سۈيىنى ئېتىزلىقىغا ئېچىۋالغانمۇ؟

تۇراق نەپسى غالىپ كېلىپ راستىنى ئېيتىۋەتتى.

— ھە ئەمدى بولغاندۇ؟— دېدى ئۇ يەنە خەلچىخانغا ئېسىلىپ.

— ياق تېخى،— دېدى خەلچىخان ئۇنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىپ،— بىزنىڭ بۇغداي خامىنىغا تاش تۆككەنمۇ سېنىڭ ئاتاڭمۇ؟

تۇراق بىر پەس شۈكلەپ ، خەلچىخاننىڭ ئۆرلەپ ھەم پەسلەۋاتقان كۆكسىگە، كالتە ئىشتىنىنىڭ كەڭ پۇشقاقلىرىدىن كۆرۈنۈپ قالغان يوتىسىغا قاراپ كاللىسىنى باشقۇرالماي قالدى، كونا خامانىنى سورىغان بىلەن بىزنى نېمە قىلالايتتى دەپ ئويلىدى.

— ھەئە، ئۇنىمۇ بىز تۆككەن،— تۇراق شۇنداق دەپلا يولۋاستەك ئېتىلىپ بارغىنىچە خەلچىخاننى ئاستىغا ئالدى، خەلچىخان جان ئاچچىقىدا ئۇنى يۇقىرىغا ئىتتىرەتتى، تۇراق پەسكە باساتتى. ئۇلار شۇ ھالەتتە تىركىشىپ، پومداقلىشىپ تۇرغاندا راخمان قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، ئېتىزلىقتىن ئۆيگە كىرىپ قالدى، كۆز ئالدىدىكى رەسۋالىقتىن جان ئىمانى چىقىپ، قولىغا كەتمەننى ئالدى. ھەۋەستىن قىزىرىپ خۇدىنى يوقاتقان تۇراق راخماننىڭ ئالۋاستىدەك تويۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، خەلچىخاننى تاشلاپ سامانلىققا قاچتى، گويا ئۇر-ئۇرغا قالغان چاشقاندەك پىتىراپ كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي، جان قايغۇسىدا تەمتىرەپ كەتتى؛ ئاخىر بار كۈچىنى يىغىپ تامدىن ئارتىلىپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتاي دېيىشىگە راخمان پىقىرىتىپ ئاتقان كەتمەننىڭ جۇلدىسى بېقىنىغا تېگىپ پۈتى تامنىڭ ئىچىگە سىيرىلىپ كەتتى. راخمان ئۇنى ئەسەبىيلەرچە قاتتىق ئۇرۇپ-تېپىپ ۋايجىنىنى چىقىرىۋەتتى، تۇراقنىڭ بايىلا قان تولۇپ تۇرغان ئەرلىك بەلگىسى ئەيىپناق بولدى. راخماننىڭ غەزىپى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، تەسەۋۋۇرىدا قىزىنىڭ پەريادلىق چىرايى ۋە مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخاننىڭ

يىراقتىن ۋارقىراپ كېلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئارىلىشىپ كەتتى.
— ۋاي ئاكا... راحمانجىنىكا...تىوۋا قىلدىم... — تۇراق شىمىنىڭ ئېغىنى قاماللاپ يىغلامسىراپ ۋالۇۋردى.
— قىزىمنى بوزەك قىلغىنىڭنى ئاز دەپ ئەمدى بۇ قانجۇقنى تاپتىڭمۇ؟! سىنى مەشەگە ئەكەلگەن شادا پاچىقىڭ مۇشۇغۇ-ھە!!؟
— مەن يوق يەپتىمەن، توۋا قىلاي... — تۇراق بۇ گەپنى دەپ بولغىچە ئۇڭ تىزىغا كەتمەن كېلىپ تېگىپ بولدى، ئۇ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ، كاردىن چىققان پۇتىنى قۇچاقلاپ تامغا ئۇسۇپ قاتتىق ھۆكۈرەپ يىغلىدى، ئاندىن ئۇنى بوغۇلۇپ قەغەزدەك ئاقىرىپ ھوشىدىن كەتتى.
راخمان ئۆمرىگە كېلىپ بىرەر كىمنى بۇنداق قاتتىق ئۇرۇپ باقمىغانىدى، ئۇ تۇراقنىڭ ھوشسىز ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سەل ئىچى ئاغرىغاندەك بولدى. بۇ خىل ھېسسىيات كۆچەيگەنسېرى خەلچىخانغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ئەۋجىگە يەتتى: خەپ توختا، ئىپلاس قانجۇق، ھورۇن چوشقا، قېچىپ قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرەي!
راخمان كەتمەننى كۆتۈرۈپ تالاغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن خەلچىخاننى قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى، ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى، كاللىسىدا پەقەت"ئۆلتۈرۈۋەت! ئۆلتۈرۈۋەت! " دېگەن بىر قەبىھ خىيالدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئورناپ قالغان ياۋۇزلۇق بىر-بىرلەپ سۇغۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەزەلدىن سەل كەمتۈك ئەقلىنىمۇ يوقىتىپ بىرىۋاتاتتى.
خەلچىخان قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورقۇنچتىن تۈگۈلۈپ، تىترەپ ئولتۇراتتى. راخمان قوناقلىقنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىسمىنى بۆرە ھۇۋلىغاندەك بىر قانچە قېتىم غەزەپ بىلەن توۋلىدى. خەلچىخان چىقاي، چىقاي دەپ كۆڭلى يەنە مەلۇم بىر بالا-قازانى تۈيۈپ چىققۇسى كەلمىدى. راخمان ئارقىدىنلا قوناق شاخلىرىنى ۋەھىملىك شالدىرلىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشقا باشلىدى. بۇ شەپە

ھەممە تەرەپتىن تەڭلا ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، خەلچىخاننىڭ يۈرەكلىرى دەھشەتلىك سىيلىپ كەتتى، ئۇ مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قاچماي جىم ئولتۇرۇپ، راخمان كەلگەندە ئۆزىنى ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا ئېتىپ كەچۈرۈم سوراپ، تۇراقتىن ئاڭلىغان ئىشەنچلىك پاكىت ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلىش ھەم ئۆزىنىمۇ ئاقلاش نىيىتىگە كەلدى، مۇمكىن بولسا كېيىنچە سوتقا ئەرز سۇنۇش ۋە ئۆزىنى دوختۇرلار ئارقىلىق تەكشۈرتۈپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقىش ئىشىنىمۇ ئويلاپ قويدى، راخمان كەلسە ئۇنى دەرھال توختىتىۋالايدىغان گەپلەرنىمۇ كۆڭلىدە پىشۇرۇپ قويدى.

راخمان قوناق شاخلىرىنى پاراسلىتىپ بارغانسېرى ئېچكىرىلەپ كىردى ۋە قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان خەلچىخاننىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا قاپلاندەك ئېتىلدى. خەلچىخان ئۇنىڭ بۇنچە تېز كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، قورقۇنچتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھودۇققىنىدىن كاللىسى ئىشلىمەي قالدى، ئەجەل پەيتىدىكى بىخۇتلۇق ئۇنى قىسماق ئاستىغا ئالدى، دەيدىغان گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاپ كەتتى:

— توختاڭلا، مە...ن... ھە...ھە..تۇ...تۇ

خەلچىخان بېشىنى قولى بىلەن توساپ ئېچىنىشلىق چىقىرىۋەتتى، ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرمەيلا كاللىسىغا تەگكەن ئۇشتۇمتۇت زەربىدىن مېڭىسى چاچراپ كەتكەندەك بولۇپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئۇجۇقۇپ كەتكەن روھى ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۇ ئالەمگە كەتتى.

راخمان كەتمەننى تاشلاپ، يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان خەلچىخانغا جىممىدە تىكىلىپ قاراپ قالدى، ئۇنىڭ بېشىدىن توختىماي ئېقىپ چىقىۋاتقان قانلارنى كۆرۈپ جېنى سىرقىراپ، تېقىمدا جان قالماي يەرگە لوككىدە چۆشۈپ يۆكۈندى، ئۇنىڭ

بۇرنىغا قولىنى يېقىن تۇتۇپ، تىنىقى توختىغانلىقىغا ئىشەنمەي، مەيدىسىگە قۇلىقىنى يېقىپ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىماقچى بولدى. ئەمما ئۇ كىچىككەندى، رەھىمسىز رىئاللىق ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى راستتىنلا ئىسپاتلاپ تۇراتتى؛ ئىللىق تىنىقىدىن ھارارەت، كۆكسىدىن لەززەت بەرگەن بۇ قەددىناس ۋۇجۇد تېزلىكتە سوۋۇپ ئاخىر توپىدىن ياسالغان ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى.

قىزىل قانلار ئاللانىڭ ئادەملەرگە ئۆز رىسقىنى تېپىپ يېيىشى ئۈچۈن ئاتا قىلغان بۇ مۇبارەك زېمىننى بۇلغىدى! خۇدانىڭ كىشىلەرگە ئادەتتە تىنك باقالمايدىغان ئىنتائەتمەن، يۇۋاش، مۆمىن بىر بەندىسى شۇ سائەتتە ئەترايىدىكىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا قاتىللىق قىلدى، ئادەم ئۆلتۈردى! بۇنداق دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ بۇنىڭغا كىممۇ ئىشىنەر-ھە!؟ بىراق، بۇ خۇدا كۆرگەن ئىش، ھەممىدىن تېنىۋالغان بىلەنمۇ خۇدادىن تېنىۋالغىلى بولمايدۇ. مەھەللە كوي، خەلقى ئالەم بۇنى بىلمەي قالمايدۇ! راخمان بۇقۇلداپ يىغلاپ يەرگە ئېگىشتى، پېشانىسى يەرگە تەگدى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا يەر، ئاسمان تەڭلا پىقىراپ قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك بىلىندى.

## 19

كۈن ئۇلتۇرۇشقا باشلىدى. راخمان موزاينىڭ ئارغامچىسىنى بىلىگە باغلاپ، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا مۇدۇرۇپ-چوقۇرۇپ قەبرىستانلىققا ماڭدى، يولدا كېتىپ بارغان بىر قانچە كىشىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئەرۋاھتەك كۆرۈندى. زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭغا ئەمدى يوقتەك بىلىنەتتى، ئۆزىنى يەرگە ئەمەس، بۇلۇتقا دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى، گاھىدا بېشى قېيىپ مازارلىققا ئەمەس، باشقا ياققا كېتىپ قالاتتى، خىيالىغا تۇرۇپلا ئاپىسى ۋە باللىق چاغلىرىدىكى بەزىبىر ئىشلار كېلىپ قالاتتى، ئارقىدىن

خەلچىخاننىڭ قارامتۇل چىرايى ئۇنى بىسىپ كېتەتتى. ئۇ تۇساتتىن سىڭايان كۆزلىرى بىلەن راخمانغا ئالۋاستىدەك تىكىلدى، ئاۋازىمۇ قورقۇنچلۇق، پەرىيادلىق چىقاتتى:

— مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرىسەن؟

— يەيدىغان رىسقىڭ شۇنچىلىككەن.

ئۇ كۆڭلىدە بۇ جاۋابنى ئەڭ توغرا تاپتى، ئۆزەمنىڭمۇ يەيدىغان رىسقىم ئاز قالدى، دەپ ئويلىدى، كاللىسى ئارام تاپتى، نىشاننى توغرا تاللاپ قەبرىستانلىققا كەلدى، قىزىنىڭ قەبرىسىنى خاتاسىز تېپىپ باردى، ئىچ-ئىچىدىن ئەڭ چوڭقۇر گەپلەر تىزىلىپ چىقتى، دۇرۇت ئوقۇغاندەك تىترەپ-تىترەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— قىزىم، قىزىم...ماڭا قارا، ماڭا بىر قاراپ قويچۇ! مەن ئاپاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم! نېمىشقا دەمسەن؟ ئۇ سېنى ئالقىنىمغا چۈشۈرگەن، ئاندىن مۇشۇ زېمىنغا بەنا قىلغان شەرمى هايالىق نەرسىسىنى سېنى بوزەك ئەتكەن بىر ئېشەككە تۇتۇپ بەردى! چىدىيالمىدىم قىزىم، ئاپاڭدەك خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتقان گۇناهىمغا سېنىمۇ مۇشۇ يەر ئاستىغا سۆرەپ كەلدىم، سېنى دېمىگەن بولسام، سەن ئۇنى غەزەل ئوقۇپ بېرىدۇ دېمىگەن بولساڭ، مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ كەشىنى توغرىلاپ بولاتتىم! ئۇنىڭ ئېپلاسلىقىدىن دانلىرىمىزدىن تارتىپ مۇزايلىرىمىزغىچە قويماي ئۆلدى، يوقالدى! ئەمدى مەن يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئۆتەلەمدىمەن؟ شۇڭا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۆلۈكىنى قوناقلىققا تاشلاپ قويۇپ ئۆزەم بۇ يەرگە كېلىۋالدىم. قىزىم، قىزىم ئامىنەم، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئاتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالىدىڭمۇ قىزىم؟ سەن هازىر نەدە؟ ئۇ دۇنيادا نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن قىزىم؟ ماڭا قارا قىزىم، گېپىمنى ئاڭلا، غەزەل دېگەننى مەنمۇ ئېيتالايمەن، مەن قېشىڭغا بارسام ئىككىمىز تەڭ ئېيتىمىز، ئاپاڭ دېگەن پاڭقاي كۆزىنى قىسىپ قالدۇ، ئۇنىڭ ئەرۋاهى مەشەدە يۈرگەندەكلا قىلىدۇ! ئۇ ئەمدى سېنىڭ قېشىڭغا

بېرىۋالمسۇن، ئۇنى يېقىن كەلتۈرمە! ئۇنى يېقىن كەلتۈرمە!...

راخمان يەردىن توپا ئېلىپ ئەتراپقا چاچتى، ئارقىدىن قىزنىڭ تۇپراق بېشىغا يۈزىنى يېقىپ بىر هازا يىغلىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بۆككىدە ئۆسكەن تېرەكلىككە كىرىپ، مەزمۇت ئۆسكەن بىر تېرەكنىڭ قاپ بېلىگە چىقىپ، ئارغامچىنى پۇتاققا باغلاپ بىر سىرتماق ياسىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. توساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. دەرەخلەر بوراندا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تەۋرىنەتتى، گويا هازىرلا سۇنىدىغاندەك''غىرىس-غىرىس '' ئاۋاز چىقىراتتى. راخمان تېرەككە چىڭ يېپىشىپ، هايات-ماماتى كۈرىشى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇ كېچىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، تاڭنىڭ بىر دەم ئاتماي تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. بوران چىقىۋەردى، ۋاقىت ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى جىغىلدىتىپ دەرمانىنى قويمىدى، تەسەۋۋۇرىغا يەنە كىچىك چاغلىرى، ئاتا-ئانىسى، ئارقىدىن قىزى بولۇپ بىر-بىرىدىن سۆيۈملۈك ئوبرازلار كېلىپ تىزىلدى. ئارقىدىن بىر قاباھەتلىك مەنزىرە پەيدا بولدى: خەلچىخان قوناقلىقتا ئۆلگەن يېرىدىن قوپۇپ قويۇنتازدەك تېز مېڭىپ مازارلىققا كەلدى ۋە پۇتۇن ئۆلۈكلەرنى ئويغىتىپ،''ئۇ قاتىل، ئۇ قاتىل! '' دەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، تاڭ ئاتقاندا ئۇنى مەسچىت جامائىتىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىماقچى بولدى. راخمان ئۆز خىيالىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالدى، گويا شۇنداق بولىدىغاندەك دەهشەتكە چۆمدى. ئۇ هوشقىيىتىپ تۇرغان بوراننىڭ هەم بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ پات-پات شار-شۇر قىلىپ شاۋقۇن كۆتۈرىدىغان تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ ۋەھىمىلىك ساداسىنى ئاڭلاۋېرىپ قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ كەتكۈدەك بولدى. ھەر بىر شاۋقۇندا بىر تىترەپ تېرەكتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە

تاس قالدى. يىقىلىپ چۈشسىلا تېرەك تۈۋىدىكى ئەرۋاھلارنىڭ ھەرىدەك ئۇلىشىپ ئۆزىنى دەسسەپ چەيلىشىنى، تاڭ ئاتقاندا جامائەتكە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈكۈپ، تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال جەزمەن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىدىكى ھەممە قورقۇنچىنى قىلغان بارلىق ئىشىم خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن يەڭدى، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىنىڭ يەنە بوغۇلۇش، سىقىلىش، تىل-ئاھانەت، لەنەت-نەپرەت ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، روھىي دۇنياسى قاراڭغۇلۇققا تولدى. ساراڭ بولۇۋېلىپ ئازراق بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش خىيالىغىمۇ كەلدى، بىراق دەل مۇشۇنداق ئويلاشنىڭ ئۆزى ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتەلمەي، بەلكى ئۇنىڭ ھاياتلىققا بولغان ئىنتىلىشىنى ئۆلۈمگە بولغان تەلپۈنۈشكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۆلۈم دەھشىتى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى، ئارغامچىدا سىقىلىش، تولغىنىش ئازابى ئۇنىڭ ئۆچۈن يەرگە چۈشۈشتىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلارغا قارىغاندا كۆپ يېنىك ئىدى...

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى، بىر قانچە كىشى (بەلكىم مەسچىتكە ئەزان ئېيتقىلى كەلگەن مەزىن ياكى ئىمام بولسا كېرەك) يىراقتىن ئەرۋاھتەك تەۋرىنىپ كەلدى. ماتەم سىگنالى چېلىندى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھالقىغا بويىنىنى ئۆتكۈزۈپ ئۆزىنى مۇئەللەققە قويۇۋەتتى، ئارغامچا چىڭىپ ئۇنىڭ گېلىنى سىقتى، خۇداغا مىڭ قېتىملاپ تۆۋە قىلدى. ئاخىرقى نەپەسىدە ئۇ قىزىنىڭ ئۆزىگە كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ھالىتىنى ۋە جەننەتنىڭ غايىۋى سىماسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

## 20

مەھەللىنى بىر مەيدان مۇسىبەت باستى.

خەلچىخان قوناق ئورۇۋاتقان چاغدا بايقالدى. شۇ مەيداندا

بارلارنىڭ بىرى قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى. يىزىلىق ساقچىخانىدىن ئادەم چىقىپ تەكشۈردى ھەم قوناقلىقتا تاشلاپ قويۇلغان كەتمەننىڭ راخماننىڭ ئىكەنلىكىگە قاراپ، "راخمان خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ ئارقىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان" دەپ ھۆكۈم چىقىرىپلا ئىشنى تۈگەتتى.

خەلچىخاننىڭ جەسىتى ئىسسىقتا پۇراپ، سېسىپ كەتكەن، يوتا ۋە ساغرىسىنى غالجىر ئىتلار يەپ سۆڭىكى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. راخمان بىلەن خەلچىخاننىڭ ئۆيىدىكىلەرى ئۇنى تاۋۇتقا سېلىپ، راخماننىڭ تاش گۆرلۈكىگە ئېلىپ كېلىپ ئىچىدىن يەنە بىر يەرلىك كولاپ دەپنە قىلدى.

راخماننىڭ يەرلىرى، ۋەيرانە ئۆيىدىكى قولغا چىقمايدىغان مال-مۈلۈكىنى دەپ راخماننىڭ ئۆيىدىكىلەر، خەلچىخاننىڭ ئۆيىدىكىلەر، مەھەللە رەھبەرلىرى ۋە بانكا كادىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگى-جېدەل بىرەر ئايغىچە بېسىقمىدى.

مولىمىناخۇن بالامنىڭ دوختۇر پۇلىنى راخمان تۆلەيتتى دەپ ئۈششۈقلۇق قىلىپ ئاقتۇرالماي، ئۆزىگە يۈك بولۇپ پالەچ ھالەتتە ۋايجانلاپ ياتقان تۇراققا ھەر قىسما گەپلەر بىلەن دوق قىلدى. تۇراق دەھشەتلىك ئاغرىق ۋە كوتۇلداشلارغا چىدىماي، مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان ئېتىزلىقتا كەتكەن ۋاقىتتا ئويۇقتا تىقىپ قويۇلغان ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسىنى ئىچىۋالدى. مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ داد-پەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاشتى. ئۇلار يىغلاش-قاقشاش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كىچىك ئوغلى روزىنى ئەستىن چىقىرىپ قويدى. روزى ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن كۈندە تاماق يېمەي يېتىۋالىدىغان، تۇرۇپلا يىغلايدىغان، ئۆستەڭگە دائىم قېچىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئامىنەم سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ئۇششاق باللىرىنى ئۆيىدىن تالاغا چىقارماي

بېقىنشتى. ئەمما روزى پۇرسەت تاپسىلا قاچاتتى، باغنىڭ سۆگگۈچىدىن، دەرۋازىنىڭ تېگىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى، مولىمىناخۇن ئۇنى يېرىم يولدا يا بولمىسا ئۇ ئۆستەڭ بويىدا سۇغا قاراپ ئولتۇرغاندا بېرىپ تۇتۇۋالاتتى، ئۆيگە كەلگۈچە چىۋىق بىلەن ساۋايتتى. ئاكىسى ئۆلگەندە ئۇ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئۆزى بىلەن كارى يوق تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قىيغىتىپ يۈگۈرۈپ يەنە ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۆستەڭگە بىر دەم چالما ئېتىپ ئوينىدى، سۆگەت تاللىرىنى سۇندۇرۇپ، سۇلارنى چالغىتىپ شاۋقۇن ھاسىل قىلدى؛ ئېقىننىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى ۋە ئامىنەم ئالما سۈزىمەن دەپ يوقاپ كەتكەن جايغا كەلدى. ئامىنەم قالدۇرغان پاتقاق ئىزىمۇ تېخى شۇ پېتى تۇراتتى.

روزى قىرغاقتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى تالنى سۇغا چىلاپ ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان سىزىقچىلارغا بىر پەس قاراپ تۇردى. تۇيۇقسىز بىر كىچىك قول سۇ يۈزىگە ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئارقىدىن سۇمبۇل چاچلىرى نازۇك بويۇنلىرىغا يۆگىشىپ تۇرغان بىر قىزنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ بېشىنى ئاستا-ئاستا بۇراپ روزى تەرەپكە قارىدى، ئەگىم قاشلىرى، قاپقارا كىرپىك بىلەن ئورالغان شەھلا كۆزى، ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى، ئويماقتەك ئاغزى ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ گۆدەكلەرگە خاس پاكلىق، گۈزەللىك تېمىپ تۇرغان رۇخسارىدىن ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىدەك ئاق، ساپ، ئىللىق نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇراتتى، چىرايى سۇغا چۈشكەن ئاي شولىسىدەك نۇر چاچاتتى. قىز غۇبارسىز، غەرەزسىز ۋە ئىنتايىن جەزبىلىك ھالەتتە روزىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەشتىن روزىنىڭ يۈرىكى تېپىچەكلەپ كەتتى. قىز ئۇنىڭغا خىرۇستالدەك ئاق، سۈزۈك، يۇمران، بۇدرۇق قوللىرىنى چىقىرىپ سۇندى. يۈزىمۇ، كۆزلىرىمۇ ئاپتاپتەك پارلاپ، سەدەپتەك چىشلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنۈپ قالدى، قىز سۆزلەۋاتاتتى:

— روزاخۇن، كەل، ساڭا بىلىقتەك سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قويای!

— ئامىنەم مانا، قاراپ تۇر-ھە!

روزى قولىنى سوزۇپ، چاقماقتەك "ۋال" قىلىپ ئىچ-باغرىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ قۇياشتەك يوپيورۇق قىلغان ئاشۇ گۈزەل سىماغا ئۆزىنى ئاتتى..."شار-شۇر" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ لايلىنىپ ئىبقىۋاتقان سۇ دولقۇنلىنىپ كەتتى. روزى بايا تۇتۇپ تۇرغان تال چىۋىق سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالدى.

* * *

ئۇ جانلار زېمىنىنىڭ ئۈستىدە ھەم ئاستىدا، ئۆلۈكلەر، تىرىكلەر ئارىلىشىپ كەتكەن، قۇياش، تۇپراق، ئۆسۈملۈك گىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ خىلۋەت ماكاندا. ۋاقىت قۇياش نۇرى ۋە شامال بىلەن تەڭ ئۆتمەكتە، لاي سۇلار ئاۋۋالقىدەك ئاقماقتا...

# كېيىنكى ئىشلار

ئۇلارنىڭ روھى ئەسلىدىلا تەبىئەت بىلەن تۇتاش ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۇ روھنىڭ تەبىئەتكە مايىل گۈزەللىكىنى قەدىرلەشنى ئۇقمىدى، نادانلىقنى تاشلىيالمىدى. روھ ئىجتىمائىي گۈزەللىككە، ئىزگۈ تەرەققىياتقا ئىنتىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ تەبىئەت گۈزەللىكىگە ئوخشاش مۇقەددەس بولالىشى ۋە تېگىشلىك قىممىتىنى يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆنۈكۈشچان روھى ئۇلارنى قاقاسلىقتا ئۆسۈشكە كۆنۈپ كەتكەن يانتاقتەك مەزمۇت ۋە چىدامىلىق قىلىۋەتكەن. بىز بۇ روھنىڭ ئاددىيلىقى ۋە گۈزەللىكىنى قەدىرلەيمىز، لېكىن بۇ گۈزەللىكنىڭ كەمتۈكلىكىگە ئېچىنماي تۇرالمايمىز. بەزى ئادەمدىكى ئاددىيى، ساددا روھنىڭ بەزى ئادەمدىكى مۇرەككەپ، ئەمما كۈچلۈك روھ ئالدىدا چېنىپ قالىدىغانلىقى ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىسپاتلانماقتا. روھ ئەسلىدە ھەممە ئادەمدە باراۋەر، ئوخشاش مەۋجۇت بولىدىغان نەرسە، ئەمما ئۇ ھەر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا خاسلىققا ئىگە بولغاچقا، يەنە كېلىپ كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇپ كەتكەچكە، شۇنىڭدەك شۇ ئىجتىمائىيلىق ئىچىدە گويا ئاتوم زەررىچىلىرىدەك بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، ئۇنى ئاددىي، مۇرەككەپ، گۈزەل، قەبىھ، ئېسىل، پەس، كۈچلۈك، ئاجىز... دەپ ئايرىيدىغان ئەھۋال تەبىئىيلا كېلىپ چىقتى.

«لاي سۇ ئىچكەن جانلار»نىڭ داۋامىنى يېزىشقا باشلىغىنىمدا مەندە ئىككىلىنىش بولىدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىش-چىقالماسلىقنى بەك ئويلاپ كەتمىدىم، بىر ئەسەرنى يېزىش گويا ئۇزاققا يۈگۈرۈشكە ئوخشايدۇ، مۇساپىنى مۇمكىنقەدەر بېسىپ

تاماملاش كېرەك، چوقۇم چېمپىيون بولۇش ئىستىكىدە يۈگۈرگەنلەر روھىي بېسىمدىن قۇتۇلالمايدۇ، يۈرىكى ئەركىن سوقالمايدۇ. قەلەمكەش ئەڭ ئاۋۋال چوقۇم ئۆز كۆڭلىدىكى ئىجادىيەت بوشلۇقىنى تولدۇرۇشى لازىم، مۇۋاپپەقىيەت ئىككىنچى مەسىلە.

* * *

راخماننىڭ پەرىشتە سۈپەت سۆيۈملۈك قىزى ئامىنەم ئېھتىياتسىزلىقتىن لاي ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن مەھەللىدە بىر مۇنچە ئۆلۈم ۋەقەلىرى بولدى. مەھەللىدىكىلەرمۇ كەينى-كەينىدىن كېلىپ چىققان مۇنداق ئۆلۈم-يېتىمدىن ھەيران بولۇشۇپ، خېلىغىچە ياقىسىنى تۇتۇشۇپ يۈرۈشتى. ئۈچ جانلىق بىر ئائىلە شۇنداق قىلىپ بۇ مەھەللىدىن پۈتۈنلەي يوقالدى، يەرلىرىمۇ مەھەللىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

روزى ئامىنەمنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل بالىلىق دۇنياسىغا كىرىپ كەتتى، زۇلمەتلىك ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئامىنەمنىڭ روھى ئارقىلىق ئايدەك يورۇق بىلىنگەندى. ئۇنىڭ ئۆلۈكى سۇزۇۋېلىنغاندا مولىمتاخۇن بىلەن ئالتۇنخانغا بۇ دۇنيا گويا ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ تېگىدەك قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ ئۆز قىسمەتلىرىدىن قاقشاپ، ئۇزاققىچە يىغا-زارە قىلىشتى؛ بالىلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئۇزۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك غېمىنى قىلىشقا باشلىدى؛ ئەمما تۆنۈگۈنلا تېخى كۆز ئالدىدا تۇرغان ئىككى ئوغلىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقۇلۇپ، مەڭگۈ كەلمەسكە كېتىشى ئۇلارنى ئازابلايتتى؛ ئۆيدىكى، ئېتىزدىكى ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى، باقىدىغان ئۇلاغلارنىڭ جىقلىقى ئۇلارغا بالىلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇتۇپ تۇراتتى. ئىشقا تۆمۈردەك چىڭ ئالتۇنخانمۇ ئىشقا يېتىشىپ بولالماي قالسا دائىم كۆز يېشى قىلاتتى. ئېگىز قەددى قايغۇ-ئەلەمدىن يادەك ئېگىلگەن مولىمناخۇن مەنپەئەت ھەققىدە بۇرۇنقىدەك ئەركىن

خىيال قىلالمايتتى، ئەمما ئۇنى تاشلاپمۇ قويالمايتتى. ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى راخمانىنىڭ، خەلچىخانىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قىزىنىڭ ئۆلۈمىگە باغلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سەۋەب-نەتىجە تېپىشقا ئۇرۇناتتى؛ بىراق ئۇلار بىرىبىر ئۆلۈپ كەتكەچكە، بەختى قارا رەھمەتلىكلەرنى قاغاپ يۇرۇشكە ئۇنىڭ ئاز-تولا ئىمان نۇرى چۈشكەن كۆڭلى كۆتۈرمەيتتى. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ۋەقەلىرىنى ئاخىر يەنىلا خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باغلىماقتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى قايتىدىن چۈشىنىپ قالدى، ئىمانى بۇرۇنقىدىن كۈچەيدى. بۇرۇنقىدەك سەھەر تۇرۇپ ئېتىزنى ۋە باغ-ۋارانىنى چۆگىلەيدىغان، ئېغىل-قوتاندىكى ئۇلاغلارغا، ئۆگزىسىدىكى توخۇ-كەپتەرلەرگە قارايدىغان ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ، سەھەردىلا ھېچنېمىگە قارىماي مەسچىتكە ماڭىدىغان بولدى.

قىش كىرىپ، ئېتىز ئىشلىرى خېلى سېلىكىپ قالغاندا مەسچىتكە نامازغا كېلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى؛ مولمىناخۇن بەش ۋاق نامازغا ئېرىنىسىمۇ، سەھەرلىك بىر ۋاق نامازنى تاشلىماي ئوقۇپ كەلدى ھەم ئۆزىچە بۇنىمۇ تېخى ناھايىتى چوڭ تەقۋادارلىق ھېسابلىدى. ئالتۇنخان ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە تەقۋا مەزلۇمغا ئايلاندى، مۇسىبەت قايغۇسىنىڭ كۈچى ئۇلارنى باشقىچە بىر ئادەم قىلىپ قويدى، بۇ ھالەت پۈتۈن قىش بويى داۋاملاشتى.

ئۇلارنىڭ ئۆيى ”بالىسىزغا ئۆي مازار“ دېگۈدەك بەك چۆلدەرەپ، غېرىبلىشىپ كەتمىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلار بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قېلىشتى، كەڭ باغ-ۋارانلىق، مول تەئەللۇقاتلىق ئۆي ئۇلارنىڭ مۇقەددەس مەنپەئەتى ئىدى ھەم ئۇلارنىڭ ئىش مەيلىنى تارتىپ تۇراتتى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ تىرىكچىلىكى ۋە ھەر بازار كۈنىدىكى قاينام-تاشقىنلىق ئۇلارنى رېئاللىققا باشلاپ تۇراتتى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلارمۇ ھەر قانداق ئادەمگە ئوخشاش قايغۇ-ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنى ئىستەيتتى ھەم ئۆز كۆڭلىگە ئارام

بېغىشلايدىغان نەرسىلەرنى ئىزدەيتتى.
ئالتۇنخان ئەتىيازدا بىر ئاز ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، لېكىن يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنى داۋالاپ ساقايتىۋالدى. ئۇ خېلى پەملىك، چاققان ئايال بولغاچقا، مولمىناخۇنمۇ ئۇنىڭ سايىسىدا خاتىرجەم ياشاپ ئۆگىنىپ كەتكەچكە، بېشىغا كەلگەن بالا-قازا ۋە ھەر خىل مۇشەققەتلەرگە خوتۇنى بىلەن تەڭ چىداشلىق بەردى. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى دەرت-ئەلەمدىن تۈگىشىپ كەتكەن بولسا يەنە بىرىمۇ ساق قالمايتتى.
ئەتىياز كېلىشى بىلەن مەھەللە گۈزەللىشىپ، ھەممە جانلىقلار جانلىنىپ كېتىشتى. ئېرىق-ئۆستەڭلەردە ئەگىز سۇلار شوخلىنىپ ئېقىشقا باشلىدى، دېھقانلار كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلىققا قەدەم تاشلىدى، مولمىناخۇنمۇ خوتۇنى بىلەن تەڭ ئېتىزغا چىقىپ، يول بويىدىكى دەرەخ بىخلىرىغا، ئېرىق بويىدىكى يېڭى ئوت-چۆپ ۋە ئېتىزدىكى مايسىلارغا قاراپ كۆڭلى بۆلەكچە تەسەللىي تېپىپ قالدى.
راخماننىڭ جىن ئۇۋۇلاپ قالغان ئۈيى ئەتىيازدا تېخىمۇ سىرلىق، قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى. ئەسكى تامنىڭ چۆرىسىدىكى قاپاق تېرەكلەر، ياۋا ئۈرۈكلەر، يۈگمەچ ئوتلار چىرمىشىپ كەتكەن قويۇق چىتلار ياز كۈنلىرى كېلىشى بىلەنلا غۇژمەك بىر يېشىل سېپىل بولۇپ، قىشتا مازارلىققا ئوخشاپ قالغان ۋەيرانە ئۆيىنى چىرايلىق ئوراپ، ئۇنى گۈزەللەشتۈرۈپ ھەم سىرلىقلاشتۇرۇپ قويدى. تامنىڭ تۆشۈكلىرىدىكى چاشقانلار قىشچە قازناقتىكى تاش ئارىلاش بۇغدايلارنى ئىلغاپ يەپ تۈگىتىپ ، ياز كېلىشى بىلەنلا بۇغدايلار ساغرىپ پىشىۋاتقان ئېتىزلىققا يۈگۈرۈشتى. ئۇ چاشقانلارنى ئەينى ۋاقىتتا راخمان ۋە خەلچىخان تىنىم تاپىغۇزماي ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئاز قويغانىدى. ئۆي ئىگىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئەمدى بۇ چاشقانلار كۆپىيىپ ھەم يوغىناپ، ئۇلارنىڭ تېمىنى تېخىمۇ چوڭ تېشىپ،

قازناق ئۆيدە ئەركىن يورغىلاپ يۈرۈيدىغان، خالىغان چاغدا سىرتقا چىقىپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ماكانىنى ئاۋاتلاشتۇرالايدىغان بولدى. بۇ يەرگە مەھەللىدىكىلەر كەمدىن كەم كېلەتتى. كۈندۈزى بەزىدە ئويناپ كېلىپ قالىدىغان باللارمۇ قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان بۇ يەردىن كېتەتتى.

ئۈمۈچۈك تورى باغلاپ كەتكەن ئىشىك-رامكىلار، يامغۇر تېشىپ ئېچىلىپ قالغان تورۇسلار، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرى، ھەتتا چىراي تۇرقىنى ئەسلىتىدىغان ئاشۇ ئوچاق، مورا، سۇپىدىكى ئەسكى بورا، يوتقان يىغىدىغان تەكچە، تامدىكى قوزۇق، پوچۇق قاپاق (بۇ ئەينى چاغدا خەلچىخان تۇز چىلايدىغان قاپاق ئىدى) قاتارلىق نەرسىلەر غېرىبانە تاشلىنىپ قالغانىدى، مەھەللىدىكىلەرمۇ ھاياتلىق ئۆچكەن بۇ "جىنىنىڭ كەپىسى"گە كېلىشنى خالىمايتتى، كەلگەنلەرمۇ بىرەر زۆرۈرىيەتتىن كېلەتتى. مەسىلەن، بەزىلەر يازلىق ئالما ئۇلۇقى ئۈچۈن بەلگە كېسىۋالغىلى كېلەتتى، بەزىلەر ئوتۇن ئىزدەپ كېلەتتى، ياز كېلىشى بىلەن بۇ يەرگە يازلىق ئالما يېگىلى كېلىدىغان باللار ئاۋۇپ كەتتى، ئۇلار بۇ بىر تۈپ ئالما دەرىخىگە چىقىۋېلىپ ياكى شاخلارغا چالما ئېتىپ ئەمدى پىشقان ئالمىلارنى قېقىپ يەپ ھەممىنى قورۇغداپ قويدى؛ ئالمىنىڭ شاخلىرى سۇندى، بەلگىلىرى چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھېچكىم بۇ يەرگە كېلىپ قويمىدى.

راخمان ھارام بولغان موزىيىنىڭ گۆشىنى كۆمۈۋەتكەن يەردىن شۇنداق ئۇزۇن، يۇمران ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ چىقتىكى، قاچاندۇر بىر چاغدا بىرەيلەننىڭ كالىسى مۇشۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ قېلىپ، ئاشۇ ئوت-چۆپلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يەپ سېلىپ، قورسىقى كۆپۈپ شۇ يەردىلا يېتىپ قالدى ھەم ھارام بولدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ يەرگە ھېچكىممۇ ئۇلۇقىنى يېقىن يولاتمايدىغان، ئۇ يەردىن ھېچكىممۇ ئوت ئالمايدىغان ياكى شاخ چاتمايدىغان، ھەتتا ياۋا ئۆرۈكلەر پىشىپ

كەتسىمۇ ھېچكىم ئۇنى بىرەر چىشلەم يەپ قويۇشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ كەتتى.

* * *

8- ئايىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەھەللىدە بىر يۇقۇملۇق كېسەل پەيدا بولدى، ھەممە ئادەم ۋەھىمىگە چۈشتى. كىشىلەر ئارىسىدا"ۋابا تارقىلىپتۇ، مۇنچە ئادەم ئۆلۈپتۇ، دوختۇرلارمۇ بۇ كېسەلنى داۋالىيالمايدىكەن" دېگەندەك قورقۇنچلۇق گەپلەر تارالدى، "ۋابا دېگەن نەپەس ئارقىلىقمۇ يۇقىمىش، بۇرۇنمۇ شۇنداق كېسەل بىلەن نۇرغۇن ئادەم بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەنمىش" دېگەن گەپلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تاراپ، ئۆزىنىڭ تەن سالامەتلىكى بىلەن ئادەتتە ئانچە كارى يوق دېھقانلاردا تۇشمۇ تۇشتىن ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى، يەنە كېلىپ ئارقا-ئارقىدىن ئاغرىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىلغان كىشىلەرنىڭ ھەم ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ خەۋىرى بۇ ئەنسىزلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن تالاغا چىقمىدى، ئۆيدە ناماز ئوقۇيدىغانلار كۆپىيىپ كەتكەچكە مەسچىتلەر بوش قالدى، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئاقساپ، بازارلاردىمۇ ئادەملەر شالاڭلاپ، ھەممە ياقنى ۋەھىمە قاپلىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا كېسەلنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈش ، كېسەلنى بايقاش ھەم داۋالاشقا كۆپلەپ ئادەم ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ، يۇقۇملۇق كېسەلنى تىزگىنلەشكە ئاتلاندى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك ۋابا كېسىلى ئەمەس بەلكى يېمەك-ئىچمەكتىن يۇقىدىغان يۇقۇملۇق ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ، بۇنداق بولۇشى ئاساسەن ئىچىملىك سۇنىڭ پاكىز بولماسلىقىدىن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت كەسكىن چارە قوللىنىپ، بازاردا يېمەك-ئىچمەك سودىسىنى دەرھال توختاتتى. ھەر بىر مەھەللىگە بىردىن سۇ كۆلچىكى ياساشنى، ھەر بىر ئائىلىگە

بىردىن ياخشى ھاجەتخانا سېلىشنى بۇيرۇدى. ھەر بىر كەنت، مەھەللە
كادىرلىرى باشقا ئىشلىرىنى قويۇپ، مەخسۇس مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل
بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پۈتۈن يېزا بويىچە كۆلچەك ۋە
ھاجەتخانىنىڭ ئۆلچەملىك پۈتكەن-پۈتمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشتىن
ئۆتكۈزۈۋالىدىغان مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇلدى.

ئالتۇنخان ئاشۇ يۇقۇملۇق مەرەزنىڭ ئۆزىگە يۇقۇپ قېلىشىنى
زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ شۇ ھەقتىكى گەپلەر چىقىشقا
باشلىغاندا ئانچە كۆڭۈلشمىگەن، ئۆستەڭ يىراق بولسىمۇ ئۇنىڭ لاي
سۈيىنى سۈزۈلدۈرۈپ، ئاشقا قويۇپ ئىچىپ كەلگەنىدى. ئەمما ئۇزاق
ئۆتمەيلا بۇ مەھەللىدىنمۇ ئۇنىڭغا يېقىن ئادەم دوختۇرخانىغا يوللاندى،
ئىككىسى ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكىلەر ئۆزلىرىگە
قەدىناس بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە تۇنجى قېتىم شەك كەلتۈرۈشتى.
ئۇلار ئارىسىدا "بۇ ئۆستەڭنىڭ ئۈستۈنكى ئېقىنى بويىدىكى خەقلەر
ئۆستەڭ بويىدا كىر يۇيۇپ، كىر-يۇندىلىرىنى مۇشۇ ئۆستەڭگە
تۆكۈۋەرگەچكە، ئاياغتىكى خەقلەر بۇنى بىلمەي مەينەت سۇنى
ئىچىۋېرىپ ئۆزىگە مۇشۇ كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغانمىش" دېگەن گەپلەر
پەيدا بولدى، بۇ گەپلەر راست ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە بۇ
ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى كۆڭۈللىرىدە ھالاللاپ، چېلەكلىرىدە
سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىشكە مەجبۇر بولۇشتى. ئۇ سۇدىن بەك ئەنسىرەپ
كەتكەنلەر ئۆيلىرىدە تاماقمۇ ئەتمەي، بېغىدىكى مېۋە-چېۋىلەر،
قاتتىق قۇرۇق نانلار بىلەن قورسىقىنى گوللىدى. ئەمما ئۇلار
ئىسسىقسىز قېلىۋېرىشكە چىدىمىدى. سۇ ئۇلارغا تومۇردىكى
قاندەكلا مۇھىم ئىدى. كۆلچەك پۈتۈپ بولغىچە لاي ئۆستەڭنىڭ
سۈيىنى ئىچمەي ئامال يوق ئىدى.

كۆلچەك ياساش ھاشىرىغا مەھەللىدىكى ھەممە ئەزالار
ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى، ئەمما ھاجەتخانا سېلىشنى، يەنە كېلىپ
تۆت تەرىپى پۇختا ئېتىلگەن، ئۈستى يېپىلغان، گەندە ئورىكى

چوڭقۇر بولغان، ھاۋا ئۆتۈشۈش تۆشكى بولغان ئۆلچەملىك ھاجەتخانا سېلىشنى تولىمۇ تەس كۆرۈپ، ھورۇنلۇق قىلىشتى. مەھەللە باشلىقى شۇنچىلىك مۇھىم بىر ئىشنىڭمۇ بۇ ئەزالارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ بۇ ھەقتە مەخسۇس مەجلىس ئاچتى:

— سىلەر بۇ ئىشنى ئۇنداق سەل چاغلىماڭلار، مەن قاراپ باقتىم، ھازىرقى ھاجەتخاناڭلار ئۆلچەمگە ھەرگىز توشمايدۇ! ماڭا مەلۇم، ھەممىڭلار بىر كارىزنى كولاپلا ئۈستىگە ئىككى تال بادرىنى قويۇپ، ھاجەتخانا قىلىۋالغان؛ قارىسا كارىز پوقا توشۇپ كەتكەن، گەندە يا تارتىلمىغان؛ چىۋىنلار ئۈلىشىپ، قۇرتلار قىملىدىشىپ يۈرگەن! مۇشۇنداق پاسكىنا يەردە تەرەت قىلساڭلار كېسەل يۇقماي قالامدۇ؟! خەنزۇ يولداشلاردىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلار نەگە بېرىپ قۇرۇلۇش قىلسا ئاۋۋال بىر ئوبدان ھاجەتخانا سالىدۇ. بىزدە مۇشۇ ئىشقا سەل قارايدىغان ئادەت بەك يامان. ھاجەتخانىمىزنىڭ تايىنى يوق، ئېغىل-قوتانغا، قوناقلىقلارغا بېرىپ تەرەت قىلىدىغان، قەغەز ئىشلەتمەي، توپا-داڭگال بىلەن قىسىلچاقتا پوق ئېتىدىغانلار تولا. گېپىمگە كۆلمەي ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. يۇقۇملۇق كېسەل يەنە تارقىتىدۇ. بۇ نەپەستىن يۇقىدىغان كېسەل ئەمەس، سۇدىن، مەينەت نەرسىدىن، ھاجەتخانىدىن يۇقىدىغان كېسەل! يەنە دەپ قوياي، كۆلچەكنى تېز پۈتتۈرەيلى، ھاجەتخانىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆلچەملىك سېلىپ بولايلى!

*　　　*　　　*

مولىمىناخۇن بېغىنىڭ بۇلۇڭىدىكى كونا ھاجەتخانىسىنىڭ گەندىسىنى بىر كۈندە ئاران تارتىپ بولدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ پاسكىنا ئىشنىڭ ئەڭ چوڭ ئەھمىيىتى يەنىلا ئوغۇت چىقىرىش ئىدى.

ئالتۇنخان ھويلىسىدىكى كارىۋاتتا بېشىنى ياغلىق بىلەن چىڭ چېگىپ، قورساق ئاغرىقىغا چىداپ ياتاتتى. دەسلەپتە ئۇ ئۆزىدە

كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بايقىغان چاغدا ئۆزى بىلىدىغان داۋالاش چارىلىرىنى قوللىنىپ چامغۇر ئۇرۇقىنى قاينىتىپ ئىچىپ باقتى، قارا پۇرچاقنى گۈرۈچ بىلەن قاينىتىپ ئىچىپ باقتى، تۇز دەملەپ ئىچىپ باقتى، تېۋىپلارغىمۇ كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئۆزۈم غورىسى ئېزىپ ئىچىپ باقتى، ئەمما ھېچقايسىسى مەنپەئەت قىلمىدى.

مولىمناخۇن كەچتە ئىشنى تۈگىتىپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ساغىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ چۆچىدى:

— يەنە تولغاق تۇتتۇۋاتامدا!؟

— ئىچىم ئاچچىق سۇرۇپلا تۇرىدۇ، يا بىر نىمە كەلمەيدۇ،— دېدى ئالتۇنخان زەئىپ ئاۋازدا،— پۇت-قولۇمدا ھېچ جان يوق، ھېلىقى كېسەلنىڭ چاپلاشقىنى راست ئوخشايدۇ...

— ئەمدى سىلىنى دوختۇرغا ئاپارمىساق بولمىدى!

— ھازىرغۇ ئانچە ئەمەس، ئەتىگىچە ياخشىلىنىپ قالارمەنمىكىن...

— ھالىڭلا بەك بوش بولسا ئوچۇق دەڭلا، ئەتىگە قالمايلى،— دېدى مولىمناخۇن ئەنسىرەپ.

— قورققۇدەك ئىش يوق، قېنى ئەتە بىر تاڭ ئاتسۇن.

— بىخۇدلۇق قىلمايلى دەيمەن. ئىچىڭلىگە كىرىپ چىققىلى بولمىغاندىكىن ، كېسىلىڭلىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزەڭلا بىلمىسەڭلا، مەن ئۇقۇپ بولالمايمەن، ئەمما ئۆزەڭلىنى دەڭسەپ ئىش قىلىڭلا، جان دېگەنگە ئويناشقىلى بولمايدۇ!

— ئەنسىرىمەڭلا، خۇدايىم جان دېسە بەندە ئاغرىمايمۇ جان بېرىدۇ. ئاخشاملىققا ئۆزگىرىپ قالمىساملا ئەتىلىككە بىر گەپ بولار...

— مەيلى ئەمىسە، ئىختىيار ئۆزەڭلىدە...

— كەچتە يەنە ئىسسىقسىز قالىدىغان بولدۇڭلا، ئىشكاپتا نان بار، چاي قاينىتىدىغان سۇمۇ يوق، ئۆرۈك بىلەن يەپ تۇرۇڭلا.

— ئۈستەڭنىڭ ئېقىن سۈيى مەينەت بولۇۋەرمەس، مەن بېرىپ سۇ ئەكىلەي،- مولمىناخۇن چىلەككە قاراپ ماڭدى.
— بىر ئىككى كۈن چىدايلى،— دېدى ئالتۇنخان ياستۇقتىن بېشىنى تەستە كۆتىرىپ.
مولمىناخۇن تۇرۇپ قالدى، چىلەكنى قويۇپ ئۆزىچە غۇدۇڭشىپ قويدى:
— ئۈستەڭ بويىدىكىلەرمۇ ئۈستەڭ سۈيىنى ئىچمەي، قوشنا مەھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ قۇدۇقىدىن سۇ تارتىپ ئەكىلىپ ئىچىدىكەن.
— بىزمۇ ئەكەلسەك بولامدىكەن؟
— ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيى خېلى يىراقمىش، سۇنى ھارۋا بىلەن توڭدا توشۇيدىغان گەپكەن.
— بىرەر توڭ ئەكىلىپ تۇرامسىلە يا؟!
— ئۇ ئادەممۇ تېخى ئۇ سۇنى ئاسانلىقچە بەرمەيدۇ دەڭلا!— دېدى مولمىناخۇن گويا ئۇ ئادەمنى ياخشى چۈشىنىدىغاندەك.
— ھەممە خەق سۇ دەپ-بىر ئۇالشا شۇنداق قىلسىمۇ قىلغاندۇ...— دېدى ئالتۇنخان. ئۇنىڭ ئىگرىغاندەك بوش ئاۋازىنى مولمىناخۇن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى، ئالتۇنخانمۇ بۇنداق قاتتىق ئاغرىپ باقمىغانىدى.
مولمىناخۇن خوتۇنىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:
— بىر قۇدۇق كولايلى دەپ يا كولاپ بولالمىدۇق، لاي ئۈستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىۋەردۇق. قىرىغاندا ئەمدى ئەپكەش كۆتىرىپ، مۈكچىيىپ يۈرمىسەك بولاتتى. بىر قۇدۇق كولىۋالساق ئۆلگىچە ئىشلىتەلەيتتۇق، پاكىز، سۈزۈك سۇ ئىچەلەيتتۇق، ئۇلاغلارنىمۇ شۇنىڭدا سۇغۇرالايتتۇق....ھەي، قىرىغاندا قۇدۇق كولاشمۇ ئادەمگە ئېغىر كېلىدۇ، ھورۇنلۇق قىلمىساققۇ بىر گەپ بولاتتى. لېكىن بۇ يەردىن قۇدۇق كولىغانغا سۇ چىقامدۇ- چىقمامدۇ،

خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، مەھەللىدىن بىرەرسى يا كولاپ باقمىدى. ھۆكۈمەت خەقنى كۆلچەك كولا دېگۈچە ھەممىڭ قۇدۇق كولا دېگەن بولسىمۇ خەق كولاپ باقاتتى. كۆلچەك، كۆلچەك دېگەن بىلەن كۆلچەكنىڭ سۈيىنىمۇ شۇ لاي سۇدىن سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىدىغان گەپ. ئاڭلىسام ئۇ سۇغا دورا چاچارمىش، خەقلەر تۇغماسنىڭ دورىسى دەپ يۈرۈيدۇ، ئۇنداقتا تېخىمۇ ئىچكىلى بولمايدۇ دەڭلا! قاراپ تۇرۇڭلا، شۇ كۆلچەككە ئۇششاق باللار سىيىپ، پوقىنى تاشلاپ قويسا ياكى ئىت چىچىپ قويسا كىم كۆرىدۇ، توختام سۇدەك مەينەت نېمە نەدە بار؟! كۆلچەكنىڭ چۆرىسىنى ئېتىمىز دەيدۇ، رىشاتكىلىق تام قويۇپ، ئاران بىر ئىشىك بېكىتكۈدەك، ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى مەھەللە باشلىقى تۇتقىدەك. ھەممىسى پوققا تەڭ! ھەر قانچە قىلسىمۇ توختام سۇ دېگەن ئىچىدىنلا سېسىيدۇ. سۇ يەڭگۈشلىسىمۇ بۇ سېسىمچىلىق تۈگىمەيدۇ. سۇدا ئېقىپ كەلگەن قۇرت-قوڭغۇزلار شۇ كارىزدا ماكانلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم يەڭگۈشلىنىدىغان سۇ نەدە، ئۇنى كىم باشلاپ كېلىدۇ؟ ئادەمغۇ بەلگىلە، ۋاقتى كەلگەندە ھەممىسى بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالىدۇ، سۇ باشلاپ كېلىشنىغۇ كېلە، ئۇ سۇ ئېرىقتىن ئېقىپ كېلىدۇ، ئېرىق دېگەندە ئات-كالىنىڭ پوقىمۇ، ئىت-مۈشۈكنىڭ پوقىمۇ، ئادەمنىڭ پوقىمۇ بولىدۇ، ھېچكىم ئۇ سۇنى ئىچىشكە پېتىنالمايدۇ. لاي سۇ تىنىپ ئىسسىقتا بىر سېسىغىلى تۇرسا، ئادەم تۇرماق ئۇلاغلارمۇ ئۇ سۇغا تۇمشۇقىنى تىقالمايدۇ. كېيىنچە سۇنىڭ لېيى قالىدۇ، كۆلچەك تېيىزلاپ، ئاخىر تىنىپ كېتىدۇ. توسما تامنىڭ كېسەكلىرىنى، رىشاتكىلىرىنى خەقلەر ئۆيلىرىگە ئوغرىلاپ ئەكىتىدۇ. ھۆكۈمەت تاپقان بۇنداق گىجىك ئىشلارنى، خەقلەرنىڭ ھە دەپ قويۇپ يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟!....

ئالتۇنخان ئەپكەش كۆتۈرۈۋالغان مولىمىناخۇننىڭ "مەيلى نېمە بولسام مەيلى، ئۆستەڭنىڭ ئېقىن سۈيىنى ئىچىمەن، ھېچ بولمىسا

ئۇلاغلارنى سۇغىرىمەن...» دېگەن گېپىنى گاراڭلىقتا ئاڭلىدى، بېشى تۆگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئاغرىق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئازابى ئۇنىڭ كۆزىدە ئەڭ ئېنىق ئەكس ئېتىدۇ، بۇنداق چاغدا ئادەم ئازابقا ئامالسىز ئارانلا چىدايدۇكى، ھېچنېمىگە ھېرىسمەنلىك قىلالمايدۇ، ساغلام چاغدىكى دۇنيا ھەۋىسى ۋە كۆڭۈل خوشلۇقى كېسەللىكتىكى ئاغرىقنىڭ دەھشىتىدە تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. ئالتۇنخان ئالتۇن دەۋرلىرىنى تېپەن ئۆتكۆزگەندى؛ «ئاغرىماي بىر ئاغرىغان ئادەمگە تەس ئىكەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ قىزىرىپ كېتىۋاتقان بېشى ھەم كۆپۈپ ئاغرىۋاتقان قورساقنى سىلاپ، «ساقىيىپ كېتەلەرمەنمۇ، يەر دەسسەپ ماڭىدىغان، تاماقنى ئوبدان يەيدىغان، تەرەت ئوبدان كېلىدىغان كۈنلىرىممۇ كېلەرمۇ؟!» بىراق شۇ كۈن كەلسە ئۇ يەنە بۇ ئاغرىقلىرىنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئەسلەپمۇ ئەسلەپ بولالمايدۇ، تاكى يەنە قاتتىق ئاغرىمىغىچىلىك ئۇنىڭ دەھشىتىنى قايتا ھېس قىلىپ بولالمايدۇ. ئۆتكۈنچى ھېسسىياتلارغا تولغان ھاياتلىقنىڭ ئاچچىق-چۈچۈك تەمىنى تېتىماي كەتكەن ئادەممۇ بولامدۇ؟ «ئاھ خۇدا!» دەپ ھالسىز ئاھ ئۇرغان بىچارە ئادەمنىڭ كېسەللىك ۋە سەكراتتىكى ھەسرەتلىك نىداسى ئۇنىڭ ساق ۋاقتىدىكى ھەددى-ھېسابسىز تەلۋە چۇقانلىرىنى ئاخىرى بېسىپ چۈشىدۇ.

ئالتۇنخان قورساقنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي سۇپىدا يۇمىلىنىپ كەتتى. تەنىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمىغان روھنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشىنى شۇ ئازابلىق تەنىنىڭ يۇمىلىنىشىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالتۇنخان بىر دەم يۇمىلىنىپ ياتتى، بىر دەم بېلىنى يۆلەپ قوزغىلىپ ياتتى، ئۇ ياق-بۇياققا قىڭغىيىپ، جېنى ئارام تاپىدىغان، راھەتلىنىدىغان بىر ھالەتكە ئۆلگۈدەك تەشنا بولۇپ كەتتى؛ ئۇسساپ گاللىرى قۇرۇپ كەتتى. قوپۇپ ماڭاي دېدى، ئەمما بېشى توختىماي

ئاغرىپ تۇرغاچقا، يەنە شۇ ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، خۇدانى سېغىنىپ، سۆرە ئوقۇپ ياتتى.

ئۇ شۇ تاپتا كۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ يۇمۇلۇپ كېتىشىگە ئىشەنمىگەن هالدا كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى؛ خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا كۆزىنى ئوچۇق قويسىمۇ ئاسماننى قارا كىگىزدەك توسۇپ تۇرغان ئۈزۈم بارىڭىدىن باشقا هېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ شۇ پېتى يېتىپ مۈگدەشكە باشلىدى، ئۇيقۇ ئۇنىڭ بەدىنىنى مەستخۇش قىلىپ، ئاغرىق ئازابىدىن ئانچە-مۇنچە قۇتۇلدۇردى؛ ئۇيقۇ ئۇنىڭ بېشىنى تاشتەك ئېغىرلىقتىن بۇلۇتتەك يېنىكلىككە سۆرىدى. ئۇ چۈش كۆرۈشكە باشلىدى، تەن ئازابىدىن قاچقان روهى ئۆزىنىڭ خالىغان مەنزىلىدە سەير قىلىشقا باشلىدى، ئەنە ئۇ روه ئايلىنىپ بېرىپ راخماننىڭ جىن ئۇۋىلاپ قالغان ئۆيىنى تاپتى: خەلچىخان بىر كورا ئېچىغان پولونى كۆتۈرۈپ، راخماننى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ، قىزىنى ئالدىغا سېلىپ مولىمىناخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايىدىكى مۇنچاقتەك تەرلەر كىرلەشكەن بويىنىغا ساقىپ چۈشۈۋاتاتتى؛ قىزىنىڭ قولىدا يېرىم چىشلەنگەن ئالما، يەنە بىر قولىدا ئوتىغۇچ بار ئىدى، راخماننىڭ دولىسىدا بىسى قايرىلىپ كەتكەن بىر كەتمەن تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، قىزغۇچ ساقاللىرى تىكەندەك تىرتىيىپ چىققانىدى. ئۇلار دەرۋازا تۈۋىگە كەلگەندە راخمان:"مەن كىرمەي، سىلە كىرىپ چىقىڭلا" دېدى. خەلچىخان:"هېلى بىرەر ئىش بولسا سىلىنى چاقىرىمەن" دېدى. خەلچىخان پايپاسلاپ كەلگىنىچە كورىنى سۇپىدا ياتقان ئالتۇنخاننىڭ بېشىدا دوققىدە قويدى. ئالتۇنخان غەزەپتىن تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن خەلچىخاننىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈپ كەتتى،"مولىمىناخۇن نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ، ئىت نېمىشقا قاۋىمايدىغاندۇ، خەلچىخان بولغان يەردە بالام تۇراقچان، ماۋۇ چىرايلىق جىنتەك بولغان يەردە كەنجى قوزام روزاخۇن بولۇشى كېرەك

ئـدى، ئـۇلار مېـنـى يـالغۇز تاشـلاپ نەگـە كەتكـەندۇ؟» دەپ ئويـلاپ هەيـرانلـىقى ئاشتى، قويـۇپ بـىر نەرسـە دەي دېـدى، لېكـىن ئاغزىـنى ئاچـالمىدى، زۇۋانـىـنى هـەر قانچـە قىلـىپمۇ چىقىـرالمىدى، گەجگىسى ياسـتۇققا تارتـىشـىپ، بېشـى تېـنى بىلـەن قوشـۇلۇپ تېگـى يـوق هاڭغا چۈشـۈپ كېـتـىۋاتقاندەك بولـدى. خەلچىخان ئۇنـىڭ بېشـىدا ئۇنـىڭغا مىقـتەك قـادىلىـپ تۇراتـتـى. راخمانمۇ دەرۋازا تۈۋىـدە كەتمىنـىنى تۇتۇپ دېۋەيلـەپ تۇراتـتـى. خـەلچىخان: «ئالـتۇنخان، ئۆزلىرىـنى ئاغرىـىپ قاپتۇ دەپ ئـاڭلاپ ئـالاھىدە ئـاش ئېـتىـپ يوقـلاپ كـەلدىم» دېـدى. قورقۇنچتـىـن ئالتۇنخاننىـڭ يۈرىكـى پـۇلاڭلاپ كەتـتى، «هويلامدىـن چىـق! » دېمەكچى بولسىمۇ، زۇۋانـىـنى چىقىـرالماي خىقىـراپ قالدى. ئاڭغىچە راخمان هويلىـدىكى قوتاندا سولاقلىق، هارۋا قاتسا بولىدىغان بۇقـىـنى سـۆرەپ مـاڭدى؛ ئالـتۇنخان چىدىـيالمىدى، مولىمـىناخۇن چاققـان كـىلىـپ بۇلارنىـڭ ئەدىۋـىـنى بەرسـە بولاتـتـى دەپ بىـتاقەت بولـۇپ، ئۇنـىـڭ ئىـسمـىنى چاقىـرىـپ، يەنـە ئاۋازىـىنى چىقىـرالماي قىينىلىـپ تىپىرلاپ كەتتى...

ئۆسـتەڭدىن سـۇ ئـەكىلىـپ ئەپكەشـىنى قويـۇپ تۇرغـان مولىمـىناخۇن ئالتۇنخاننىـڭ ئىڭراۋاتقانلىقـىنى، بـىر نـېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى.

* * *

مەھەللىنىـڭ ئىچىملىـك سـۈيىنى ياخشـىلاش ئۈچـۈن كولىنىۋاتقان كۆلچەك ئاساسەن پۈتەي دەپ قالدى، ئەزالار بۇ ئىشنى هاشارنىڭ ئورنىدىلا قىلدى. كولىنىپ بولغان كۆلچەكنىڭ چۆرىسى رىشاتكىلىق تام بىلەن ئېتىلدى. رىشاتكىلار تېخى يېشىل سىر بىلەن كۆركەم سىرلاندى. مەھەللە باشلىقى ئۆزى باش بولۇپ كۆلچەككە سۇ باشلاپ كەلدى ۋە كۆلچەككە كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى مەخسۇس ساقلىدى. ئەمما هېچكىم بۇ كۆلدىن سۇ ئېلىپ ئىچمىدى؛ تۈنجى قېتىم قويۇلغان سۇ قاغجىراق يەرگە تېزلا سىڭىپ كەتتى.

كېيىن يەنە سۇ قويغاندا تۇرۇپ قالغان توختام سۇ ئىككى-ئۈچ سائەتلا ساقلىنىپ، كۆندۈزى ئىسسىقتا پارلىنىپ، كېچىسى يەرگە سىڭىپ ئازلاپ قالدى. ئەگەر سۆزۈلگەن سۇغا چىلەك تاشلانسىلا چىلەك چۆكە-چۆكمەيلا سۇلار دۈغلىنىپ كېتەتتى؛ سۇ ئىچىدىن چاۋا-چاتقاللار، پاخال سامانلار ھەتتا تېزەك پارچىلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

كۆلچەك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسى كۆلچەكتە ئىككى ئۆلۈك چاشقان بايقالدى، بۇ گەپ تېزلىكتە تاراپ، كۆلچەكنىڭ كۈرسىنى تېخىمۇ چۇشۇرۇۋەتتى؛ خەقلەر"ھېلىمۇ شۇ سۇنى ئىچىپ سالامەتمىز، ئەقلىمىزنى بۇلغىمايلى" دېيىشىپ، يەنىلا ئۆستەڭنىڭ ئېقىن سۈيىنى ئىچىشكە باشلىدى.

ھاجەتخانىلارمۇ ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرۈلدى، بىر نەچچە ئائىلىنىڭ ھاجەتخانىسى ئۆلچەمگە توشمىغان ھېسابلىنىپ، قايتا سېلىنىشقا بۇيرۇلدى، شۇ قاتاردا مولمىناخۇنىنىڭ ھاجەتخانىسىمۇ بار ئىدى."ھاجەتخانىنى خەق ماڭىدىغان يولدىن يىراق سېلىڭلار" دېسە، مولمىناخۇن يول بويىدىكى كونا ھاجەتخانىسىنىڭ ئورنىغىلا يەنە يېڭىدىن ھاجەتخانا سېلىۋالغانىدى. مەھەللە باشلىقى ئۇزاقتىن بويانقى ئاچچىقىنى چىقاردى:

—— بۇ نېمە قىلىق مولمىناخۇن، خەقنىمۇ ئانچە-مۇنچە ئويلاپ قويۇڭلا!

—— ھاجەتخانامنىڭ بۇرۇنقى جايى مۇشۇ!

—— شۇنچە كەڭ تېمىڭلا تۇرۇپ باشقا يەردىن دوپپاڭلىدەك جاي چىقمىدىما؟!

—— چىقسا سالامدىم...

—— نەچچە ۋاقتىن يولنى پوق پۇرىتىپ كەلدىڭلا، گەپ قىلمىدۇق! خەققە كېسەل يۇقسا مەسئۇلىيەت سىلىگە ئارتىلىدۇ مەن دەپ قوياي، يۇقىرىدىن باشلىقلار كەلسە سىلىنى تۇتۇپ بېرىمەن،

خەققە پـوقۇڭلىنى پـۇراتماي ھاجەتخاناڭلىـنى دەرھـال ئىچىگـە تارتىڭلا!...

— ئالتۇنخان كېسەل، دوختۇرخانىغا بارمىسام تېخى، باللار يوق... يېتىشىپ بولالمايمەن...

— شۇڭا دەيمەن، سىلىنىڭمۇ كېلىدۇ ئەنە، موشۇنىڭ بىلەن بۇ مەھەللىدىن 16 ئادەم دوختۇرخانىغا يوللاندى، ئۈچ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. بۇنى نېمىشقا ئويلىمايسىلە؟! ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ يارەي...ھۆكۈمەت سىلىنى يامان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، ھەر قانداق بانايى سەۋەب بىلەن بۇ ئىشنى ئاقسىتىپ قويساڭلا بولمايدۇ، مەن دەپ قوياي، ئەمدى قۇرۇق بانا كۆرسەتمەڭلا، بىر كۈندە قىلىپ بولسىلە، بۇ مەھەللىدە سىلىدىن چاققان ئادەم يوق!— مەھەللە باشلىقى قاپاقنى تۈرۈپ كېتىپ قالدى.

مولىمىناخۇن يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئاقماس ئىشلىرىنى قاغاپ، ئەمما ئەمەلدارلارغا بويسۇنمىسا ئۆزىگە بەرىبىر ياخشى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ھاجەتخانىسىغا قاراپ ئىچى ئاچچىققا تولدى.

مولىمىناخۇن كۈندۈزى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئالتۇنخاننى بىرەر ۋاق يوقلاپ، قالغان ۋاقىتتا ھاجەتخانىسىنى قوي قوتىنىنىڭ يېنىغا يۆتكەپ سالدى، خۇسۇسىي ئىشى بولغاچقا ھەر ھالدا ياخشى ئىشلەپ پۈتتۈردى، بۇ ھاجەتخانىنىڭ تېمىمۇ خۇددى مولىمىناخۇننىڭ كەينى تېمىدەك ئۆستەڭگە يۇقىرىلىغانسېرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەندى. مەھەللە باشلىقى كۆرۈپ مەسخىرىلىك كۈلدى، بوپتۇ دېدى.

كۆلچەك ئاخىر تاشلىنىپ قالدى، ئەمما خەقلەر ھاجەتخانىسىنىڭ راھىتىنى كۆرۈشتى. مولىمىناخۇنمۇ ئۆزى سالغان ھاجەتخانىدا ھوزۇرلۇنۇپ ئولتۇرۇپ،"ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ئەسلىدە ئوبدان قىپتىكەن، بۇ نەدىمۇ گىجىك ئىش بولسۇن، ئەسلىدە ئوبدان ئىش ئىكەن" دەپ ئويلىدى.

ئالتۇنخاننىڭ كېسىلى يەنىلا بىر خىل تۇراتتى. يېزىلىق

دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللەرنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ تۇراتتى. يېزىلىق دوختۇرخانىغا يېڭى كېسەللەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى، دوختۇرخانىنىڭ ياتاقلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن، دوختۇرخانا ھويلىسىغا كارىۋات قويۇلدى، بۇ كارىۋاتقىمۇ ئورۇنلىشالمىغان كېسەللەر يەردە ياتقۇزۇلدى.

ئالتۇنخان ئورۇقلاپ، قىزغۇچ مەڭزىلىرى كۆز ياپرىقىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنى يوقلاپ بارغان مولىمىناخۇن خوتۇنىنىڭ تونۇغۇسىز دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ خەتەرلىك كېسەلنىڭ يامانلىقىنى ئەمدى تونۇغاندەك بولدى:

— ئاڭلىسام بەزىلەر ساقىيىپ چىقىپتۇ، سىلىنىڭ نېمىشقا ساقايمايدۇ؟ دوختۇرلار زادى نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

— دوختۇرلار ئوبدان قاراۋاتىدۇ، ئاسما ئوكۇلىنى كۈندە بېرىدۇ، تاڭەي، ھېچ پايدا قىلغاندەك ئەمەس. ئەتىگەندە ئۇلار يەنە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ،"بۇ بولماپتۇ، سىلىنى ناھىيىگە يۆتكىمىسەك بولمىغۇدەك" دېيىشتى. يۆتكىسىمۇ يۆتكىسە، پاتراق ئۇڭشىلىپ كەتسەم بولاتتى،— دېدى ئالتۇنخان ئىنجىقلاپ.

— بولسا شۇنداق قىلسۇنا ساقىيىدىغانلا ئىش بولسا! ھۆكۈمەت داۋالاپ ساقايتامدىكەن؟!

— تاڭ، ئۇقمىدىم...

— جان كۈچ كەلگەندە بىزمۇ پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايلى، ھۆكۈمەتكىمۇ قاراپ تۇرماس،— دېدى مولىمىناخۇن خوتۇنىنىڭ ساغرىيىپ قالغان كۆزىگە قاراپ قورقۇپ.

— ۋاي جېنىمەي، ئۇھ... ئەجەپمۇ قىينىلىپ كەتتىم، پۇل تاپتۇق دەيمىز، پۇلنى مۇشۇنداق يەردە خەجلىمەي قانداق قىلىمىز، ئۆيلەيدىغان بالاڭلارمۇ قالمىدى...— ئالتۇنخانىنىڭ چىرايى ئازابلىق قورۇلۇپ كەتتى.

— خۇدادىن قازا كەلسە بەندە نېمە قىلالمايدۇ، ئەمما ئاغرىقتا

سەۋەب قىلىش كېرەك،— دېدى مولىمىناخۇن ئالتۇنخاننىڭ ياداپ كەتكەن قولىنى تۇتۇپ.

— ناماز ئوقۇۋاتامسىلە؟!...

— ھە... ئوقۇۋاتىمەن، ھەر نامىزىمدا سىلىگە خۇدادىن شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن.

— ئوقۇپ تۇرۇڭلا، مەسچىتكە چىقىڭلا، مەنمۇ كېسەلچان تۇرۇپ ئوقۇۋاتىمەن. خۇدايىم سىلىنى ھەرگىز بۇ كېسەلگە قويمىغاي، ئۆستەڭ سۈيىنى پاكىز سۈزۈلدۈرۈپ، قازاندا تازا قاينىتىپ ئىچىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلا، ئۇلاغلارنىمۇ ئۇسسۇز قويماڭلا...

— ماقۇل، ئەنسىرىمەڭلا، خۇدايىم ساقلا ھاي!

مولىمىناخۇن ئالتۇنخانغا ئۆزى ئەتكەن پولودىن ئالغاچ كەلگەندى، ئالتۇنخان ئاشتىن ئەمدى بىر قوشۇق يەي دەپ تۇرغاندا ئۇنىڭ كېسىلىنى يەنە تەكشۈرۈشكە كەلگەن قاپىقى يامان دوختۇر بۇنى كۆرۈپ چېچىلىپ كەتتى:

— كېسەللىرى نېمىشقا ساقايمايدىكىن دېسەم، ئەسلىدە مۇنداق ئىشكەن-دە! بىز كېسەللىرىنى ساقايتالماي ئاۋارە، سىلە بىر كېسەلنى ئىككى قىلالماي ئاۋارە، قويسىلا قاچىنى! ھوي ئاكا، قاچىنى يىغىشتۇرۇپ بۇ يەردىن كەتسىلە ، ئۆزلىرىگە كېسەل يۇقتۇراي دەملا- يا؟! كېسەلگە تاماق ئەكىلىشكە، كېسەلنىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ قاچانغىچە دەيمىز؟ گەپ ئۇقمايدىغان قانداق بەغەرەز خەقتۇ بۇ؟!

— ئۇكاموي، مەن بۇ ئاشقا پاكىز سۇنى قويۇپ ئەتكەن، ئېشەك سۈيدۈكىنى قوشۇپ قويمىغان!— دېدى مولىمىناخۇن ئۇشتۇمتۇت غەزەبلىنىپ،— ئاغرىققا ئاش يەرسە نېمە بوپتۇ؟ ھەقاسىڭلار سۈيۈق شوۋگۇرۇچتىن باشقىنى بەرمەيدىكەنسىلەر، مۇشۇنداق قىلساڭلار ئۇ قانداق ساقىيدۇ؟

— كېتىڭ دېگەندىكىن كېتىڭ، سىز بىلەن تاكاللىشىدىغان

چولام يوق، شۇ تاپتا كېسەللەر بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ!

— ماقۇل دەپ قايتىپ تۇرۇڭلا، — دېدى ئالتۇنخان ئېرىگە مۇڭلىنىپ قاراپ، — ئەمدى ماڭا ئاش ئەكەلمەڭلا، مەندىن ئەنسىرىمىسەڭلامۇ بولىدۇ.

مولمىناخۇن ئارتۇق گەپ قىلماي، مىڭ جاپادا ئېتىپ خوتۇنىغا يېگۈزەلمىگەن پولوسىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىدىن ئەلەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

* * *

يازنىڭ ئەلۋەك كۈنلىرىدە دېھقانلار يەنىلا ساغلام ئىدى، ئۇچەي سۈرگىسى دېگەن بۇرۇنقى ھەقىقىي ۋابا، چۈما كېسىلىگە باققاندا ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى، مۇۋاپىق قوغدانسا ۋە داۋالانسا ساقىيىپ كېتەتتى. مەھەللىدىكىلەر كۈندۈزى ئاپتاپتا ئىشلەپ ئۇسساپ كەتسە ئىلاجىنىڭ بېرىچە قوغۇن تاۋۇز، قېتىق ياكى تولۇق قاينىتىلغان سۇ بىلەن تەشنالىقنى باساتتى، پەقەت بولمىغاندا يەنە ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ ئېقىن سۈيىنى سۈزۈلدۈرە-سۈزۈلدۈرمەيلا ئىچىشكە مەجبۇر بولاتتى. تېخى نامەلۇم كېسەل ۋە بالا-قازانىڭ ۋەھىملىرىدىن كۆرە، كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەر ئۇلارنىڭ نەپسىنى ئالدىرىتىپ، كۆڭۈل تەشۋىشلىرىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. ئەمما دوختۇرخانىدىكى كېسەللەر ساقىيىپ چىقمايلا مەھەللىدىن يەنە يېڭى كېسەللەر دوختۇرخانىغا يوللاندى. بۇ كېسەللەر ئىچىدە ئۆزىنى ناھايىتى ئاياپ قوغۇن-تاۋۇز يېگەن، قايناق سۇ ئىچكەنلەرمۇ، چاڭقاقلىقنى باسالماي ئېرىقتا ياكى ئۆستەڭگە بېشىنى تىقىپ توختام سۇ ۋە ئېقىن سۇلارنى ئىچىپ قويغانلارمۇ بار ئىدى، بۇلارنىڭ كۆپرەكى قوي-كالا باقىدىغان ياشلار، باللار ئىدى. بۇ يۇقۇملۇق كېسەل گويا سىرلىق بىر ئالۋاستى بولۇپ مەھەللىنى توختىماي كېزىپ يۈرەتتى ھەم مەھەللىدىكىلەرگە خۇددى ئەزرائىلنىڭ ئەلچىسىدەك بىلىنەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاچانلاردا، قەيەرلەردە بۇ

ئالۋاستىننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلەلمەيتتى، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىغا تۆۋە قىلىپ، ئۈمىد تىلەيتتى. كېسەلمەن بوۋايلار ۋە ئانچە قېرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ تېنى ئاجىزلار، تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان بەزى ئاياللار ناھىيىلىك دوختۇرخانىلاردىمۇ شىپا تاپالماي ئۆلۈپ كېتىۋاتتى،” پالانى مەھەللىدىن پوكۇناخۇن، ياكى پوكۇنخان ئېرخوبىلىك (2-نومۇرلۇق كېسەل) بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ“ دېگەن خەۋەرلەر ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئۆلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ خەتىرىگە ئۇچرىغانىدى.

مولىمىناخۇن بىرەر كىمدىن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىسىلا ئالتۇنخاندىن ئەنسىرەپ كېتەتتى. ئۇ يېزىلىق دوختۇرخانىغا بېرىپ ئالتۇنخاننىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېتىلگەنلىكىنى ئۇقتى؛ ناھىيە بازىرى مولىمىناخۇن ئۈچۈن قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئەمەس ئىدى، ئۆيدىن، ئۇلاغ-قارىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى. ئۇ ئەتە-ئۆگۈن بارىمەن، مانا-ئەنە دەپ بولغىچە ئالتۇنخان ساقىيىپ ئۆيىگىمۇ كېلىپ بولدى. بۇ چاغدا مولىمىناخۇن ئۆزۈم بارىكى ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاپ ياتاتتى. ئالتۇنخان ئۇنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ، سەل ئۆتۈپ خورىكىنىمۇ ئاڭلاپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، باغقا كىردى. باغنىڭ بۇلۇڭىدىكى قوتاندا كالا، قويلار ئىسسىققا چىدىماي تامنىڭ سايىسىدا تۇگۈلۈپ يېتىشاتتى، سەل نېرىدىكى يېڭى ھاجەتخانا كىچىككىنە پوتەيدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. باغدىكى ئۆرۈكلەر تۈگەپ، ئالمىلار، شاپتۇللار پىشىشقا باشلىغانىدى. باراڭلاردا ئېسىلىپ مەي باغلاپ كەتكەن ساپاق-ساپاق ئۈزۈملەرنى توپا-چاڭ ۋە ئۆمۈچۈك تورى قاپلاپ كەتكەنىدى. تۇراق ۋە روزى بار ۋاقىتلاردا بۇ ئۈزۈملەر ھەرگىز بۇنداق تۇرۇپ قالمايتتى، ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ھەر كۈنى ئۈزۈم يەيتتى، يەكشەنبە كۈنى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى؛ ئالتۇنخان ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قېتىق ساتاتتى. باللار خۇددى بىر ياققا ئويىنغىلى قاچقانىدەكلا يوقالدى... ئالتۇنخان باللىرىنى ئويلاپ يەنە ئۆزاققىچە

ئېسىنى يىغالمىدى، كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ مانا ھازىر يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ خەتىرىدىن قۇتۇلدى، ئۆلۈمدىن ئامان قالدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئادەمدىكى جانمۇ ئۇنداق ئاسان چىقمايدىكەن؛ ئەمما ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ جېنى خۇددى ئىككى چۈشىنىڭ جېنىدەكلا قەدىرسىز تۈگىدى، بۇلارنى تەقدىر پېشانىدىن كۆرمەي نە ئىلاج!

قوش-سۆرەمگە قېتىلغان ئۆكۈزدەك ئېغىر قەدەم بېسىپ ھاياتلىق يولىنى داۋام ئېتىۋاتقان ھەر بىر جاپاكەش دېھقان قوشقا قاتقان ئۆكۈزنى توختىتىپ ئارام ئالدۇرۇپ، ئالدىغا بىر قۇچاق ئوتنى تاشلاپ بەرگەندە ئۆزىمۇ ئارامغا، راھەتكە چىقىپ قالىدۇ، قاتتىق قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچىدۇ ياكى بىرەر ئورام موخۇركا چېكىۋالىدۇ... مولىمناخۇن قاتتىق ھېرىپ ئۇخلاپ كەتكەچكە خېلىغىچە ئويغانمىدى، ئۇ چۈشىدە قوش ھەيدەۋاتاتتى، قىرنىڭ ئۇ بېشىدا تۇراق بىلەن روزى كالىغا ئوت ئېلىۋاتاتتى. بىردەمدىن كېيىن كالىلار قوشتىن چىقىرىلىپ سۆرەمگە سېلىندى، مولىمناخۇن سۆرەمگە چىڭ دەسسەپ، كالىلارغا تاياق ئۇردى. ئېغىزىدىن ئاپئاق كۆپۈك يېنىپ كەتكەن كالىلار كۆزىنى چەكچەيتىپ ماڭغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. مولىمناخۇن بەستلىك ھەم ئېغىر بولغاچقا ھېرىپ ھەم قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كالىلار سۆرەمنى تارتالمىدى. مولىمناخۇنمۇ شۇ كالىلار بىلەن تەڭلا ھېرىپ ھالىدىن كەتتى ، سۆرەمگە دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرى ئىختىيارسىز بوشاپ كەتتى. ئۇ سۆرەمدىن چۈشۈپ ئىككى ئوغلىنى چاقىردى. تۇراق بىلەن روزى ئېلىپ بولغان ئوت-چۆپلىرىنى قىرغا دۆۋىلەپ قويۇپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىشتى ۋە سۆرەمگە چىقىشتى. تۇراق كالىنىڭ ئارغامچىسىنى قولىغا ئالدى، روزى سۆرەمگە چىققىنىدىن خۇشال كۆرۈنەتتى. مولىمناخۇن تاياقنى تۇراققا بېرىۋېتىپ:” تۇراقجان، كالىنى چىڭ باشقۇر بالام! روزى قارى، ئاكاڭنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋال! چوڭ چامىغا دۈچ كەلسەڭلار سۆرەمگە چىڭ-چىڭ دەسسەپ قويۇڭلار! “دېدى. قىردىكى ئوت-چۆپلەرگە

قاراپ كاللار سۆرەمنى جىنىنىڭ بىرىچە سۆرەپ ماڭدى، تۇراق ھودۇقۇپ ئارغامچىنى چىڭ تارتتى، كاللار بويسۇنماي ئالدىدىكى ھەر يوغان چالمىلاردىن، دۆڭلەردىن ئاتلاپ ماڭدى، سۆرەم بىر يوغان چالمىغا دۈچ كېلىپ ئۇنى ئېزىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، شۇ چامىغا پۇتلىشىپ ئۆرۈلۈپ كەتتى، تۇراق بىلەن روزى سۆرەمنىڭ ئاستىدا قالدى. مولىمىناخۇن يۈگۈرۈپ بارغانىدى، سۆرەمنىڭ ئىزىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. سۆرەم ئۇ ئىككى بالىنى ھەش-پەش دېگۈچىلا يەرگە كۆمۈۋەتكەنىدى. ئىككى كالا سەل نېرىدا قىردىكى ئوت-چۆپلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يەۋاتاتتى، باللار بۇ ئوت-چۆپلەرنى كاللارغا ئالغانىدى، كاللار قورسىقىغا ئالدىراپ باللارنىڭ بېشىغا چىقتى، بۇ نېمىدېگەن ناھەقچىلىق!! مولىمىناخۇننىڭ غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تاشتى، قولىغا تاياق ئېلىپ كاللارنى ئۆلگۈدەك ئۇرۇشقا باشلىدى، كاللار ئوتنى چۆرىدەپ ئايلىناتتى، قۇيرۇقلىرىنى خۇددى چىۋىن قورىغاندەك شىپاڭلىتىپ مولىمىناخۇننى يېقىن كەلتۈرمەيتتى. مولىمىناخۇن تېرىكىپ كاللارنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى، تايىقى سۇنۇپ كېتىۋىدى، يەردىن يوغان چالمىلارنى ئېلىپ كاللارنىڭ كۆزىگە ئاتقىلى تۇردى، ئېتىۋېرىپ بىر كالىنىڭ كۆزىنى ئاخىرى قۇيۇۋەتتى، بىچارە كالىنىڭ كۆزىدىن قانلىق ياشلار ئېقىشقا باشلىدى...

ئالتۇنخان ئۆيىدىكى ۋە باغ-ۋارانلىرىدىكى ھەممە نېمىسىنى بىرەر قۇر يوقلاپ چىقتى، ئاندىن ئۆگزىگە چىقتى، توخۇ-كەپتەرلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ باقتى، ساق چىقتى. ئۆگزىدە قۇرۇتۇلغان گۆلە يېيىلىپ ياتاتتى، ئۆگزىگە چىقىپ قالغان ئۈزۈم تاللىرىدا پىشقان ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئالتۇنخاننىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ يىغىلدى، ئەمما يېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئالتۇنخان ئۆگزىدىن يىراقلارغا قارىدى، كۈن ئولتۇراي دېگەنىدى، باللار كالا-قويلىرىنى ھەيدەپ ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى بويلاپ

يېنىپ كېلىۋاتاتتى، يېشىللىققا ئورالغان قاتار تاملارنىڭ مورىلىرىدىن كۆكۈش ئىسلار تولغىنىپ چىقىۋاتاتتى. بىرلا راخماننىڭ ئۆيى غېرىبانە تاشلىنىپ ياتاتتى. ئالتۇنخان قاپاق تېرەكلەر ۋە قويۇق چىتلار قورشاپ تۇرغان شۇ ۋەيرانە ئۆيگە قاراپ بىر هازا تۇرۇپ قالدى. خىيالىدا ئۆتمۈش، جېدەل، ئۆلۈم، يىغا-زارە...هەممىسى گەۋدىلەندى.

مولىمناخۇن چۈشىدىن ئازابلىنىپ ئويغاندى، كۆزىنى ئېچىپ ئۆگزىگە تىكلەنگەن شوتىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ شۇ ياققا قارىدى ۋە ئالتۇنخاننى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى:

— قاچان كەلدىڭلا؟

— هېلىراق كەلدىم.

— يوقلاپ بارغۇچە كېلىۋاپسىلە...

— ئۆزەڭلا يوقلاي دەپمۇ بارمىدىڭلا.

— قېيىدىماڭلا خوتۇن، ئۆي دەپ تىكلەپ قويۇپتۇق، ئىشلىمسەك تېخى، بۇ تويماس قوي-توپاقلارنى بىراقلا ئۆلتۈرۈپ سويغىلى يا بولمىسا...ئېتىزغا چىقىپ كەتمەن چاپمىساق تېخى بولمىسا... ئۆلسەك ئەڭگىزە تۆگەمدىكىن بۇ ئىشلار...

— مەن ئۆلمەي ساق كەلدىم، مەن ئىشلەي، مېنى ئىش بىسۇالسا مەيلى؛ كۆتەكتەك ئەر كىشى تۇرۇپ قاقشايسىلىنا؟!
خۇدايىم سىلىگە مەندەك خوتۇننى بېرىپتىكەن، بولمىسا راخمان ساراڭدەك يۈرەتتىڭلا...

مولىمناخۇن ئاران ساقىيىپ كەلگەن خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى، گەردىنىنى قاشلىغىنىچە ئورنىدىن قوپۇپ كالا قوتىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ سەل بىكار بولسىلا ئېغىل-قوتانلىرىنى چۆگىلەيتتى، كالىسىنىڭ يوغان كۆزىگە، كۆشەپ تۇرغان ئېغىزىغا قارىسىلا هەر قانداق ئىشقا ئاشۇ كالىدەك چىدامچان بولۇش كېرەكلىكىنى، جاپادىن كېيىنكى هوزۇر-هالاۋەتنى كۆشەشنىڭ نەقەدەر ئوبدان ئىكەنلىكىنى هېس قىلاتتى.

مولىمناخۇن يەنە شۇ لاي ئۆستەڭدىن سۇ ئەكىلىۋەردى. ئالتۇنخان ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئىككى چېلەك سۇنى ئىشلىتىپ بولاتتى. بىر كۈنى چۈشتە مولىمناخۇن ئالتۇنخان ئاران سۈزۈلگەن سۇنى قۇيۇپ ئەتكەن سويۇقئاشتىن ئۈچ چىنە ئىچىپ، ئارقىدىن سەت كېكىرىپ ئېتىزلىققا ماڭدى؛ ئېتىزىغا بېرىپ كالىسىنى قوشقا ماڭدۇرا-ماڭدۇرمايلا قورسىقىنىڭ ئاغرىقىدىن تولغۇنۇپ قالدى؛ بۇ ئاغرىقتىن كۆرە ھېلىقى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ۋەھىمىسى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى، پۇت-قوللىرىدا جان قالماي چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قىرنىڭ دالدىسىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. كالىلار بىخارامان تۇراتتى، مولىمناخۇن كالىلارغا قاراپ ھەۋەسلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە قوش ئىزىنى بويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بىر تولۇم چاشقاننى كۆرۈپ قالدى، قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرەلمىدى.

ئالتۇنخان مولىمناخۇننى يەرلىك ئۇسۇللار ۋە دوختۇرخانىدىن ئېلىۋالغان دورىلار بىلەن ئىككى كۈندە داۋالاپ ساقايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قورسىقى كۈن ئارىلاپ گاھى قاتتىق، گاھى بوش ئاغرىپ تۇردى، پەقەت خاتىرجەم بولالمىدى، كېسەللىك، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدى، ئاخىر چىدىماي خوتۇنىغا:

— ئالتۇنخان جان كەتسىمۇ مەيلى، قۇدۇق كولايلى! — دېدى.

— كولىيالامدۇق؟ — دېدى ئالتۇنخان گۇمانسىراپ، — بىز كولىساق خەق سۇ دەپ تولا كېلىۋالامدىكىن...

— بىزنىڭ تام خەقتىن يىراقتا، كىم كۆرىدۇ؟ سۇ چىقامدۇ-چىقمامدۇ تېخى، ھېلىقى ئادەمنىڭ قۇدۇقىدىن ئون نەچچە مېتىردا سۇ چىقىپتىكەنمىش!

— ئۇنداقتا بىزمۇ كۈندە بىر مېتىردىن كولىساق ئون نەچچە كۈندە كولاپ سۇ چىقىرىپ بولغىدەكمىزغۇ؟!

— يەرنىڭ قېلىنلىقى ئوخشىمايدۇ، — دېدى مولىمناخۇن ھويلىسىغا قاراۋېتىپ، — بەزى يەردىن مىڭ چوڭقۇر كولىسىمۇ سۇ

چىقمايدۇ. بەزى يەردىن بىر نەچچە مېتىر كولا-كولمايلا سۇ چىقىدۇ، بەزى يەردىن كولمىسىمۇ سۇ چىقىدۇ، بۇلاق بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىن سۇ چىقسا تەلىيىمىز...

— ئەگەر سۇ چىقماي قالسا كولىغىنىمىز بىكار بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ئورەكنى كىم تىنىدۇرىدۇ ، بۇنىمۇ ئويلاپ قويۇڭلا!

— كولمىغۇچە ئۇقمايمىز، بىر كولاپ باقساق دەيمەن!

— كولايمىز دېسەڭلا كولاپ باقايلى، خۇدايىم تارتقان جاپايىمىزغا چۇشلۇق سۇ بېرىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

— يەرنىڭ تېگىدە شۇنداق ئوبدان سۇ تۇرسا، كۆندە بۇ لاي دوغاپنى ئىچىۋېرىپ قورسىقىمىزنى ئاغرىتىپلا يۈرۈيمىزمۇ؟ بۇرۇنلا زادى شۇنداق پىلانىم بار ئىدى، ئەمدى بولسىمۇ تازا ۋاقتى كەلدى! كېلىڭلا، قۇدۇقنى نەگە كولايمىز، دەڭلا! — مولمىناخۇن كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، خوتۇنى بىلەن دېيىشىپ قۇدۇقنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى ۋە ئۇيەرنى يۇمىلاق چېيىپ بەلگە قىلىپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق كولاش باشلىنىپ كەتتى. مولمىناخۇن توپا قازدى، ئالتۇنخان توپا تارتتى. بىرىنچى كۈنىلا ئىككى مېتىر كولاندى. قۇدۇق چوڭقۇرلىغانسېرى توپىسىنى تارتىش تەس بولدى. مولمىناخۇن قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغاندا ئىشلىتىدىغان چىغىرىقتىن بىرنى ياسىدى، ئۇ يەرنىڭ تېگىنى كولاپ توپىسىنى چېلەككە ئۇسۇپ بەرسە ئالتۇنخان ئۈستىدە تۇرۇپ چېلەكنى ئوڭايلا تارتالايدىغان بولدى. يەر تېگىگە چوڭقۇرلىغانسېرى توپا چىقىرىش تەسلىشىپ كەتتى، مولمىناخۇن دەستىنى قىسقا قىلىپ كېسىپ ئىشلىتىۋاتقان ئىتتىك، ئەپچىل كەتمەنمۇ گاللىشىپ كەتتى. ئالتۇنخان قۇرۇق چېلەكنى مولمىناخۇنغا چۈشۈرۈپ بەرگەندە چېلەك ئېلىمەكتىن بىر نەچچە قېتىم ئاجراپ كېتىپ، پەستىكى مولمىناخۇننىڭ كاللىسىغا تېگىپ، ئۇنىڭ بېشىنى تۇخۇمدەك ئىششىتىپ قويدى. مولمىناخۇن بېشىنى چاڭگاللاپ، ۋايجانلاپ بىر

دەم ئۇلـتۇرۇپ كەتـتى، ئاندىـن ئۈسـتـىدە ئىچـى سـىرىلىپ تۇرغـان ئالتۇنخانغا قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئاستىراق چۈشۈرسەڭلا بولمامدۇ!

— ئاستا چۈشۈگەنتىمغۇ، ئەستا، بولمىسا چىلەكنىڭ بېغىنى ئىلمەككە سىم بىلەن چىڭ باغلىۋېتىڭلا...

مولىمىناخۇن شۇنداق قىلدى، ئەمما يەنە بىر قېتىم ئالتۇنخان خىيال بىلەن تۇرۇپ قېلىپ، چىغىرىق چىلەكنىڭ ئېغىرى بىلەن تېز ئايلىنىپ كېتىپ، چىلەك يەنە مولىمىناخۇننىڭ كاللىسىغا ”داڭگىدە“ تەگدى، تەگكەندىمۇ چىلەكنىڭ تەگلىكىدىكى قاتتىق قىرى تېگىپ ئۇنىڭ بېشىنى قانىتىۋەتتى. قاتتىق ئاغرىق ۋە ئاچچىق دەستىدىن مولىمىناخۇن گەپمۇ قىلالماي، كاللىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، دەردىنى ئىچىدە بىلدى، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى...

بۇنى ئالتۇنخان كۆرەلمىدى. ئۇ چوڭقۇر ئورەككە بويۇنداپ قاراپ، يەرنىڭ تېگىدە قۇرتتەك تولغىنىپ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ ھالىغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتتى، بىراق نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى. ئارىنى ناھايىتى ئېغىر بىر سۈكۈت قاپلىدى. بىر پەستىن كېيىن ئالتۇنخان يەرنىڭ تېگىدىن بوغۇق ۋە قەھرلىك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى:

— بولسا بېشىمنى يېرىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىڭلا! بۇنداق جاندىن تويدۇم! قۇدۇق كولايمەن دېگەنگە تويدۇم، سۇ ئىچىمەن دېگەنگە تويدۇم! بىر جېنىمغا قانچىلىك سۇ ئىچەتتىم مەن!؟ سىلىنى ئاپاي دېمىسەم بۇ سوغوق يەرنىڭ تېگىدە نېمە قىلاتتىم مەن؟! ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا دەپ كۆرۈڭلا ما قىلىقىنى!

ئالتۇنخان گەپ-سۆزسىز بېرىپ، باراڭنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتقا داستىخان سېلىپ چۈشلۈك چاي تەييارلىدى.

بېشى تېڭىلغان مولىمىناخۇن چايدىن كېيىن خان تويىقۇسىنى باشلىدى؛ چۈش كۆردى، چۈشىدە كولانغان يەردىن سىرغىپ چىقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇلارنىڭ قاراڭغۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك

جىمىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى... مولمىناخۇن چۈشىدىن ھاياجانلىنىپ ئويغىنىپ، قۇدۇق بېشىغا كەلدى. ئەمما قاراڭغۇ يەردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى، لېكىن يەنە ئازراق كولىسىلا شۇ يەردىن سۈزۈك سۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىدى.

ئۇلار ئۈچ كۈن ھەپىلىشىپ قۇدۇقنى ئالتە مېتىر كولاپ بولدى. تۆتىنچى كۈنى سەھەردىن باشلاپلا يەنە كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. يەرنىڭ تېگى سوغۇق بولغاچقا، مولمىناخۇننى بېشىغا چىلەك چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقا، ئالتۇنخان ئۇنىڭغا ئىچىگە قوي يۇڭى تىقىلغان تۇماق كىيگۈزۈپ قويدى. يەرنىڭ چوڭقۇرىدىكى قاتتىقلىقتا مولمىناخۇننىڭ قولىدىكى كالتە كەتمەنمۇ ئاران پايلىدى. ئالتۇنخانمۇ ئېرى بىلەن چىشىنى چىشلەپ قاتتىق ئىشلىدى. بۇ كۈنى ئۇلار ئۈچ مېتىر كولاپ رېكورت ياراتتى. ئەمما ئەتىسى ئالتۇنخاننىڭ بېشى ۋە پۇت-قوللىرى ئاغرىپ ئېغىر ئىشلارغا كۆچىنەلمەيدىغان، تاماق ئېتىش تۈگۈل چاينىمۇ ئارانلا قاينىتالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. مولمىناخۇننىڭ پۇت-قوللىرىمۇ سىقىراپ ئاغرىپ، بېلى تېلىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بەستىلىك بولغاچقا قۇدۇقنىڭ ئايلانمىسىنىمۇ چوڭراق چېپىپ بارمىسا ئۆزىنى سىغدۇرىدىغان يەر قالمايتتى. ھەر قېتىم زوڭزىيىپ ئىشلىگەندە ھەر بەش مىنۇتتا بىر قوپۇپ بېلىنى رۇسلىۋالمىسا بېلىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي قالاتتى، ئىشقا ياراپ قالغان ئوغۇللىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم بېلىنى رۇسلاپ ئۆرە بولغاندا ئۆزىنى ئىككى قانىتىدىن ئايرىلىپ مۇشۇ ئورەككە چۈشۈپ كەتكەن ئىمجان قۇشتەك ھېس قىلاتتى،” ئەر خەق بېلىدىن كەتسىلا تۈگەيدىكەن، ئەۋلادسىز قېرىپ ئۆلگەندە يەنە مۇشۇنداق قارا يەرنىڭ تېگىدە چىرىپ تۈگەيدىكەن“ دەپ ئويلايتتى. ئۇ قۇدۇق كولاۋېتىپ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ گورىنى كولاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ۋۇجۇدى تىترەپ

كېتەتتى، يەر نېمدېگەن سوغۇق-ھە! ئۇ سۇ ئىزدېمەكچى، چۈشىدە كۆرگەن زۇمرەتتەك سۈنى كۆرمەكچى ئەمەسمىدى؟! قاراڭغۇ ئاسماندا ئاي-يۇلتۇز بولمىسا ئاسمان سەت كۆرۈنگەندەك، قاراڭغۇ يەر تېگىمۇ ئەگەر سۈزۈك سۇدىن پارقىرىمىسا گۆردەك قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتمەمدۇ؟!... مولمىناخۇن چىن كۆڭلىدىن خۇداغا سېغىنىدى ۋە ئۈنىڭدىن مەدەت تىلىدى؛ خۇداغا باغلانغان روھىي كۈچ ئۈنىڭغا باشقىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى. ئۇ ئىشتانلىرىنى ۋە يەكتىكىنى سېلىپ كۇسارچان، مايكىچان بولۇۋېلىپ قاتتىق ئىشلەشكە باشلىدى، ئىشلەۋېرىپ پېشانىسىدىن تەر ئاقتى، يەرنىڭ نەم، سوغوق ھاۋاسى تازا خوشياقتى. ''مۇشەققەت تارتمىۋېتىپ راھەت كۆرۈشتىنمۇ ئېسىل ئىش بارمۇ جاھاندا... ''دەپ ئويلاپ، كۆڭلىنى ياسىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن قۇدۇق ئون مېتىر كولىنىپ بولدى، يەرنىڭ تېگىدىن ئەمدى قاتتىق نەم توپا ۋە شېغىل تاشلار چىقىشقا باشلىدى، مولمىناخۇن''سۇ چىقمىسا ئالتۇن چىقىپ قالسىمۇ مەيلىدى ئىگەكىم، خۇدايىم بېرىپ قالامدۇ تېخى... '' دەپ كولاۋەردى. ئەر-خوتۇن بىر كۈن قاتتىق ئىشلەپ يەنە ئىككى مېتىر كولاپ بولدى، كولاپ چىقىرىلغان توپا ئاۋۋالقى توپىدىن نەچچە ھەسسە نەم ئىدى، قول بىلەن ئۈۋۈلىسا قولغا سۇ يۇقۇشۇپلا تۇراتتى؛ ئەمما بۇنداق توپىنى كەتمەن بىلەن بوشىتىش ئىنتايىن تەس ئىدى. مولمىناخۇن كەتمىنىنى تولۇق تاشتا بىلەپ ئىتتىك قىلىپ، قۇدۇققا يەنە چۈشۈپ بارلىق كۈچ-مادارىنى يىغىپ، تاشتەك قاتتىق يەرنى مۇز چاپقاندەك توك-توك قىلىپ چېپىشقا باشلىدى. كەتمەنىنىڭ بۇنداق قاتتىق چېپىلغاندىكى رېتىمى گويا تۆمۈرچىنىڭ بازغىنىغا ئوخشايتتى.

داۋاملىق كولىنىۋاتقان قۇدۇقتىن لاي توپا چىققىلى تۇردى، چىغىرىقنى چۆرىمەك بارغانسېرى تەسلەشتى، ئالتۇنخان چېلەكنى ھەر قېتىم كۈچەپ تارتقاندا تەۋرەپ-تەۋرەپ چىقىۋاتقان ئېغىر چېلەك

تەكشى ئويۇلمىغان يەرلەرگە بەزىدە سۈرۈلۈپ كېتەتتى-دە، بىر مۇنچە توپىنى مولىمىناخۇننىڭ بېشىغا چۇشۇرىۋېتەتتى. ئالتۇنخانغا ئامال يوق ئىدى، مولىمىناخۇننو ئاز قالغاندا چىدىماي تۇرالمىدى.

قۇدۇق كولانغىنىغا توققۇز كۈن بولغاندا قۇدۇقنىڭ تېگىدىن لاي چىقىشقا باشلىدى، لاي قاتلىمى يېرىم مېتىردەك كولىنىپ بولغاندا كەچ كىرىپ كەتتى، مولىمىناخۇننىڭ پۇتى رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋالسىمۇ مۇزلاپ كەتتى.

ئەتىسى ئۇلار بامدات نامىزىدىن يېنىپ قۇدۇق بېشىغا كەلدى ۋە قۇدۇق ئاستىدا كۆمۈشتەك ئاق، زۇمرەت سۇلارنىڭ جىمىرلاپ، چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانلىرىنى باسالماي قېلىشتى. مولىمىناخۇن شۇ تاپتا چۈشىدە كۆرگەن مەنزىرىنى ئۆڭىدە كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ بەخت شولىسىنى كۆرگەندەك بولۇشتى.

— بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلساق بولماسمىدى دەيمەن ئالتۇنخان، كەچكىچە لاي سۇ ئىچىپ يۈرگىچە...

— قىلساق بولاتتى شۇ، نېمىشقا قىلمىغانتىڭلا؟!

— ئاش ئېتىپ، كىر يۇيىدىغان ئادەم سىلە بولغاندىكىن ما ئىشنى قىلىلى دېمىدىڭلا...

— سىلىمۇ ئاشنى ئىچىۋالساڭلا باشقىسى بىلەن كارىڭلا يوق يۈرۈۋەردىڭلا...

— بولدى، ئەمدى سۇدىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق! — دېدى مولىمىناخۇن زۇمرەتتەك چىرايلىق سۇدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي.

— بۇ سۇ تۈگەپ قالماس-ھە، چىلەك تاشلاپ باقامدۇق، چۆكەمدىكىن.

— تېخى چىلەك چۆككىدەك بولمىدى، يەنە ئازراق كولاپ لېيىنى تارتىۋەتمىسەك بولمايدۇ.

مولىمىناخۇن رېزىنكە ئۆتۈكىنى كىيىپ قۇدۇققا يەنە چۈشتى.

ئالتۇنخان ئۆستىدە تۇرۇپ سۇ تارتتى ۋە بۇ سۇنى تولىمۇ قىممەتلىك كۆرۈپ ئۇنى ئۆزۈم كۆچىتىنىڭ تۈۋىگە تۆكتى. مولىمىناخۇن سۇنى تارتىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قالغان زەي، سۇلۇق يەرنى توختىماي چېپىشقا باشلىدى، سۇمۇ ئۈزلۈكسىز سىرغىپ چىققىلى تۇردى. ئۇ بىر تەرەپتىن سۇنى چىلەككە ئۇسۇپ، بىر تەرەپتىن قاتتىق لايلارنى چېپىپ، قۇدۇقنى داۋاملىق چوڭقۇرلاتتى. سىرغىپ چىقىۋاتقان سۇلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، مولىمىناخۇننىڭ رېزىنكە ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا كىرگىلى تۇردى.

— چىلەك چۆككىدەك بولسىلا بولدى، يېنىپ چىقىڭلا، — دېدى ئالتۇنخان.

مولىمىناخۇن شالاپىلىتىپ سۇ كېچىپ يەنە بىر هازا لاي تارتىپ، كۆڭلىدە قانائەت هاسىل قىلغاندا ئاندىن بولدى قىلدى. سۈزۈك سۇنى لايلاشتۇرۇۋاتقان لايلارنى ۋە لايلىشىپ كەتكەن دۇغ سۇلارنى چىلەككە پاك-پاكىز ئۇسۇپ تۆگەتكەندىن كېيىن قۇدۇقتىن يېنىپ چىقتى.

يېرىم سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا قۇدۇق تېگىدىن يەنە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زۇمرەت سۇلار ۋىلىلداپ چاقناشقا هەم داۋاملىق كۆپىيىپ ئۆرلەشكە باشلىدى. بۇ سۇلارنى ئىچكۈسى كېلىپ كەتكەن مولىمىناخۇن قۇدۇققا پاكىز چىلەكتىن بىرنى تاشلاپ ئازراق سۇ تارتىپ چىقتى ۋە ئۇنى قاپاق نوگايغا ئېلىپ سۈمۈرۈپ ئىچىشكە باشلىدى، گويا زەم-زەم سۈيىنى ئىچكەندەك كاتتا تۇيغۇغا كەلدى، ئىنتايىن هوزۇرلاندى، هاياجانلاندى:

— ئۇھ، ماۋۇ سۇ يۈرەككە باردى، ئەجەپ تاتلىق سۇكەنغۇ بۇ، هەرەمدىكى زەم-زەم سۈيىنىمۇ يەردىن چىققان موشۇنداق سۇ دەيدۇ، خۇدا بەرگەن تاتلىق سۇلار-دە! كېلىڭلا ئالتۇنخان، سىلىمۇ ئىچىڭلا!

ئالتۇنخانمۇ ئۇ سۇدىن ئىچىپ ناهايىتى راهەتلەندى، كۆلدى، ۋۇجۇدى يېڭى كىيىم كىيگەن قىزلاردەك يايراپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنىلا

قۇدۇق سۈيى قۇيۇپ ئوخشىتىپ سۇيۇقئاش ئەتتى؛ ئۇلار بۇ ئاشنى ئىچىپ ئۇن كۈنلۈك جاپالىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندەك بولۇشتى.

* * *

يازنىڭ ئىسسىقىدا يۇقۇملۇق كېسەل يامانلىشىپ، مەھەللىدىكىلەرگە بىر مەھەل تەھدىت سېلىپ ئۆتتى؛ تېنى ئاجىزلار، كېسەل چىڭ چاپلاشقانلار ئۇ دۇنياغا كەينى-كەينىدىن ئۇزاپ كەتتى، قىش كىرگەندە يۇقۇملۇق كېسەلدىن قاتتىق ئاغرىغانلار ۋە ئۆلگەنلەر كۆرۈلمىدى، پەقەت مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئۆرە بولالماي ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

قەھرىتان قىشتا ھەممە ياقنى مۇدھىش سوغۇق كېزىپ يۈرەتتى، يالىڭاچلانغان تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدا ئاق قۇشقاچلار شاختىن شاخقا ئۇچۇپ، ۋىچىرلاپ سايرىشىپ يۈرەتتى، قارا قىش ئۇيقۇسىدا ياتقان كەڭرى بۇغدايلىقتا قارا قاغىلار توپ-توپ بولۇپ"مەجلىس" ئېچىشىپ تۇراتتى. قېلىن پاختىلىق ئىشتان-چاپان كىيىۋالغان باللار قويلىرىنى دەرەخلىك ئارىسىدا يايلىتىپ، ئۆزلىرى بىر ياقتا قىززىق ئويۇنلىرىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى.

قىشلىق ئوزۇقىنى ۋە قول ئىلكىدە بارىنى تېجەپ ئىشلىتىۋاتقان ئائىلىلەردە ھورۇنلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەرلەر بىر يەرگە جەم بولسا بىرەر ئورامدىن چېكىشىۋالاتتى، ئاپتاپسىنغاچ قۇرۇق پاراڭ سالاتتى، خوتۇنلارنىڭ گېپىنى قىلاتتى ياكى ئاز-ئازدىن پۇل تىكىشىپ قەرت ئوينايتتى. ئاياللار باللىرىغا تەمەچ تەرگۈزۈپ، تونۇرغا ئوت سېلىپ نان ياقاتتى، ئۆيلىرىدە يوتقان تىكەتتى، قىشلىق كىيىم يامايتتى، كىگىز قاقاتتى، ئەمما ئىشتىن قولى بوشىسىلا ئۇلارمۇ كۆڭلى يېقىنلىرىنىڭ ئۆيىگە بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ باراتتى-دە، غەيۋەت باشلىناتتى.

ئاپئاق قىرۇ قاپلىغان ياكى قېلىن قارنىڭ ئاستىدا ياتقان

ئېتىزلادا تەبىئەتنىڭ رەڭدار مەنزىرىسى ۋە قايناق ئىش-ئەمگەك كەيپىياتى قالمىغان، پەقەت ھەر بىر ئۆيدە سوغۇقتىن پاناھلىنىپ، كاڭ ئوچاق ۋە مەشلەرگە قاقلىنىپ، قورساق بالاسى ۋە باشقا زۆرۈرىيەتتىن قۇتۇلالماي داتلىنىپ، بىر-بىرىدىن زارلىنىپ، ھەتتا تىللىشىپ، ئۇرۇشۇپ كېتىۋاتقان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مۇھتاجلىق بېسىمى ئاستىدىكى بۇرۇقتۇرملىق كەيپىياتى، تۇگىمەس كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئۇششاق-چۈششەك ئارازلىقلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى. بىر ئائىلىنىڭ ھەممىسى بىر ئۆيگە تىقىلىۋالسا بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز سەت كۆرۈنۈشى، ئۆز ئارا يامان مۇئامىلىلەردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. ئادەم دېگەن بۇ مەخلۇق ھامان ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ۋە مەنپەئەتىنى ھامان دىققەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئادەمنىڭ شەخسىيەتچىل تەبىئىتى دائىم بىر كوللېكتىپ كۈچنى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى بولغان بىر ئائىلىنى(مەيلى ئۇ قانداق ئائىلە بولسۇن) كۆڭۈلسىز ھەم تار ياشاش مۇھىتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كوللېكتىپ كۈچنىڭ يىلتىزى ھامان شەخسىي كۈچ، كوللېكتىپ كۈچ شەخسىي كۈچ ئالدىدا تىترەپ تۇرىدۇ، ئەمما قىززىق يېرى شۇكى، شەخسىي كۈچ يەنە ئايلىنىپ كېلىپ كوللېكتىپ كۈچكە يۆلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. تېخىمۇ ئاجايىپ يېرى شۇكى، شۇنچە زور كوللېكتىپ كۈچ ئاخىرقى ھېسابتا يەنە قۇدرەتلىك بىر خۇداغا بويسۇنىدۇ.

يازدىكى ئىش قايناملىرىدا دېھقان ئائىلىسىدىكىلەر بىر-بىرىگە شۇنچە يېقىن، سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كېتىدۇكى، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدۇ. كەڭ دالا ۋە ئىش-ئەمگەك ئۇلارنىڭ روھىنى ساپ، كۆڭلىنى كەڭ قىلىۋېتىدۇ. ئەمما مۇدھىش قارا قىشتا ئۇلار بىر يەرگە تىقىلىشىۋالغاچقا بىر-بىرىدىن ھېچ تۈزۈك سەۋەب يوقلا بىزار بولۇشۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى شەھەر پۇقرالىرىنىڭ تارچىلىق،

قىستاڭچىلىق، بۇرۇقتۇرمىلىق ھالىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىگە ئوخشايدۇ. قىشلىق ئۆيدىكى بۇلغانغان ھاۋا، ئىسسىق مەشنى ۋە كاڭ ئوچاقنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىۋاتقان، ئىسسىق ئۆيدىن تالاغا چىققۇسى كەلمەي قازان بېشىدا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بەئەينى شەھەر مۇھىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شەخسىيەتكە بىر كىچىك دۇنيا ئىنتايىن زۆرۈر. ئادەملەر كۆپىيىپ ياشاش مۇھىتى تارىيىپ كېتىۋاتقان، ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتىنى تالىشىش ئەۋج ئېلىۋاتقان بۇ دەۋردە شەخسىيەت پەرقى ھامان چوڭىيىپ بارىدۇكى، ھەرگىز كىچىكلىمەيدۇ، شەخسىيەت ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىدۇكى ھەرگىز چېكىنمەيدۇ.

مولمىناخۇننىڭ ئوغلى تۇراق ھايات چېغىدا بىر قېتىم ئاتا-ئانىسىدىن كۆڭلى قاتتىق ئاغرىپ، ئاتىسىنىڭ بۇغداي سېتىپ تاپقان پۇلنى يوشۇرۇلغان يەردىن ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدا يەنە مۇنداق سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى: ئاتا-ئانىسى ئۇنى بىكار قويماي ئىشقا بۇيرۇپلا تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىگە دائىم يول قويمايتتى. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇستەبىتلىك ئادىتىنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا قاتتىق نارازى بولۇپ، بۇ ھالەتنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قاچانغىچە چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمەي زېرىككەن، تېرىككەن، ئۈمىدسىزلەنگەن، ئاخىر بىردىنبىر ئامال ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆزىدىن يوقۇلۇش ئىكەنلىكىنى ئويلىغانىدى.

تۇراق ئۈرۈمچىگە قېچىشتىن ئىلگىرىلا مەھەللىدىكى بىر قانچە ياش باللار ئۇ يەرگە قېچىپ، يېنىپ كېلىپمۇ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىكى ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇراقنىڭ كاللىسى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تەۋەككۇل قىلىپ ياقا يۇرت ۋە يات شەھەرلەرگە قېچىپ كەتكەندە ئاتا-ئانىلىرى ئۇلارنى ئىزدەپ خېلى ئاۋارە بولاتتى.

بىچارە ئاتا-ئانىلار ئۇ بەڭۋاشلارنىڭ ئالدىدا نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگىنىنى ئۇقالماي ھەيران بولاتتى، ئاچچىقلىناتتى، قاقشايتتى ھەم ئۇلاردىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى، ئېتىز ئىشلىرىغا يېتىشىپ بولالماي قالغاندا ئۇلارنى سېغىناتتى. قىش كىرىپ جاپالىق ئىشلار تۈگىگەندە بۇرنىغا ئىككى قولىنى تىقىپ كەلگەن ئاۋارە بالىلىرىنى يەنە ئۆز قوينىغا ئالاتتى، باش-كۆزىنى سىلايتتى. باللار شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ تومۇرىنى تۇتىۋېلىپ، ئۆزىگە سەللا ئازازلىق، كۆڭۈلسىزلىك يەتسە ياكى شەخسىي ئىشلىرى ئاقمىسا، پۇلى تۈگەپ كەتسە، زېرىكىپ كەتسە، ئۆزىنى ئۆيدە ئارتۇقچە ئادەم دەپ ئويلاپ قالسىلا يەنە ئۆيدىن قېچىپ، يىراق جايلارغا كېتىپ، خارلانسىمۇ شۇ يەردە جېنىنى بېقىشنى ئەلا بىلەتتى، ئاتا-ئانىلىرىغا"مەن يەنە قاچىمەن! " دەپ تەھدىت سېلىشاتتى. دېگەندەك، شۇنداق ياشلاردىن بىر نەچچىسى يەنە قېچىپ ئىككىنچى قايتىپ كەلمىدى. تۇراق ئۇلاردىن غايىۋانە ئىلھام، مەدەت ئېلىپ، ئاخىر كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى قىلدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە بارغان كۈنىلا ئۆزىنىڭ تومپايلىقىنى چاندۇرۇپ پۇلىنىڭ يېرىمىنى ئوغرىغا بەردى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مەھەللىدىن قېچىپ چىققان يەنە بىرەيلەن ئۇنى بۇزۇقچىلىققا قىزىقتۇرۇپ ئولجىغا ئۆزى ئېرىشىپ ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلىۋالدى. ئۇ قالغان پۇلى بىلەن بۇ چوڭ شەھەردە بىرەر ئىش قىلالىشىغا كۆزى يەتمەي مەھەللىسىگە يېنىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ جاھان كۆرۈش مەقسىتىگە يەتكەنىدى. بىراق ئۇنىڭدا ئۆيىگە قايتىشقا يېتەرلىك پۇلمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ قاراشەھەرگە ئاران بېرىپ، بورا توقۇيدىغان بىر خوجىزىغا بىر ئاي ئىشلەپ قورسىقىنى باقتى، ئازغىنا ئىش ھەققى ئالدى؛ ئاندىن كۇچاغا كەلدى، بىر دېھقانغا ئوما ئورۇشۇپ بېرىپ ئوبدان ھەق ئالدى، ئەمما تاپقان پۇلىنى ئاقسۇ شەھىرىگە كەلگەندە يەنە ئوغرىغا بەردى؛ ئۇ ئۆيىگە ھەتتا قۇرۇق قولمۇ يېتىپ بارالماسلىقىدىن نومۇس قىلىپ بىر

ئاشخانىدا قاچا يۇيىدىغان ئىش تاپتى، بىر ئاي ئىشلىدى، ئاشپەز ئۇنىڭ قورسىقىنى باققان بىلەن قولىغا تۈزۈك پۇل بەرمىدى. جاپادىن ۋە يات خەقلەرنىڭ قوپال مۇئامىلىلىرىدىن جاق تويغان تۇراق ئاشپەزگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ يەنە ئازراق پۇل ئېلىپ ئاندىن ماكانىغا ساق-سالامەت كېلىۋالدى. مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان ئۇنىڭ يەنە قېچىشىدىن ئەنسىرەپ ئەيىپلەپ كەتمىدى، پەقەت،"بىز بەرگەن ئاشنى يېمەي خەقنىڭ ئېشىغا تەلمۈرۈپ، خەق ئاش بەرمىگەندە پوقنى يېگۈدەك بولۇپ كەلدىڭمۇ بالام، ۋاي سولتەك بالام، غورتەك بالام، ئەمدى ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلما" دېدى.
تۇراق بەر-بىر ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئاشۇ تەۋەككۈلچىلىكى ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى چوڭ ئىش ئىدى.

* * *

مەھەللىدىكى ھەر بىر ئائىلىنىڭ بېغىغا يېگىدىن سېلىنغان ھاجەتخانىلار ۋە ئاللىقاچان قۇرۇپ قاقاسلىشىپ، تام- رىشاتكىلىرى كونىراپ كەتكەن كۆلچەك بۇ مەھەللىگە بەر مەزگىل ئېغىر تەھدىت، ۋەھىمە سېلىپ ئۆتكەن ئاشۇ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يادىكارى بولۇپ قالدى. ئەمما كېيىنكى يىلى 8-ئايدا بۇ مەھەللىگە تارىختىن بۇيان ئاز كۆرۈلىدىغان دەھشەتلىك كەلكۈن كېلىپ، ئوتتۇز نەچچە ئائىلىنىڭ ئۆي-زېمىن، مال-مۈلۈكلىرىنى ۋەيران قىلدى. بۇ ھادىسە بىر كۈنى كەچقۇرۇن شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بەردىكى، مەھەللىدىكىلەر ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قېلىشتى. يىراقتىن يوپۇرۇلۇپ، كۆزلۈك زىرائەت ئېتىزلىرىنى لايغا باسۇرۇپ كېلىۋاتقان غايەت ئۇلۇغ كەلكۈننىڭ جىقلىقى ۋە چاپچىپ ئېقىشلىرىغا ھەيران قېلىشتى. ئۇلار ئۆمرىدە تۇنجى كۆرۈۋاتقان بۇ بالايى ئاپەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇشنىمۇ بىلمەي قېلىشتى. ئادەتتە ئەتىكى ھاۋا رايىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەي ياكى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي يۈرىدىغان بۇ خەقلەر بۇ مەھەللىگە كەلكۈن كېلىدىغانلىقىنى قانداق بىلسۇن؟

كەلكۈن كېلىشىنىڭ ئالدىنقى ئىككى كۈنىدە توختىماي يامغۇر ياغقان، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتىدىكىلەر مۆلدۈر يېغىپ كېۋەزنى ۋەيران قىلمىسۇن دەپ ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلارغا ئىككى-ئۈچ پاي ئوق ئېتىپلا بولدى قىلغانىدى. يامغۇرنىڭ يېغىۋېرىشىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئاپەتنى ئۇلارمۇ پەرەز قىلالمىغانىدى ھەم مۇداپىئە كۆرۈش توغرىلىقمۇ ھېچقايسى مەھەللىگە ئۇقتۇرۇش قىلمىغانىدى.

مەھەللىدىكىلەر كەلكۈننىڭ كۈچىنى بەك تۆۋەن مۆلچەرلىگەنىدى، ئۇنى ھەقچان چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆيلەرگە ئۆتەلمەيدۇ، ئۇتتۇرلا ئېقىپ چوڭ ئۆستەڭگە قۇيۇلۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما نۇرغۇن مەھەللە ۋە ئېتىزلارنى تۈزلىۋەتكەن ئۇ بەڭۋاش كەلكۈن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسۇپلا ماڭاتتى، ئۆينى قويۇپ دۆڭگە چاپاتتى، ئۈستى-ئۈستىلەپ شارقىراپ ئاقاتتى. كەلكۈن چوڭ يولدىن ئۆتۈپ، يول بويىدىكى چوڭ ئېرىقتىنمۇ ئۆتۈپ قاتار تامغا تەھدىت سېلىشقا باشلىغاندا چوڭ يولغا تۇشمۇ تۇشتىن توپا تاشلاپ قىر ياساپ، توسما قۇرۇپمۇ كەلكۈننى توسالمىغان دېھقانلار ئۆز جېنىنىڭ، ئۆيىنىڭ ۋە مال-مۈلۈكلىرىنىڭ قايغۇسىدا قېلىشتى. مەھەللە باشلىقى يىراقتىن تېخىمۇ ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كېلىۋاتقان كەلكۈنگە قاراپ ئالاقزادە بولۇپ:

— بولدى كەتمەننى قويۇپ ئۆزەڭلىنى ئەپقېچىڭلار، ئۆيۈڭلەرگە چاپسان بېرىڭلار، ئۆي ئۆرۈلۈپ بولغىچە ئالدىغان مۇھىم نەرسەڭلىنى ئېلىۋېلىڭلار، ئۈلگۈرەلمىسەڭلار جېنىڭلىنى ئاياڭلار، بالاڭلارنى دەرەخكە چىقىرىپ قويۇڭلار، ئۇلاغ-قاراڭلارنى ئېغىل-قوتاندىن چىقىرىپ ھەيدىۋېتىڭلار، قالغىنىغا خۇدايىم ئىگە، ئاندىن قالسا ھۆكۈمەت بار، بىز بار، چاققان مېڭىڭلار!... — دەپ ۋاقىراپ-جاقىراپ يولىيورۇق بەردى.

مەھەللىدىكىلەر ئۆزلىرىنى قوغلاپ ھەم ھەر تەرەپتىن بۆسۈپ،

قورشاپ كېلىۋاتقان كەلكۈننىڭ زەربىسىدىن ھودۇقۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە چاپتى، ئۇششاق باللىرىنى ھويلىسى ۋە باغلىرىدىكى يوغان مېۋىلىك دەرەخكە چىقىرىپ قويدى، ئۆيلىرىگە كىرىپ تىقىپ قويغان پۇللىرى بارلار پۇلىنى، پۇلى يوقلا پۇلغا يارايدىغان نەرسىلىرىنى، ئاشلىقىنى، ئۆي جابدۇقلىرىنى تالاغا يۆتكىدى. ئۆلگۈرەلىسىلا ئىشقىلىپ ئېقىپ كېتىشتىن قورققان ھەممە نەرسىلىرىنى ئالدى.

مولىمىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان ئۆيلىرىگە كېلىپلا قايسى مۇھىم نەرسىلىرىنى ئاۋۋال ئېلىشنى ئۇقالماي كاللىلىرى ئېلىشىپ كەتتى، كەلكۈن شىددەت بىلەن بۇ ئۆيگىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ قۇدۇققا شارقىراپ سۇ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار قۇدۇققا قاراپ ئىچى ئېچىشىپ يەرگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— بولۇڭلا ھوي، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئەچىقايلى! — دېدى ئالتۇنخان ھودۇقۇپ ۋاقىراپ، — قۇدۇققا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن ھېلى ھەممىدىن قۇرۇق قالىمىز، قۇدۇق توشۇپ بولغىچە مۇھىم نەرسىلەرنى ئەچىقىۋالايلى!

مولىمىناخۇن دەلدەڭشىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئالتۇنخانغا ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ بۇغدىيى ھويلىدىكى بەنچاگىغىلا بېسىلغاچقا بىخەتەر ئىدى. ئالتۇنخان ئۆيدىن كىگىز-گىلەملىرىنى، يوتقان كۆرپىلىرىنى ئەچىقىپ بۇغداينىڭ ئۈستىگە بېسىشقا باشلىدى، مولىمىناخۇن كۆزىگە كۆرۈنگەن قىممەتلىك ئۆي جابدۇقلىرىنى تالاغا ئەچىقىلى تۇردى.

ئالتۇنخان ۋاقىرىدى:

— ھە راست، قوتاندىكى قوي-كالىنى باغقا چىقىرىۋېتمىزمۇ قانداق قىلىمىز؟

— باغدىن قېچىپ كەتسىچۇ؟ بۇنداق چاغدا خەق يامان بولىدۇ، ئەپ تاپسا ئوغۇرلۇق قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى جىم قويايلى، كەلكۈن قوتاننى ئەكەتەلمەيدۇ، ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان ئېغىلدا سامان

بار، ھەي شۇ سامان ئېقىپ كېتىدىغان بولدى-دە! ئۇلاغ قىشىچە نېمە يەر؟!

— سامانىنى قويۇپ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئەچىقايلى مولىمىناخۇن!— ئالتۇنخان تولۇلاپ كەتتى،— قۇدۇقتىن ئايرىلدۇق، سامان دېگەن نېمىتى! قاراڭلار ماۋۇ ئۇزۇم باراڭلىرىمۇ لىڭشىغىلى تۇردى. ئۆگزىدە تېخى توخۇ-كەپتەرلىرىمىز...

— ھوي راست، ئاپلا، مەن دەرھال چىقىپ كاتەكتىن چىقىرىۋېتەي،— مولىمىناخۇن دەرھال بېرىپ شوتىنغا ياماشتى.

— ئۆزەڭلىگە پەخەس بولۇڭلا، چاققان چىقىپ چاققان يېنىپ چۈشۈڭلا!— ئالتۇنخان ھويلىدا ۋاقىراپ قالدى،— ھوي راست، مولىمىناخۇن! بۇ يىل بۇغدايدى ساتقاندا تۆلگەن باجنىڭ ھۆججەتلىرىنى قازناقتىكى تام خالتىغا تىقىپ قويۇپتىكەنمەن! بىر يانچۇقتا پۇل بار ئىدى، سىلە بايا-ئالدىڭلىمۇ-ئالمىدىڭلىمۇ!؟

ئۆگزىگە چىقىپ بولغان مولىمىناخۇن چىچاڭشىپ كەتتى:

— ھوي ساراڭ خوتۇن، ئەڭ باشتا شۇنى ئالماي نېمە ئىش قىلدىڭلا، پۇلنى ئۆزەم تۇتىمەن دەپ ئۇنىمابسىلە، ئۇنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالىسىلە؟! ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ تاپقان پۇلنى لايغا كۆمەي دەمسىلە؟! ئەڭ مۇھىم نەرسە شۇ ئەمەسمۇ، خەپ ما دۆت خوتۇننى، چاققان كىرىڭلا، پۇل ساناپ ئولتۇرماي خالتاڭلىنى تامدىن سۆكۈپلا چىقىڭلا!

ئالتۇنخان ئۆيگە ئوقتەك كىرىپ كەتتى. مولىمىناخۇن توخۇ كاتىكىنى ئېچىپ توخۇلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ھويلىسىدىكى قوندااقتا ئۇچۇرۇۋەتتى، كەپتەر كاتىكىدىن كەپتەرلىرىنى چىقىرىپ ئاسمانغا قويۇۋەتتى، يېنىپ كېلەرمۇ بۇ كاساپەتلەر دەپ ئىچى ئەندىشىگە تولدى. ئۇ ئۆگزىدىن پەسكە قاراپ، قوندااقتىن يەرگە چۈشكۈسى كېلىپ كەلكۈندە تۇنجۇقۇپ قالغان دۆت توخۇسىنى تىللاپ ئالتۇنخانغا ۋاقىرىدى:

— بولدۇڭلىمۇ ھوي خوتۇن، ئاۋۇ تۇغۇمچان مېكىيىنىڭلار سۇدا پالاقشىپ قالدى، دەرھال چىقىپ قۇتقۇزۇڭلار!

شۇ ئەسنادا كەلكۈننىڭ زەربىسىگە پايلىمىغان كېسەك تاملار گۈلدۈر-قاراس قىلىپ ئۆرۈلدى، مولىمىناخۇن ئالتۇنخاننىڭ چىقىرىغىنىنى ئاڭلاپ ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ ئۆگزىدىن چۈشۈۋاتقاندا شوتا تام بىلەن بىللە ئۆرۈلۈپ تامنىڭ ئاستىدا قالدى...

كەلكۈن شۇنداق دەھشەتلىك ماگدىكى، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئەچىقىۋالالماي ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاران قۇتقۇزۇپ قالغان دېھقانلار ئۇششاق باللىرى بىلەن ھويلىسىدىكى ئۆرۈك، ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، كەلكۈندە قاراسلاپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان ئۆيلىرىگە، سۇدىكى ساماندەك ئېقىپ، سۈپۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان تەئەللۇقاتلىرىغا، ھەتتا ئېغىل- قوتاندىن چىقىرىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ئۇلاغلىرىنىڭ تام بېسىپ يارىلىنىۋاتقان، ئۆلۈۋاتقان ئېچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ چىدىيالماي قېلىشتى، خۇداغا ئىچ-ئىچىدىن تۈۋە قىلىشتى. ئاياللارنىڭ يىغا-زارىسىغا قاراپ ئەرلەرنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، باللارمۇ ئاتا-ئانىسىغا قاراپ يىغلاشتى.

ئۆتكەن يىلى نەق 8-ئايدا يۈز بەرگەن بۇ قۇملۇق كېسەل تارقالغاندا ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالماي خۇدانى سېغىنىپ مەسچىتكە ئالدىرىغان دېھقانلار بۇ يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە ئوما ۋاقتىدا نامازنى تاشلىۋەتكەنىدى، مانا ئەمدى يەنە بىر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچراپ، خۇدىنى تېپىپ خۇداغا سېغىنىپ، ناماز ئوقۇيلى دېگەندە ئۆيلىرىمۇ، مەسچىتلەرمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ يادىكارى بولغان ھاجەتخانىلار ۋە قۇرۇق كۆلچەكمۇ تولۇپ، راخماننىڭ جىنى ئۈزۈلۈپ قالغان غېرىبانە، سىرلىق كەپىسىنىڭ ھېچنېمىسى قالماي، مەھەللە مىسلىسىز خارابىلىشىپ كەتتى. ھەممە يەرنى قىپقىزىل سۇ، پاتقاقلىق، كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ۋەيرانلىق، پاتپاراقچىلىق

قاپلىدى. پەقەت دەرەخلەرلا ئامان قالغان، گەرچە ئادەملەرمۇ ئامان قېلىپ، جىسمى قارىماققا ئۆزلىرى تىككەن دەرەختەك مەزمۇت تۇرغان بىلەن روھى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغانىدى.

ھۆكۈمەت قاراپ تۇرمىدى، قوشنا يېزىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، قىش كىرگۈچە ھەر بىر دېھقانغا ئۆز ئۆيىنىڭ ئورنىغا پىششىق خىشتىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي سالدۇرۇپ بەردى. مەھەللىدىكىلەر:"بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ پەدىسىگە سېلىنىپتۇ، كاتەكتەك ئۆيدە بالىلىرىمىز بىلەن قانداق پېتىشىپ ئولتۇرارمىز، تام ئورنىمۇ كىچىك، باغ ئورنىمۇ كىچىك، بۇرۇن كەڭرى ياشاپ ئۆگىنىپ قالغاندۇق، ئەمدى قانداق كۆنەرمىز" دېيىشتى. ئەمما ئۇلار شۇ ئۆيدە بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن كۆنۈپ كەتتى، ھەتتا يېڭى ئۆيگە مېھرى چۈشۈپ قالدى. بۇ ئۆيلەر كىچىك بولغان بىلەن تاملىرى مەزمۇت، چىرايلىق، راملىرى كەڭ، تورۇسلىرىمۇ ياخشى يېپىلغان بولۇپ، دېھقانلارنىڭ بۇرۇنقى كونا، قارىداپ كەتكەن، يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆيلىرىگە باققاندا كۆپ ياخشى ئىدى. ئۇلار،"كەلكۈن كەلمىگەن بولسا ئاشۇ كونا ئۆيىمىزدە يەنە قاچانغىچە ياشار ئىدۇق" دېيىشىپ، ھۆكۈمەتتىن ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن بەك رازى بولۇشتى.

ئايلار ئۆتۈپ، يېڭى يىللىق كېۋەزلەر پىشىپ پاختىلار ئېچىلىشقا باشلىغاندا مەھەللىدە ھەر بىر ئائىلىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىش دولقۇنى قوزغالدى. مەھەللە باشلىقىنىڭ ئېيتىشىچە يېقىندا مەركەزدىن بىر رەھبەر كېلىپ، يېزىلاردىكى ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەرگەنمىش، بۇنى ئاڭلاپ ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كەلگەنمىش. دېھقانلار ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە تاقىلىدىغان بۇ ھاشارنى تېزلىكتە ئورۇنلىدى، ئىككى ئۈچ ئايلار ئۆتۈپ يەرگە كۆمۈلگەن غول نەيچىگە سۇ ماڭغۇزۇلۇپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ھويلىسىغا تۇتاشتۇرۇلغان تارماق

نەيچە ۋە جۈمەكلەرگە سۇ چىقتى. جۈمەكتىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان پاكىز، سۈزۈك سۇلارغا قاراپ مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم راھەتلىنىپ قىلىشتى. ئەگەر مولىمسىناخۇن بىلەن ئالتۇنخان ھايات بولغان بولسا بەلكىم خوش بولاتتى، شۇنداقتىمۇ مولىمسىناخۇن" ئالدىراپ خوش بولغان بىلەن بۇ سۇغا تۇغماسلىق دورىسى سېلىۋېتىلگەنمۇ تېخى، يەنىلا ئەركەك سۇ ياخشى" دەپ گەپ تاپاتتى.

# گۇناھ

يەتمىشتىن ئاشقان بوۋاي ۋە ئۇنىڭ مومىيى بىر ئايدىلا كەينى-كەينىدىن قازا قىلىپ، ئۇنىڭ كەنجى ئوغلى سەمەت مەخسۇمغا كەڭتاشا ئۆي، باغ-ۋاران، كالا-قوي مىراس قالدى. سەمەت مەخسۇمنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى ھىدايەت قارى تېخى ھەقىقىي قارىيلىققا يەتمەستىلا شۇ نام بىلەن سۈپەتلەندى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ئىپادىلىنەتتى. بوۋاي، موماي تاۋۇتقا سېلىنىپ زاراتلىققا ئېلىپ مېڭىلغاندا ھىدايەت قارىمۇ جامەئەتكە قوشۇلۇپ ماڭدى، مېيىت دەپنە قىلىنغاندا تۇپراق بېشىدا قاراپ تۇردى، مېيىتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈۋاتقاندا جامائەتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى. ئۇ ھاياتلىقنىڭ زادى قانداق ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ھازىر ناماز ئوقۇۋاتقان مۇشۇ ئادەملەرنىڭمۇ ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقى ۋە نامىزى چۈشۈرۈلىدىغانلىقىنى، مەسچىت ۋە مازارلىقنىڭ مۇشۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيتتى. مېيىت نامىزى داۋاملىشىۋاتقاندا ئۇ كەڭ كەتكەن يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىكى قەبرىلەرنى ئارىلاپ كۆرۈپ باققۇسى كەلدى، بىراق جىنىدىن قورقتى. ئۇ تەڭتۇش باللاردىن جىن دېگەننى ئاڭلىغان، ئاتىسى سەمەت مەخسۇمدىن ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى. سەمەت مەخسۇم ئۇنىڭغا جىنىنىڭ ئىس-تۈتەكتىن يارىتىلغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ زاراتلىق، ئەسكى تام، ئەسكى تۈگمەن، باغنىڭ چۆرىسىدىكى چىتنىڭ تۈۋى، چوڭقۇر ئازگال، يالاڭلىق، يالغۇز دەرەخنىڭ كامىرى، ئەخلەت تۆكۈلگەن كارىز، توپ تېرەكلىك،

قېرى سۆگەتلىك يېنىدا ئادەمدىن يىراق ياشايدىغانلىقىنى، ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ سۆگەك-ئۇستىخانلىرىنى يەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئەركەك-چىشىسى، ياخشى-يامىنى بولىدىغانلىقىنى، ئادەملەرگە بەزىدە ئەسلى قىياپىتىدە، يەنى بويى پاكار، دومبىسى كامار، ئۇزۇن چاچ-ئۇزۇن تىرناقلىق، بىر كۆزلۈك، بۇرنى پاخشەك، ئېغىزى هاڭدەك، بېلى يادەك، پۇتى تەمەچىتەك كۆرۈنسە، بەزىدە ئېشەكنىڭ، ئۆچكىنىڭ ياكى باشقا هايۋانلارنىڭ سۈرىتىدە ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى سىياقىدا كۆرۈنۈپ قالىدىغانلىقىنى، ئادەملەرگە هەر ۋاقىت زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چوقۇم خۇدايىتائالاغا سادىق بەندە بولۇش كېرەكلىكىنى، ئايەتلكۇرسىنى بىلىش لازىملىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. هىدايەت قارى ئۇ ئايەتنى بىلمەي تۇرۇپلا زاراتلىقتا ئۇقماي كىرىپ سېلىپ، جىنلارغا يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقتى ۋە دەرهال جامائەتنىڭ يېنىغا بېرىۋالدى، جىنلار ئادەم كۆپ يەرگە يېقىن كېلەلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

زاراتلىقتىكى جىن ۋەھىمىسىدىن كېيىن هىدايەت قارى ئايەتلكۇرسى دەيدىغان ئۇ ئايەتنى ئاتىسىدىن جەزمەن ئۆگىنىۋېلىشنى ئويلىدى. سەمەت مەخسۇم ئۇنى مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭغا سۈرە ئۆگىتىشكە باشلىدى. هىدايەت قارى كەلىمە شاهادەتتىن باشلاپ ئايەتلكۇرسىغىچە بولغان مۇھىم سۈرىلەرنى ناهايىتى تېز يادلىۋالدى. سەمەت مەخسۇم ئوغلىنىڭ ئۇچۇق زېهنىگە، تەسىرچان هەم خىيالچان تەبىئىتىگە زوقلىناتتى، ئۇنى دائىم ماختايتتى، ئاسرايتتى، قوي بېقىشتىن باشقىغا سالمايتتى؛ ئانا مېهرىگە قانمىغان بۇ يالغۇز، يېتىم ئوغلىنىڭ ياخشى ئۆسۈپ، كېيىنچە كاتتا داموللا بولۇشىنى خۇدادىن تىلەيتتى.

هىدايەت قارى مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن ئاتىسى بىلىدىغانلىكى سۈرىلەرنى قويماي يادلاپ بولدى؛ بەش ۋاق ناماز

ئوقۇشقا باشلىدى؛ قوي باققان يەردە ئۇ ئىلگىرى ئۆگەنگەن سۆزلىرىنى تەكرارلىغاچ، ئاتىسى ھەپتىيەكتىن بەرگەن ساۋاقلىرىنى پىششىقداپ، قىسقا ۋاقىتتىلا ساۋادىنى چىقىرىپ، يېڭى سۆزلەرنى ئۆزى ئوقۇپ يادلاشقا چۈشتى. ئۇ ھەپتىيەكنى تۈگىتىپ قۇرئانغا ئۆتكەندە مەكتەپكە قەدەم باستى. سەمەت مەخسۇم ئوغلىنىڭ پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ خەت تونۇيدىغان، تۆت ئەمەلنى تولۇق بىلىدىغانلا بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ھىدايەت قارى مەكتەپ قوينىدا سۆدىكى بىلىقتەك يايراپ، بىلىم قېتىغا شۇڭغۇپ كىرىشكە باشلىدى. دەرسلىك كىتابتىكى يېڭى دۇنيا — يېڭى بىلىم، يېڭى چۈشەنچە ۋە باشقا بارلىق يېڭى نەرسىلەر ئۇنى قىزىقتۇرۇپلا تۇراتتى. ئۇ تەنەپپۇستىمۇ باشقا بالىلارغا قېتىلماي ئايرىم كىتاب كۆرەتتى، كىتابتىكى رەسىملەر ۋە ئەمدىلا تونۇش كۆرۈنۈۋاتقان خەتلەر، سان-سىفىرلار ئۇنى ئاجايىبات دۇنياسىغا باشلاپ، ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى توختىماي غىدىقلايتتى، راھەتلەندۈرەتتى. دەرس ۋاقتىدا ئۇ ھەممىدىن جىم ئولتۇراتتى، بىرەرسى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزىدىغانلا بولسا ئاچچىقتىن يىغلىغۇدەك بولاتتى، كىمكى ئۇنى يەنە تېرىكتۈرمەكچى بولسا ئۇ شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم بار-يوق دېمەي ئۇرۇشۇپ كېتەتتى. سىنىپتىكى ھەممە بالىلار بۇ غەلىتە ساۋاقداشنى بەكمۇ يوچۇن كۆرگەچكە ئۇنى يەكلەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ دەرستە يامانلىقىنى، مۇئەللىمنىڭ دائىم ماختايدىغانلىقىنى بىلگەچكە كۆڭلىدە يەنىلا چوڭ بىلىشەتتى. شۇنىسى ئاجايىپكى ھىدايەت قارى كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ئىچىدە خور ئوقۇشقا ھەممىدىن بەكرەك ئاكتىپ قاتنىشاتتى. ئۇنىڭ جاراڭلىق ۋە توغرا ئاھاڭدا بالىلار ناخشىسى ئېيتىشلىرى مۇزىكا مۇئەللىمىنى دائىم ھەيران قالدۇراتتى، ھەر بىر ناخشا ئۆگەتكەندە ئۇنىڭ باشقا بالىلاردىن ئاۋۋال ئۆگىنىپ بولىدىغانلىقىغا ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى، ھەر قېتىملىق ناخشا دەرسىدە ئۇنى بالىلارغا يېتەكچى

قىلىپ قوياتتى.

سەمەت مەخسۇم ئوغلىنىڭ پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا بېرىدىغان دىنىي تەربىيە ۋە ساۋاقلارنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ھىدايەت قارى مەكتەپتە ساۋادىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئاتىسى يىغىپ ساقلاپ قويغان«قۇرئان كەرىم»، «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن تۆت كىتابنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئوقۇپ چىقتى. ئۆيدە بارىمۇ شۇ تۆت كىتاب بولغاچقا ئۇ قايتا-قايتا ئوقۇدى، ئاتىسى بىلەن نۇرغۇن دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشەلەيدىغان بولدى، كاللىسىدىن ئىلگىرىلا ئورۇن ئالغان دىنىي چۈشەنچىلەر تەدرىجىي ئايدىڭلاشتى. ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى توغرىسىدىكى خىياللىرى روشەنلەشتى. بولۇپمۇ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»دا بايان قىلىنغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي بېقىۋاتقاندا پەرىشتىگە يولۇققانلىق ۋەقەسى ھىدايەت قارىنىڭ قەلبىنى قاتتىق لەرزىگە سالدى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىچىك ۋاقتىدا قوي بېقىۋاتقاندا پەرىشتىلەر كېلىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن بىر نەرسىنى ئالىدۇ، بۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈز بېرىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدى پاكلىنىدۇ. سەمەت مەخسۇم بۇ ۋەقەنى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئوغلىغا نۇقتىلىق شەرھلەيتتى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھالقىپ كەتكەن نۇرغۇن گۈزەل سۈپەتلىرى، ئېسىل ئەخلاق-سۈپەتلىرى شۇ ئىشتىن كېيىن يەنىمۇ تاكامۇللاشقان ۋە كېيىنچە رەسۇلۇللاھقا ئەگەشكۈچىلەر ئەمەل قىلىدىغان تۇرمۇش مىزانىغا ئايلىنىپ كەتكەن؛ شۇڭا ھەر قانداق مۇسۇلمان كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆز ۋۇجۇدىدا گۈزەل سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈشى، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ، يەنى ئاشۇ بۇزۇق قاننىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا قالايمىقان ئېقىپ يۈرۈشىدىن

ساقلىنىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇپ بەدەن ۋە
قەلبىنى ھەر ۋاقىت پاكلاپ تۇرۇشى لازىم. بالىلارنىڭ قەلبى قەلەم
تەگمىگەن ئاق قەغەزگە، كىر قونمىغان ئاپئاق خەسگە ئوخشايدۇ،
ئۇلارنىڭ قەلبى ئەگەر ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتۇلۇپ تۇرمايدىكەن،
شەيتان ھامان ئۇنى ئازدۇرىدۇ، ئازغۇن ئادەم ئاقىۋەتتە ئادىمىي
ئالۋاستىغا ئايلىنىپ ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتىغا يېقىلغۇ بولىدۇ...

ھىدايەت قارى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگەچكە يېزىلىق
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە يوللاندى. بالا يىغقىلى چىقىدىغان
مۇئەللىملەر كەلمەستىلا سەمەت مەخسۇم ئوغلىنى سۆگەتتال
مەھەللىسىدىكى داۋۇت داموللامغا تۇتتۇرۇپ بەردى. مەكتەپكە بالا
يىغقىلى چىققان چىرايلىق خانىم بىلەن مەھەللە باشلىقى نىياز
سەمەت مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. نىياز سەمەت مەخسۇمنى بۇ
مەھەللىدە ئەڭ مۇتەئەسسىپ دەپ ئويلايتتى ھەمدە قايتىدىن بىر
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قوزغىلىپ ئۇنىڭ ئەڭ باشتا تارتىپ
چىقىرىلىپ ئەدەبلىنىشىنى، سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيىنىڭ بۇ
مەھەللىدە قايتىدىن ھەقىقىي تۇردە قانات يېيىشىنى، مائارىپ، يېزا-
يەن تېخنىكىسىنىڭ گۈللىنىشىنى، دېھقانلارنىڭ تېزراق ھاللىق
سەۋىيىگە يېتىشىنى، بۇ مەھەللىنىڭ ھەر جەھەتتىن نەمۇنىلىك
مەھەللە بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىردىنلا ئۆستۈرۈلۈپ كەنت باشلىقى، يېزا
باشلىقى، ھەتتا ناھىيىگە ھاكىم بولۇپ سايلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى،
بۇ خۇددى كېسەلدىن ئۆلەي دېگەن ئادەم يەنە ئۇزاقراق ياشاشنى
ئارزۇ قىلغانغا ئوخشايتتى. ئۇ بۇ مەھەللىدە ھۆكۈمەتنىڭ سىمۋولى
ئىدى، خەقلەر ئۇنىڭغا يىراقتىن سالام بېرەتتى. سەمەت مەخسۇم
ئوغلىنى قوشنا مەھەللىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن دەپ
يالغان سۆزلەشكە پېتىنالماي، راستىنى ئېيتىشتىنمۇ ئەنسىرەپ
تۇرغاندا نىياز چىرايلىق خانىمنىڭ ئالدىدا ئۆز ھوقۇقىنى ھەيۋەت
بىلەن ئىشقا سالدى:

— ھە مەخسۇمكا، باللىرى قېنى، باللىرىنى چىقىرىپ بەرسىلە، ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئادەم كەلدى!

سەمەت مەخسۇم قايغۇلۇق ھال ئېيتتى:

— ئۆزىڭىز بىلىسىز ئۇكام، ئايالىم ئۆلۈپ كېتىپ، بالام ئىككىمىزلا قالدۇق، ئۆي ئىشلىرى، ئۇلاغ-قارىنى باقىدىغان ئىشلار مۇشۇ بالامغىلا قالدى، مەن بۇ يالغۇز جېنىم بىلەن ھەممىگە تەڭ يېتىشىپ بولالمايمەن! مۇشۇ يېقىندىن تېنىم ئاجىزلاپ قالدى، جىق ئىشلارغا كۈچىيەلمەيمەن. مەكتەپ يېقىنراق بولسىغۇ بىر گەپ، ئارىلىق خېلى بار. كىچىككىنە بالا يول جاپاسى بىلەن ئۆي جاپاسىنى تەڭ تارتىپ تۈگىشىپ كېتەمدىكىن دەيمەن...

— باللىرى ئەلا ئوقۇپتىكەن، ئىش دېگەن ئۆلگەندە تۈگەيدۇ، بالىنى يەنىلا ئوقۇتقانغا يەتمەيدۇ، — دېدى خانىم.

سەمەت مەخسۇم بۇ يالاڭباش خانىمغا قاراپ، ئوغلىنى ئوقۇتۇشتىن تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندى.

— بالىنى ئوقۇتسىلا ھاشاردىن قۇتۇلىلا، ئېتىز ئىشىمۇ تۈگەر، ئۆينىڭ ئىشىمۇ تۈگەپ قالار، باللىرىنى چىقىرىپ بەرسىلە، بۇ ئىشتا سىلىگە ھەرگىز يېلىنىپ قالمايمىز، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋېرىمىز! — دېدى نىياز تەرىنى تۈرۈپ.

— بالامنى باشلانغۇچتا بەش-ئالتە يىل ئوقۇتتۇم، — دېدى سەمەت مەخسۇم جانلىنىپ، — چىداپ ئوقۇتتۇم، ھېلىمۇ جان ئاز قالدى، ئەمدى ئوقۇتسام بۇ جاننى شۇنىڭغا سېپ بەرسەم بولىدۇ!

— باللىرىنى گۆرگە بىللە ئېلىپ كەتمىگەندىكىن يەنە چىداپ ئوقۇتسىلا! — دېدى نىياز گۆرەن تومۇرىنى كۆپتۈرۈپ. خانىمۇ مەخسۇمغا ئېچىنىپ، دومسىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئوقۇپ نەگە بارىدۇ؟! ئاسمانغا چىقامدۇ، يەرگە كىرەمدۇ؟ بۇ يەردە جېنىنى باقامدۇ يا باشقا يەردە خۇدىنى بىلمەي، خۇدانى تونۇماي يۈرەمدۇ؟ — دېدى سەمەت مەخسۇم جىددىيلىشىپ، ئۇ

هازىر پەقەت خۇدادىنلا قورقۇپ بەندىدىن قورقمايدىغان بىر خىل كۆچلۈك روھىي ھالەتتە ئىدى.

— ھۆكۈمەت سىلىدەك موللا-مەخسۇملارنى ئازراقلا بوش قويۇپ بېرىۋېدى، ھەددىلىرىدىن ئېشىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلمايدىغان بولۇۋاللىمۇ ئەمدى؟! كوپىراتسىيىنى ئۆتنۈپ قاپلا-دە، دىكتاتۇر ھازىرمۇ ئىشلەيدۇ جۇمۇ، بۇ دېگەن مەجبۇرىي مائارىپ!

— دىكتاتۇرا يۈرگۈزسىڭىزمۇ مەيلى، بالامنى ئەمدى ئوقۇتالمايمەن.

نىياز قاتتىق جىلە بولدى:

— مېنىڭچە بولسا دېكتاتۇرا ئارقىلىق سىلىدەك ئادەمنى قەتئىي ئوڭشاش كېرەك!

— ھەممىنى خۇدايىم ئوڭشايدۇ، گاھى ئىشلار بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

— ۋاي تولا ئەۋلىيادەك سۆزلىمىسىلە، قۇرۇق ۋەز تىڭشايدىغان ۋاقتىم يوق مېنىڭ، چاققان بولۇپ بالىلىرىنى چىقىرىپ بەرسىلە!

— مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىدىغان بالام يوق، — دېدى مەخسۇم تەتۈر قاراپ.

— ھوي موللا مەخسۇم، ئانداق تەرسالىق قىلمىسىلا دەيمەن

— نىياز غەزەپلىنىشكە باشلىدى، — ئۇدۇل قوشنىكەنمىز، ساقاللىرىغا ھۆرمەت قىلغاننى بىلسىلە!

— بالىنى ئوقۇتىدىغانغا پۇل يوق!

— موللا تۇرۇپ يالغانچىلىق قىلمىسىلا، سىلىدىن ئەبگا خەقلەرمۇ بالىلىرىنى چىقىرىپ بەردى! — دېدى نىياز ئاندىن خانىمغا ئۆرۈلۈپ، — بۇ خەق ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىشكە ئامراق، ئەمەلىيەتتە بۇ مەھەللىدە ھېچكىم كەمبەغەل ئەمەس، ھازىر دېگەن ۋەزىيەت ياخشى!

سەمەت مەخسۇم ئاچچىق كۈلدى:

— بۇ قانداق گەپ، خۇدايىم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ مەھەللىدىكى خەقلەر بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، قولىدا يا پۇلى، دىلىدا يا تۇزۇك ئىمانى يوق...

— نېمە!؟— دەپ چىچاڭشىپ كەتتى نىياز،— ئەزالىرىمىزنى بۇرۇنقىدىن بەتتەر ياشاۋاتىدۇ دېدىلىما؟! غەرەزلىرى زادى نېمە؟ بۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھازىرقى ياخشى سىياسىتىنى يوققا چىقارغانلىق، ئاخىرقى ھېسابتا ھۆكۈمەتكە قارشىلىق بىلدۈرگەنلىك ئەمەسما؟! سىلىنىڭ ئىدىيىلىرىدە زادى بىر مەسىلە بار، تۆۋەنگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرىغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىساق بولمىغۇدەك!

— كوپراتسىيە كېلىپ قالدىمۇ نېمە ئۇكاموي!— دېدى مەخسۇم نىيازنىڭ تەنتەكلىكىدىن، ئەخمەقلىقىدىن ئەجەپلىنىپ،— نېماندىق ئاكتىپلىق قىلىسىز، ماڭا تولا ھەيۋە قىلماڭ، 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى، ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى سىياسىتىنى بىزمۇ بىلىمىز!

— ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى بىلگەن ئادەم باللىرىنى نېمىشقا ئوقۇتمايلا، نېمىشقا قالايمىقان سۆزلەيلا؟!

— دېدىمغۇ، باللىنى ئوقۇتقۇم يوق ئەمەس، شارائىت شۇنداق، قولۇم قىسقا، كۈچۈم ئاجىز، يالغۇز جېنىمنى باقىدۇدەك مادار يوق.

— يالغۇز بولساق خوتۇندىن بىرنى ئاللى! قېرىغاندا مادار تۆگەپ قالدىمۇ يا؟!— دېدى نىياز چاقچاق بىلەن ئاچچىقىنى چىقىرىپ، خانىم كۈلۈپ باشقا ياققا قارىۋالدى.

— خوتۇننى بىكارغا ئالغىلى بولامدۇ نىيازئاخۇن؟ بانكىنىڭ قەرزى بىر مۇنچە، يەنە باج-سېلىق دەپ كېلىسىلە، ئۆيدىكى بىساتنىمۇ سېتىشقا ئاران قىلىۋاتساق، باللىنى ئوقۇتىدىغانغا نەدە

پۇل! مانا ھازىر خەقتىن پوشكال-كۆمەچ تىلەيدىغان ھالغا كەپقالاي دېدىم...

نىياز بىلەن خانىم گەپكە كەلگەندە ھېچنېمىدىن يانمايدىغان بۇ سۇرلۇك، جاھىل مولالامدىن ئىچى پۇشتى.

— مولا ئادەم دېگەن مۇلايىم، يۇۋاش بولىدىغان؛ سىلىنىڭ بۇ قاغا تۇمشۇق ئېغىزلىرى نېمانچە ئىتتىك، پەيلىلىرى نېمانچە يامان؟! — دېدى نىياز گېپى ئۈتمىگەنچە خانىم ئالدىدا جىددىيلىشىپ — مەن ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى، ھۆكۈمەتنىڭ دېگىنىنى قىلىمەن، سىلى بىر پۇقرا، ئەگەر تۈزۈمگە بويسۇنمايدىكەنلا، ساقاللىرىغا قاراپ ئولتۇرمايمەن، قىلىدىغىنىمنى قىلىۋېرىمەن، مەندىن رەنجىمىسىلە!

— خۇدادىن قورقمىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ ئۇكا: تىرناقچىلىق ئەمەل تۇتۇپ جاھان مېنىڭ دەپ ئويلاپ قالماڭ، خۇدايىم بۇ جاھاننى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ!

— جاھان ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا، قېنى قانداق قىلالايلا؟! ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىپ باقسىلا قېنى؟!

— ئۇكام، نېماندىق قاملاشمىغان گەپ قىلىسىز، كىم ھۆكۈمەتكە قارشى چىقىمەن دەپتۇ؟!

— سىلىنىڭ ئاشۇ كونىلىقتا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىققا قارشى تۇرغانلىقلىرى، ھۆكۈمەت قىل دېگەننى قىلمىغانلىقلىرى ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتكە مەخپىي قارشى تۇرغانلىق!

— سىز شۇدۇيجاڭ تۇرۇپ ھۆكۈمەت قىل دېگەننى قىلىپ خەقنى باي قىلالىدىڭىزمۇ؟ ھۆكۈمەت ماۋجۇشىنىڭ گېپى بويىچە خەلق ئۈچۈن ئىشلەڭلار دېسە ئۆزەڭلا ئۈچۈن ئىشلەپ، ئۆز نەپسىڭىگە چوغ تارتتىڭلا، قىلغان ئىشلىرىمىزنى خەق كۆرمەيدۇ، ئاڭلىمايدۇ، بىلمەيدۇ دەمسىلە؟!

— سىلە قوڭغا ئۇرۇپ گەپ تاپمىسىلا! — دېدى نىياز

چىچاڭلاپ — ھۆكۈمەت كادىرىغا بەتنام چاپلىسىلا ئاقىۋەتكە ئۆزلىرى مەسئۇل مەن دەپ قوياي! بىز پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىمىز، مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىغا بويسۇنمايدىكەنلا يەرلىرىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋالىمىز، ھەر قېتىملىق ھاشارغا تولۇق چىقىلا، مائارىپ پۇلىنى تولۇق تاپشۇرىلا، مۇشۇ مەھەللىدىلا بولىدىكەنلا ھۆكۈمەتنىڭ قەرزىنى ئادا قىلماي قۇتۇلالمايلا! يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، سىلىگە بىر چېكىت ئۇرۇلدى، ھوشلىرىنى يىغىۋالسىلا! — نىياز خانىمنى باشلاپ كەتتى.

سەمەت مەخسۇم ئۇزاق ئوقۇلىدىغان پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، جايىنامازدا خىيال سۈرۈپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيۋاتقان سۈر-ھەيۋەتلىك ئاۋازلار نەدىندۇر پەيدا بولغان مۇناپىق شەيتاننىڭ مەسخىرىلىك تىۋىشىدەك ئاڭلىنىپ، ئۇنى بىزار قىلاتتى. "قىيامەت يېتىپ كېلىۋاتامدۇ-نېمە؟" دەپ ئويلايتتى مەخسۇم قولىدىكى تەسۋىنى چىڭ تۇتۇپ، "ئەجەپ بىر زامان بولۇۋاتىدۇ، ئادەملەر شەيتاننىڭ پوقىنى پۇراۋېرىپ سەسكىنمەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ زاماننىڭ سېھىر-ئەپسۇنىدىن بىغۇبار باللارنىڭ ۋە بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ بېشى قېيىۋاتىدۇ، توغرا يولدىن ئېزىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام' بىر ئىش شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەمنىڭ قولىغا قالغاندا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ' دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن، بىز بىچارە خەق مانا مۇشۇ نىيازدەك مەرەزنىڭ قولىغا قالدۇق. تۈنۈگۈنلا تېخى بىر نان تۇتقۇزۇپ قويسا يېيەلمەي ماڭقىسىغا سۈۋاپ يۈرۈيدىغان تاز بۈگۈن مانا نان بەرگەن ئاكىسىنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىشقا قوپتى. قېنى شۇنداق قىلسۇن، خۇدايىمنىڭ زېمىنىنى تارتىۋېلىپ نەگە ئاپىرىدىكىن! ئەمدى بارغانچە تەس كۈنگە قالىدىغان ئوخشايمىز، مەنغۇ بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتەرمەن، ئەمما ئوغلۇم قانداق قىلار؟ مەن كەتسەم ئۇ بۇ دۇنيادا قېلىپ نېمە

كۆنلەرنى كۆرەر؟! باللىق كۆڭلى بىلەن ھازىرقىدەك پاك ياشارمۇ يا كېيىن دۇنياغا ئالدىنىپ ئېزىپ كېتەرمۇ؟! ئاھ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، بالامنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئادەم بولۇپ، ئۆمۈر بويى ھىدايەت يولىدا مېڭىشىغا مەدەت بەرگەيسەن!»

سەمەت مەخسۇم جايناماز دا يۈكۈنۈپ، يەنە نۇرغۇن دۇئالارنى قىلدى. پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا ھامان غايىۋى تۇيغۇ ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەسلىك تەسەللىي ھەم ئىشەنچ بېرىپ تۇرغاچقا، نامازدىن پارىغ بولۇپ تىرىكچىلىككە كىرىشىشكە تۇرمۇش ئۇنى يامان تەرەپكە، كۆڭۈلسىزلىككە، ھەتتا ئۈمىدسىزلىككە قىستاپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ جايناماز دىن پەقەتلا قوپقۇسى كەلمىدى؛ جىمى تىرىكچىلىك غېمىدىن خالاس بولۇپ، قەلبىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇرغان بۇ جاھان تەتۈرلىكىدىن قۇتۇلۇپ، ئاللاھنى ھەم ئۇ دۇنيانى ئويلاپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا بەكمۇ ئارامبەخش ۋە كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. ئۇ شۇ تەرزدە تەن مۇھتاجلىقىنى ۋە روھىي سىقىنچىلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۇلۇغ ئېتىقادىنى كۆز نۇرىغا، دىل يورۇقىغا ۋە بۇ دۇنيالىق بارلىق ئارزۇ-ئىنتىلىشلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، قەلبىنى ئۇلۇغ خۇداغىلا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى، ئۆزلۈك ۋەسۋەسىلىرىنى، ھاياتلىق مەقسەت-پىلانلىرىنى، بالىسىنىڭ كەلگۈسىدىن قىلىدىغان غېمىنىمۇ شۇ بۈيۈك ئەقىدە-ئىخلاسىغا بويسۇندۇرۇۋاتاتتى...

ھىدايەت قارى داۋۇت داموللامدىن ئالىدىغان ساۋىقىنى ئېلىپ بولۇپ، ۋەلىسېپىتكە مىنىپ، مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە يولدا ئېشەكنى ئېغىنىتىۋاتقان نىياز ئۇنى كۆرۈپ ئالدىغا چاقىردى:

— ھوي قارى، ماياققا كەلسىلە، سىلىگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار!

ھىدايەت قارى نىيازنىڭ مۇشۇ مەھەللىگە باشلىق

ئىكەنلىكىنى، مەسچىتكە چىقمايدىغانلىقىنى، ھەر بازار كۈنى كەچتە ھاراق ئىچىپ، مەھەللىنى مەست ئايلىنىپ، تۇل خوتۇنلارنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، رەسۋا ئىشلىرى خەقلەرگە نەچچە كۆرۈنۈپ قالسمۇ يەنىلا خەقلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىگە نارازى بولغان ياكى قارشى پىكىردە بولغانلاردىن ئۆچ ئېلىپ ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ، قىنىغا پاتماي يۈرۈيدىغانلىقىنى بىلەتتى؛ يەنە كېلىپ ئۇلار ئۇدۇل قوشنا بولغاچقا، نىيازنىڭ شەيتان سۈپەت قىلىقلىرى، ئۇنىڭ بىشەم خوتۇنى ۋە قىتىغۇر بالىلىرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ھىدايەت قارىنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغمايتتى. سەمەت مەخسۇممۇ نىيازنىڭ قىلىقلىرىنى ئەيىپلەپ يۈرگەچكە ھىدايەت قارى ئۇنىڭغا تەبئىيلا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇلارنى بۇ مەھەللىدىكى بىر توپ بالايى ئاپەت دەپ ھېسابلايتتى. نىياز بۈگۈن ئىشىكىنى سۇغارغىلى چىقىپ، چوڭ يولدىلا ئىغىناپ يېتىۋالغان ئىشىكىنىڭ ھەرىكىتىدىن ھوزۇرلىنىپ، تاماكىسىنى شوراپ، يولدىن ئۆتكەنلەرگە تەكەببۇرانە قاراپ، يەرگە توختىماي تۈكۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ بەدخۇيلۇقى ھىدايەت قارىغا تېخىمۇ يىرگىنىشلىك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇيرۇق گېپىگە ئاچچىقى كەلدى.

— ۋەلىسپىتىڭنى توختىتىپ مايلىقا كەل دەيمەن، سەندىن سورايدىغان گەپ بار، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟

— ئۆيگە ئالدىرايمەن، ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— نامازنى ئاتاڭ ئوقۇسا بولىدى، ساڭا نېمە تۇرۇش، كىچىككىنە تۇرۇپ مەكتەپتە ئوقۇماي ناماز ئوقۇيمەن دەپ يۈرگىنىنى!

— ناماز ئوقۇش دېگەن خۇدايىم بۇيرۇغان پەرز، سەندەك كاپىرلار بۇنى ئۇقمايدۇ.

نىياز ئۆزىگە ئەزەلدىن گەپ قىلىپ باقمىغان بۇ جىمغۇر، مۆلۈك بالىنىڭ غەزەپلىك چىرايىدىن، چوڭ ئادەملەرگە خاس سۆر-

ھەيۋىسىدىن ۋە تولۇق گەپلىرىدىن ھاڭ-تاڭ قالدى ھەم بىردىنلا سەپرايى تۇتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ نىيازغا بۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلىپ باقمىغانىدى.

— ھەي كۆك ماڭقا، نىمە دەۋاتىسەن؟! — نىياز ئاچچىقتىن يىرىلغۇدەك بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئارغامچىسىنى تاشلاپ، ھىدايەت قارىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى.

— سەن كاپىر، خەقنى بوزەك قىلمەن دىمە، خۇدايىم قىيامەت كۈنى ھىساب ئالىدۇ!

— ھەي ماڭقا، ماڭقاڭنى ئىيتىۋېتىپ سۆزلە، بولمىسا بۇرنۇڭنى چۇۋۇۋېتىمەن!

— مىنى ئۇرىدىغانغا نىمە ھەققىڭ بار! ئاتامغا دەيمەن!

دىگىنە مانا! — نىياز قولىنى چۆرىدى، تەستىكى ھىدايەت قارىنىڭ بۇرنىغا تىگىپ قانىتىۋەتتى.

— ئۆيۈڭگە بىرىپ ماڭقاڭنى ئىيتىۋال، ئاتاڭغا ماڭقاڭنى ئىقىتىپ بارساڭمۇ كارىم يوق! ھەر قايسىڭغا ئەمدى تۆكۈممۇ تەۋرەپ قويمايدۇ، ئاتاڭ دەپ قوي، ئاتاڭ سىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە بەرمەيدىغان بولسا مەندىن بوش قۇتۇلالمايدۇ...

نىياز كۆڭلى بۇزۇلۇپ ياش تۆكۈۋاتقان ھىدايەت قارىنىڭ كۆزىدىكى نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى،"بۇ كۈسپۈرۈچ نەق ئاتىسىنى دوراپتۇ، موللا خەقنىڭ كۆزى نىمانچە يامان بولىدىغاندۇ" دەپ ئويلىدى. ئىشىكنىڭ يىنىغا بىرىپ، يىنىدىن تاماكا ئىلىپ يۆگەپ چىكىپ، يەرگە تۆكۈرۈپ قالدى.

ھىدايەت قارى ئۆيگە كەلگەندە ئاتىسى ئۇنى نامازغا ساقلاپ ئولتۇراتتى، ئوغلىنىڭ ئازار يىگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما بالام، تاھارەت ئىلىپ كەل، ئاۋۋال نامىزىمىزنى ئوقۇۋالايلى!

نامازدىن كېيىن سەمەت مەخسۇم بۇ ئىشقا سەۋر قىلىش-قىلماسلىق ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى، ئويلىغانچە يامانلىققا سۈكۈت قىلىشنىڭ جايىز ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ مۇناپىقنى بىر ئەدەبلەپ، ئاچچىق ساۋاق بېرىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە نىياز دىندىن چىققان كاپىر ئىدى، قىلمىشلىرى شۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئاتا-بالا نىيازنىڭ ئۆيىگە كىردى. نىياز هويلىسىدىكى بەنچاگدا تاماكا چېكىپ ياتاتتى. ئاشخانا ئۆيدە سەي قورۇۋاتقان خوتۇنى تالادىن كىرىۋاتقان ئىككەيلەننى كۆرۈپ كەيپى ئۇچۇپ توۋلىدى:

— هەي نىياز، قوپۇڭلا، ئۆيگە ئادەم كەلدى!

نىياز ئورنىدىن قوپۇپ بولغىچە سەمەت مەخسۇم بەنچاگنىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى ۋە نىيازنىڭ كۆزىگە قولىنى شىلتىپ بوغۇق، قەهرلىك ۋاقىرىدى:

— هوي مۇناپىق جوهوت، بالامغا نېمىشقا مۇتتەهەملىك قىلىسەن، ئۇنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ سەن ماڭا بالا چوڭ قىلىشنى بەرگەنمىدىڭ؟! بۇنىڭ پوقىنى ئادالاپ چوڭ قىلغان ئاپىسى، بۇنى تەربىيىلەپ مۇنچىلىك ئادەم قىلغان ئاتىسىمۇ بۇنى تاك ئېتىپ چەككەن ئەمەس، ئۇقتۇڭمۇ يۇندا پۇرۇش!

نىياز ئالاق-جالاق بولۇپ تامدەك تاتىرىپ كەتتى، تاماكىسىنى نەلەرگىدۇر تاشلىۋەتتى.

— قولۇڭغا تىرناقچىلىك هوقۇق تېگىپتىكەن، چوڭدىن تارتىپ كىچىككىچە بوزەك قىلغىلى تۇردۇڭمۇ ئەمدى! هوقۇقدار بولساڭ ئۆزەڭگە هەي مۇناپىق، بالامنى سەن باشقۇرالمايسەن!

— بۇ ماڭا مېنى كاپىر دەپ تىللىدى، شۇنداق دېسە مەن قاراپ تۇرامدىمە؟!

— راست دەپتۇ هوي مۇسۇلمان كاپىر، بالامنى ئۇرغان قولۇڭ سۇنۇپ كەتكەي ئىلاهىم!

نىياز دېمىقىنى قېقىپ ئاچچىق كۈلدى:

— ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەيدۇ!

— سەندەك كاپىر گۇيغا قارغىشىمىز ئۆتىدۇ!

— ئۆيگە كالىدەك ئۆسۈپ كىرىپ كىشىنى ناھەق تىللىغان سىلىدەك ئادەم كاپىر بولىدۇ...

— قايسىمىز كاپىر ھەي گۇي، قايسىمىز كاپىر، گۇناھقا گەدىنىڭگىچە پېتىپ كەتكىنىڭنى تۇيمايۋاتامسەن؟!

— كاپىر، مۇسۇلماننى سىلە ئايرىيالمايلا، خۇدا ئايرىيدۇ، تولا ئەۋلىيا ئەزەمدەك بىلەرمەنلىشىپ كەتمىسىلە، ھۆرمەتلىگەننى بىلىپ، گەپ بولسا چىرايلىق قىلىپ، سۆپەتلىرىنى ساقلاپ ئولتۇرسىلا، ئەتىگىچە بىز مۇشۇ مەھەللىدە يەنە بار جۇمۇ، ئۇدۇل قوشنا بولۇپ قاپتۇق، ئەمدى يامان ئېتىشىپ قالمايلى!

— ئېتىشقىنىڭ بولسا ئېتىشىمەن، سەندەك غالچىدىن قورقۇپ قالمايمەن، سەندەك قۇرۇق تېرە تاراقشىتىدىغان مۇناپىقلارنى تولا كۆرگەنمەن! بىگۇناھ بالىنىڭ بۇرنىنى قانىتىپ نۇرغۇن قاننى ئاققۇزۇۋېتىپ يەنە تېخى ھېچ ئىش يوقتەك بىغەم ياتىسىنا، كېلە، سېنىڭ بۇرنۇڭنىمۇ بىر قانىتىپ باقاي، بۇزۇق قانلىرىڭ ئېقىپ كەتسۇن!— سەمەت مەخسۇم نىيازنىڭ بۇرنىغا مۇشت ئاتتى، نىياز بۇرنىنى قاچۇرۇپ، زاڭقىغا مۇشت يېدى، ئاندىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ سەمەت مەخسۇمنىڭ ئېڭىكىگە بىرنى قويدى، بۇ مۇشتتىن مەخسۇمنىڭ ساقاللىرى تىترەپ، كۆزلىرىگە قان تولدى. سەمەت مەخسۇم پاكىز، ساغلام بولغان بىلەن ئۇرۇق ھەم بەدىنىدە كۈچى يوق ئىدى، ھىدايەت قارىنى ئۆگەينىڭ قولىغا قويمايمەن دەپ ئۇزاققىچە خوتۇن ئالماي يۈرگەچكە، تۇرمۇشى قىيىن، كۆتۈنۈشى ياخشى بولمىغاچقا بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئاجىزلاپ قالغانىدى. ئۇ نىيازنىڭ كانىيىنى سىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۈچ ئېلىشالماي خېلىلا ھالسىرىدى، ئاخىرىدا نىيازدىن قاڭشىرىغا قاتتىق بىر مۇشت يەپ بۇرنىنى تۇتۇپلا

قالدى. ھىدايەت قارى نىيازنىڭ كەينىدىن تەپكەندى، نىيازنىڭ خوتۇنى ئۇنى بىر ياققا تارتىپ يۈزىگە بىر نەچچە تەستەك سالدى. ئۇرۇش-جېدەلنىڭ ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى، قولۇم-قوشنىلار ۋە ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانلار مەھەللە باشلىقىنىڭ ھويلىسىدا قانداق ئۇرۇش-جېدەل بولغىنىغا قىزىقىپ نەق مەيدانغا توپلىنىشقا باشلىدى. ئاۋۋال بارغانلار ئۇلارنى تېزدىن ئاجراتتى. سەمەت مەخسۇمنىڭ بۇرنىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، ھىدايەت قارى بۇنىڭغا قاراپ ئاتىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئەلەملىك ياش تۆكۈپ تۇراتتى. نىياز تاۋكادا ئۇتقان قىمارۋازدەك كۆرەڭلەپ، چوڭ رەقىبىنى يەڭگەن پالۋاندەك گىدىيىپ، ھەممەيلەنگە مەغرۇرانە قاراپ تۇراتتى، خوتۇنى خەقلەرگە بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، ئۇلارنى قارىلاپ توختىماي ۋاتىلدايتتى.

—— ساقالغا ھۆرمەت قىلغاننى ئۇقماي ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرگەندىن كېيىن، گۇناھ ئۆزلىرىدە بولغاندىكىن، ھارام قانلىرى ئاقتى ئەنە، بۇ ماڭقىلىرىنىڭ بۇرنىدىن ئاققان قانمۇ شۇ، ئەيىپ كىمدە بولسا شۇنىڭ ھارام قېنى ئاقىدۇ! بۇ داۋلىنى ئەل-جامائەتمۇ بىلىدۇ!—— دېدى نىياز خەقلەرگە خۇددى مەجلىس ئېچىۋاتقاندەك جاراڭلىق سۆزلەپ، —— ساقالنى مەيدىگە قويۇۋالغان بىلەن كاللا ئىشلىسە ھېساب! كىچىك بالىنىڭ گېپىگە كىرىپلا كالىدەك ئۇسۇپ كىرەۋەرگەن بىلەنلا بولمايدۇ-دە، گەپ بولسا چىرايلىقچە دېمەمدۇ چوڭ ئادەم دېگەن، سىلىمۇ مۇشۇ مەھەللىدە يۈز-ئابرويلۇق ئادەم، ئاتا-ئانىمىزمۇ بۇرۇندىنلا ئىناق قوشنا بولۇپ ئۆتكەن ئادەملەر، بۇنى نېمىشقا ئويلىمايلا دەيمەن، ساراڭدەك يۈرۈپ ئۆزلىرىنى ئۇنداق تاشلىۋەتمىسىلە، بولمىسا ئەل-جامائەت ئالدىدا بىر تىيىنچىلىك ئىناۋەتلىرى قالمايدۇ!

—— تولا كاپشىما قانخور مۇناپىق!-دەپ ۋارقىرىدى مەخسۇم قول ياغلىقى بىلەن بۇرنىدىكى قاننى سۈرتكەچ،- ئەمەلدارمەن دەپ

چوڭ سۆزلىمە، خەقنى ئالدىمەن دېمە، سەن بەدبەخ خەقلەرنى بوزەك قىلىپ يامان ئۆگىنىپ قالدىڭ، بۇ مەھەللىدە سەن بوزەك قىلمىغان ھېچكىم قالمىدى، ئاخىرەتتە بۇنىڭ جازاسىنى تارتىسەن، ھەددىڭدىن بەك ئېشىپ كەتمە، ئاخىر ھاراقنى تولا ئىچىپ قان قۇسۇپ ئۆلىسەن! ياتار جايىڭ جەھەننەم بولار، يېگەن ھارام ماللىرىڭ، ئىچكەن ئېشەك سۈيدۈكلىرىڭ يىلان-چايان بولۇپ، ئاغزىڭدىن كىرىپ بۇرنىڭدىن چىقار! ھە دېسىلا ئىچىڭگە ئېگىلىدىغان، باشقىلارنى ناھەق ئۇرىدىغان ئىپلاس قولۇڭ دوزاخ ئوتىغا تۇترۇق بولار! گۇناھلىرىڭغا ئىككى مۈرەڭدىكى پەرىشتىلەرلا ئەمەس، ئەتراپىڭدىكى ئەل-جامائەتمۇ گۇۋاھ بولالايدۇ، ئۇنچىلىك ھوقۇقىڭغا ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ كەتمە نىياز، ھۆكۈمەت ۋاقتى كەلگەندە سەندەك قوڭ سويمىنى تەرەت چالمىسىدەك تاشلىۋېتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ!

نىياز ھويلىسىدىن جۇشقۇن قەدەمدە چىقىپ كېتىۋاتقان ئاتا-بالىنىڭ كەينىدىن قاراپ، دىمىقىدا كۈلۈپ، يەرگە نەچچىنى تۈكۈرۈۋەتتى ۋە تېخىچە كەتمەي تۇرغان خەقلەرگە قاراپ:

— كۆردۈڭلارمۇ بۇ ئادەمنىڭ تەلۋىلىكىنى، ئۆزىنى ئەۋلىيا چاغلاپ ئاغزىغا كەلگەننى مۇشۇنداق دەۋېرىدىغان بولسا ئاز كۈندىلا جاجىسىنى يەيدۇ...

خەقلەر نىيازنىڭ ھويلىسىدىن قايتىپ چىقىپ، مەخسۇمنىڭ چىڭ تاقالغان دەرۋازىسىغا قاراپ، مەخسۇمغا ۋە قارى بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىشتى.

ئاتا-بالا ئىككەيلەن شام، خۇپتەن نامازلىرىنىمۇ شۇنداق چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن ئۇقۇدى، ناماز ئاخىرىدا مەخسۇم پەرۋەردىگارىغا بېغىشلىغان ھەمدۇ-سانالىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ھىدايەت قارى ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان بىر دۇئانى قىلدى:" ئى رەھمەتلىك پەرۋەردىگارىم، مۆمىن بەندىلىرىڭنى زامانىنىڭ زوراۋانلىرىدىن، ئىزگۈ ئېتىقادنىڭ زامىنلىرىدىن، ئىبلىسنىڭ زىيان-زەخمەتلىرىدىن،

مۇشتۇمزور مەجۇسىلارنىڭ مالامەتلىرىدىن، موھتاجلىقنىڭ يامانلىقىدىن مۇناپىقلىقتا مۇپتىلا بولۇشتىن ساقلىغايسەن! رەببىمىز، بىز سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، سەندىنلا مەدەت ئالىمىز، بىزنى ھىدايەتكە ۋە ئاخىرەتتىكى سائادەتكە مۇشەررەپ قىلغايسەن. ئامىن!...“

سەمەت مەخسۇم ئوغلىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە بەرمىگەنلىكتىن نىياز ئۇنىڭ يېرىنى بىر پۈكمۈ قالدۇرماي مەھەللىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. سەمەت مەخسۇم كەنت سېكرېتارىغا ھال ئېيتىپ باردى، گېپى ئاقمىدى. ئۆز ئوغلىنىڭ تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىمۇ ئىگە بولالمىغىنىغا، ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان مۇنبەت زېمىنىمۇ تارتقۇزۇپ قويغىنىغا قورسىقى قاتتىق كۆپكەن مەخسۇم يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ باردى، ئۆيدە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بارلىقىنى، ئەمگەك كۈچى يېتىشمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭغا بەك ئېتىبار قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بەك دەپ تۇرۇۋالدى. يېزىلىق مائارىپ ئىدارىسى سەمەت مەخسۇمنىڭ ئۆيىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنىڭ راستلىقىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ھىدايەتقارىنى ئوقۇشتىن ”ئازاد“ قىلدى. ئەمما يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپقا مەسئۇل باشلىقى نىياز بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، سەمەت مەخسۇمغا ئۈچ مو يەرنىلا ھۆكۈمەتكە قايتۇرۇش، ھاشارغا بۇرۇنقىدەك چىقىش، مائارىپ مەبلىغىنى تولۇق تاپشۇرۇش ھەققىدە ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ قويدى. سەمەت مەخسۇمنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلماسلىقتا ئامالى يوق ئىدى.

ئاتا-بالا كۈزلۈك پاختىنى تېرىپ سېتىپ بانكىنىڭ قەرزىنى ۋە كېلەر يىلقى پاختا تېرىلغۇسىغا يىغىلىدىغان مەبلەغنى بېرىپ تۈگەتتى، كۈزگى بۇغداي تېرىپ بولدى؛ قىشلىق ئوزۇقلۇق، كىيىم-كېچەك، ئوتۇن كۆمۈر ئۈچۈن سەمەت مەخسۇم بانكىدىن يەنە قەرز

ئالدى. ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا قەرز يېغىلاپلا ئۆتۈۋاتقان مەخسۇم خوتۇن
ئىلىشقا ئىشلىنالماي يۈرگىنىگە ئىچى پۇشاتتى. بىر ئايالنىڭ
كەملىكىدىن بارغانچە سوۋرۇن، قوپقۇرۇق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان ئۆيگە
دائىم خۇرسىنىش ئىچىدە قارايتتى، ”ئادەم تۇغۇل تېرەكتىكى
قۇشقاچلار، كاتەكتىكى توخۇلار، قوتاندىكى قويلار، ئېغىلدىكى
كالىلار، ئېشەكلەردىن تارتىپ يەردىكى چۈمۈلىلەرگىچە ھەممە
مەخلۇقاتلار جۈپ-جۈپى بىلەن ياشايدۇ، ئەگەر ئۇلار ئايرىلىپ ئۇزاق
ياشىسا جېنىدىن جەزمەن تويىدۇ؛ مېكىياندىن ئايرىلغان خوراز
كاتەكتە تۇرىۋەرسە ئاسانلا كېسەل تېگىپ ئۆلىدۇ، يالغۇز بۇقا ئېغىلدا
تۇرىۋەرسە تامنى ئۈسۈپ قوتۇر قىلىدۇ، ئىشىكنى بۇزىدۇ؛ يالغۇز
قوشقار قورسىقى تويسىمۇ كەچكىچە مەرەپ جىم ياتمايدۇ، يالغۇز
ئېشەك ئىشىكنى تېپىپ ياكى باغلاقتىن قېچىپ ئىگىسىگە ئارام
بەرمەيدۇ. ئادەم دېگەن مەخلۇقنىمۇ خۇدا شۇنداق جۈپتى بىلەن
ياراتقان، ئادەم ئەقىل-ئىدراك، ھېسسىياتقا مول بىر مەخلۇق تۇرۇپ،
جۈپتىسىز يۈرۈشكە تېخىمۇ چىدىمايدۇ-دە! شۇنداق مېھرى ئىسسىق،
تەقۋا بىر ئايال بولسا، تاماق ئېتىپ بەرسە، تاھارەتكە سۇ ئىسسىتىپ
بەرسە، ئاخشىمى ئورۇن سېلىپ بەرسە، رەھمەتلىك ئايالىم بار
ۋاقتىدىكىدەك كۆڭۈللۈك ياشىساق ئەجەپ ئوبدان بولاتتى-ھە! ئەمما
شۇنداق ئېسىل بىر ئايال تېپىلسا تېپىلدى، قاملاشمىغان خوتۇندىن
بىرنى ئۆيگە ئەكىرىۋالساق بېشىمىزغا پىت تېرىيدىغان گەپ، خوتۇن
خەقنىڭ ئەيىبى ئۆزىنىڭ چېچىدەك تولا بولىدۇ، ياخشى خوتۇن
تاپماق بۇ جاھاندا ئەڭ تەس ئىش! ھىدايەت قارىمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ،
ئۇنى دەپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالالايدىغان، ئۇنى
ئۆگەيلىمەيدىغان بىر ئوبدان مەزلۇمنى تاپسام بولاتتى...ئوغلۇم توي
يېشىغا يەتكەن بولسىمغۇ ئاۋۋال ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قوياتتىم،
كېيىن بالا ئۆيدە بولغاندىكىن جىق ئىشلاردا خاتىرجەم بولاتتىم،
لېكىن ئايالىم يوق، كېيىن قىزنى ياخشى تاللىماقمۇ تەس، توي

چىقىملىرى بارغانچە ئېغىرلىشىپ كەتتى. جاھان نەگە كېتىۋاتىدىكىن، ھېچ ئۇقىقلى بولمايدىغۇ زادى، خۇدا ئۆزەڭ بار!“...
سەمەت مەخسۇم مۇشۇنداق خىياللارنى تولا قىلىدىغان، خۇدايىتائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىرەر ياخشى ئايالغا ئېرىشىپ قېلىشنى كېچە-كۈندۈز تىلەيدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئاتا-بالا ئىككەيلەن ئېتىز ئىشىدىن بىكار بولۇپ ئۆيگە ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە ئۆيدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىسسىق چاي ۋە تاماق ئېلىپ كېلىدىغان بىر ئايالنىڭ بولمىغانلىقى بەك بىلىنىپ كېتەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ناماز ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، قورساقتا دال بولغۇدەك بىر نېمە ھازىرلاشقا ئالدىراپ ھالىدىن كېتەتتى؛ كۈندە بىر ۋاق ئوخشىمىغان تاماقنى ئېتىپ يېيەلىسە يېدى، بولمىسا قاتتىق قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچەتتى.
سەمەت مەخسۇم قايتا خوتۇن ئېلىش ئىشىنى تولا ئويلاۋېرىپ بەزىدە نامىزىدىن ئېزىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى، بۇنداق چاغدا ئۇ ئىچىدە، خوتۇن خەق دېگەن يەنىلا شەيتان-دە دەپ ئاغرىناتتى؛ نامازنى ئازماي ئوقۇش ئۈچۈن، شۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جەزمەن بىر جۇۋان تېپىش كېرەكلىكىنى تەخىرسىز ھېس قىلاتتى. بىر كۈنى يۈزىنى ئورىۋالغان بىر ئايال دىۋانە سەمەت مەخسۇمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالدى، ئۇ ئايالنىڭ نازۇك قامىتى ۋە دۇئا ئوقۇغاندىكى جاراڭلىق ئاۋازى مەخسۇمنىڭ بىر ئايال زاتىغا تەشنا چاڭقاق يۈرىكىنى خېلىلا تىترەتتى؛ مەخسۇم ئادەتتە ئاسراپ ئاز-ئازدىن يەيدىغان يۇمشاق بۇغداي نېنىدىن ئىككىنى ئۇ ئايالغا بەردى ۋە ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولدى، ئەمما ئۇ ئايال ناننى ئېلىپلا خۇرجىنىغا سېلىپ، ساپايىسىنى كۆتۈرۈپ كەينىگە ياندى، يىراقتا ئېشىكىنى تۇختىتىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئەر دىۋانىگە يېتىشتى-دە، خۇرجۇننى ئېشەككە ئارتىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ”مانا شۇلار جىنىدا ئەر-خوتۇن ئىكەن“ دەپ ئويلىدى

مەخسۇم ھەسرەتلىنىپ.
ھىدايەت قارى يوشۇرۇنچە داۋۇت داموللامدىن ساۋاق ئېلىش بىلەن بىللە، قۇرئاننى يادلاپ، قارىيلىقتىن ھافىزلىققا ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ كىچىككىنە تۇرۇپ مويسىپىتلارچە تەقۋا ياشاشقا كۆنۈپ كەتكەچكە كۆڭلى پاك، كەيپىياتى ساز ئىدى؛ بۇرۇندىنلا سەزگۈر مىجەزلىك بولغاچقا ھەر قانداق ئىشقا ئىنچكە قارايتتى؛ بەزىدە تەقۋالىقتا ئاتىسىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. ئۇنىڭ سۆزۈك، پاكىزە يۈزى، قارىسىلا بەزى خۇدۇكچان كىشىنى تەمتىرىتىپ قويغۇدەك ئۆتكۈر كۆزى، ھەر دائىم ئورۇنلۇق ئېيتىلىدىغان سۆزى مەھەللىدىكىلەرگە ھەر دائىم چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە غايىۋى ھۆرمەت قوزغايتتى. جامائەت ئارىسىدا ھىدايەت قارىنىڭ قىرائىتى بەك چىرايلىقمىش، كۈندە قۇرئان تىلاۋەت قىلىمىش، كىچىككىنە تۇرۇپ ھافىز بوپتىمىش...دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. مەھەللىدە ئۆلۈم-يېتىم بولسىلا ھىدايەت قارى خەتمە قىرائەتكە تەكلىپ قىلىناتتى، ئۇنىڭ قىرائەت قىلغاندىكى ئاۋازى، مۇڭى ھەممىنى بېسىپ چۈشكەچكە يىراق-يېقىنغا داڭقى كەتكەنىدى.
بۇ مەھەللىدە ئايىمخان دېگەن بىر ئايالنىڭ ئېرى رامىزان ئېيىدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئايىمخان تۇغماس ئايال بولغاچقا مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئېرىنى ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلايتتى. ئايىمخان ئېرىنىڭ نەزىرىنى ياخشى بېرىپ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ھىدايەت قارى قاتارلىق قارىملارنى خەتمە قىرائەت قىلدۇردى.
ئايىمخاننىڭ خېلى تەقۋالىقىنى سەمەت مەخسۇم بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ياپياشلا تۇل قالغان بۇ ئايالنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىللىق ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇشنى ئارزۇلايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ كاتتا مەقسىتىنى ئايىمخانغا قانداق ئۇقتۇرۇشنى، جۇۋان تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى، بۇ ئىشقا ئايىمخان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى دەممال بىلەلمىگەچكە، نىيەت-

مۇددىئالىرىنى دۇئايى ئىلتىجالىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاللاھتىن ئاسانلىق تىلەيتتى.

ئايىمخان ھىدايەت قارىنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىغاندىن تارتىپ، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز مېھرى چۈشۈپ قالدي. ئۇنى ئايرىم ياكى ئاتىسى بىلەن بىللە ھالدا كۆرسە ئاجايىپ قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار تولىراق تاڭ سەھەردە ئۇچرىشىپ قالاتتى، بۇ چاغدا سەمەت مەخسۇم ئوغلى بىلەن مەسچىتتىن يېنىپ كېلىۋاتقان بولاتتى، ئايىمخانمۇ بامدات نامىزىنى توگىتىپ، ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ بولۇپ، يولنى سۈپۈرۈۋاتقان ياكى سۇ چېچىۋاتقان بولاتتى. سەمەت مەخسۇم دائىم ئاق رومال ئارتىپ، ئۇزۇن قارا پەلتو كىيىپ يۈرۈيدىغان ئايىمخانىنىڭ ئىش قىلىۋاتقاندا پەسكە ئېگىلگەن زىلۋا قەددىنى يىراقتىن كۆرۈپلا قىلسا قەدىمىنى ئىتتىكلىتەتتى، ھىدايەت قارى ئاتىسىغا يېتىشەلمەي ئاۋارە بولاتتى. ئۇلار ئايىمخانىنىڭ ئىشىكى ئۇدۇلىدا كېلىشىۋالغاندەكلا ئۇچرىشاتتى، قىزغىن سالاملىشاتتى. بۇنداق ئەھۋال داۋاملاشقانسېرى ئارىلىق يېقىنلاشتى. ئايىمخان سەمەت مەخسۇمنى ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالە ئىسسىق چاي ئىچىشكە ھەر ۋاقىت تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى، مەخسۇم بۇ تەكلىپنى دەسلەپتە رەسمىيەت دەپ چۈشىنىپ، كېيىن تارتىنمايلا قوبۇل قىلىدىغان بولدى، چايدىن كېيىن ئايىمخان تاماققا تەمشىلەتتى، سەمەت مەخسۇم دەسلەپتە توسۇپ بېقىپ كېيىن بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى. ئەمما ئۇ خەقلەرنىڭ”مەخسۇم ئىددىتى توشمىغان ئايالغا ساقال سۆرەپ يۈرگىدەك“ دېگەندەك گەپلەرنى تېپىشىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى.

سەمەت مەخسۇم بىر كۈنى ساقسىز بولۇپ قېلىپ مەسچىتكە چىقالمىدى، نامىزىنى ئۆيدە قىينىلىپ تۇرۇپ ئوقۇدى، ھىدايەت قارى يەنىلا سەھەر تۇرۇپ مەسچىتكە چىقىۋەردى. ئۇ مەسچىتكە چىقسا ئۆزىنى ئالاھىدە ئىززەتلەيدىغان جامائەت بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ تۇراتتى، كىچىك بولسىمۇ ئۆزىدىن چوڭ جامائەت بىلەن

ناھايىتى مۆتىۋەر، تەقۋا سوپەتتە سالاملىشاتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جامائەتنىڭ نەزىرىدىكى ئوبرازى ھەقلىق يوسۇندا گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كۈنى ئايىمخان ھىدايەت قارىنىڭ مەسچىتتىن يالغۇز قايتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى:

— بالام، ئاتىڭىز بۈگۈن مەسچىتكە چىقالمىدىمۇ؟!

— مىجەزى يوق چىقالمىدى، خۇدايىم شىپالىق بەرسە ساقىيىپ قالار،— دېدى ھىدايەت قارى تەمكىنلىك بىلەن.

— بەك ئېغىر ئەمەستۇ؟! ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمىغاندۇ؟

— ياق، يېتىپ قالمىدى، ئۆزى قوپۇپ تاھارەت ئالالايدۇ، ناماز ئوقۇيالايدۇ.

— ئۇنچىلىك بولسا بوپتۇ، ھەر نېمە بولسا خۇدايىم شىپالىق بېرەر.

ھىدايەت قارى ئۆيگە كەلگەندە سەمەت مەخسۇم ئۇنىڭدىن ئايىمخاننى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. ھىدايەت قارى بولغان گەپنى دېدى. ئەتىسى ئايىمخان بىر داستىخاندا لىق نان، چاي، قەنت كۆتۈرۈپ كېلىپ، سەمەت مەخسۇمنى يوقلىدى.

— بۇنداق قىلمىسىلىمۇ بولاتتى،— دېدى مەخسۇم كېسىلى بىر دەمدىلا ياخشى بولۇپ كەتكەندەك جانلىنىپ ھەم ئېچىلىپ،— ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرمۇ ئاز ئەمەستى، شۇنداق تۇرۇپمۇ سىلىنى يوقلاپ بارالمىدۇق، خۇدا بۇيرۇسا كېيىنچە ئوبدان يوقلىۋالارمىز.

— ئۇنداق دېمىسىلە مەخسۇمكا، تەقدىر پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن، ھېلىمۇ نەزىرگە ئوبدان قارىشىپ بەردىلە، ھىدايەت قارىمۇ خەتمە قىرائەتنى ئوبدان قىلىپ بەردى. خۇدايىم مۇشۇ ئوغۇللىرىغا بىر ھېكمەت بېرىپتۇ، شۇ ئاخشىمى شۇنداق مۇڭلۇق قىرائەت قىلدى، كېچىچە كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، كۆزۈمدىن ياش قۇرىمىدى. ئۆمرۈمدە مەن بۇنداق ياخشى قىرائەت قىلىدىغان بالىنى

كۆرمىگەن. قارىسىلا، بۇ بالامنىڭ چىرايىغا، نۇر يېغىپلا تۇرىدۇ، بۇ ياشتىكى باشقا كەپسىز، توپا تەرەت باللارغا زادى ئوخشىمايدۇ، يولدا ماڭسىمۇ چوڭلارغا ناھايىتى ئەدەبلىك سالام قىلىپ ماڭىدىكەن، بەتقىلىق ئىشلارنى ئۆزىگە قىلچە يۇقتۇرمايدىكەن، ھەر قانداق ئىشقا ھورۇنلۇق قىلمايدىكەن. مەھەللىدىكىلەرمۇ باللىرىنى سەنمۇ ھىدايەت قارىمىدەك بولساڭ بولامدۇ دەيدىغان بوپتۇ. دېمىسىمۇ، خۇدايىم بۇ بالامغا بىر ئېسىل سۈپەت بېرىپتۇ. رەھمەتلىك ھاشىيخانمۇ بۇ بالىنى بەك ئوبدان باقىدىغان، ئۆزلىرىمۇ دىندا كامىل، مۆتىۋەر كىشى بولغاچقا ئوغۇللىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئوبدان چوڭ قىلىپلا، خۇدايىم ئەجىرلىرىنى يەردە قويماپتۇ، ئۆزلىرىگە پەرزەنتتىن بەخت بېرىپتۇ. بەزىدە خۇدايىم ماڭىمۇ شۇنداق بىر پەرزەنت بەرگەن بولسا نېمە بولار دەپ كېتىمەن، رەھمەتلىكمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەيلا ئالەمدىن كەتتى... — ئايىمخاننىڭ ئويچان كۆزلىرى ياشقا تولدى؛ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى، رومىلىنىڭ ئۇچىدا يېشىنى سۈرتىۋاتقاندا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە قايغۇلۇق كۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن سەمەت مەخسۇم تىترەپ تۇرۇپ:

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ئايىمخان، سەۋر قىلىسىلا، ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولسىلا! — دېدى. مەخسۇم مۇبادا بۇ گېپىنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرسا ئۆز كۆڭلىدىكىنىمۇ قوشۇپ دەۋېتىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىپ سۆزىنى توختىتىپ قويدى. ئايىمخان ئاياللارغا خاس سەزگۈرلۈكى بىلەن ھەممىنى چۈشىنىپ ئولتۇردى، كۆڭلى ئازادىلىككە چۆمدى.

يۈز كۈنلۈك ئىددەت ۋاقتى توشقاندىن كېيىن سەمەت مەخسۇم ئايىمخاننىڭ ئالدىغا ئادەم كىرگۈزدى، ئايىمخان رازىلىق بىلدۈردى، ئەمما نىكاھ ئوقۇيدىغان ۋە توي قىلىدىغان ئىشنى كەينىگە سۈردى. ھەقتائالانىڭ شاپائىتىگە شۈكرىلەر ئېيتىپ، ياش يىگىتلەردەك ھاياجانلىنىپ، جۇشقۇنلىشىپ كەتكەن سەمەت مەخسۇم

دەسلەپتە جىم بولۇپ قالدى، كېيىن ياخشى ئويلىنىپ بۇنى توغرا چۈشەندى. چۈنكى ئىددەت ۋاقتى توشقان بولسىمۇ، تېز ئارىدا جۇۋان تويى قىلىنسا مەھەللىدىكىلەر"ئايىمخان ئاران تۇرۇپتىكەن" دەپ يەنە گەپ تاپاتتى. ئايىمخان بىلەن مەرھۇم ئېرىنىڭ بەش پاتمان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بۇ تويغا ئىددىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈشكە ۋاقىت كېتەتتى.

مەخسۇمنىڭ بار-يوقى ئانىسىدىن مىراس قېلىپ، مەرھۇم ئايالىدىنمۇ ئېشىپ قالغان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ۋە بىلەيزۈك بولۇپ، مەخسۇم بىلەيزۈكنى ئايىمخانغا ئاتاپ قويدى، قالغىنىغا بىر ئامال قىلماي بولمايتتى، ئۇنىڭغىمۇ ۋاقىت كېرەك ئىدى.

كۈز كېتىپ يەنە قىش كەلدى، ھىدايەت قارى داۋۇت داموللامنىڭ ئۆيىدە ساۋاق ئېلىش كۈنلىرىنى كۆپەيتتى. ئەتىياز كىرگەندە داۋۇت داموللام تالىپ ئوقۇتمايدىغان بولدى، ھىدايەت قارى ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلدى.

مەھەللە باشلىقى نىياز تولىمۇ ئالدىراش، سۈرلۈك بولۇپ كەتتى، مەجلىس ئاچسا ئىشلەپچىقىرىش توغرىلىق گەپنى قويۇپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئىتتىپاقلىق ھەم مۇقىملىقنى قوغداش ھەققىدە سۆزلەيتتى؛ بىر ياندا غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرغان مەخسۇمغا پات-پات گۇمان ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قوياتتى.

بىر كۈنى نىياز ئۇنى دادۇيىدە يىغىن بار دەپ ئېلىپ كەتتى. بۇ يىغىن تۆۋەنگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ كەنت تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلارغا مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدا مەخسۇس ئاچقان يىغىنى ئىدى. يىغىننىڭ ۋاقتى بەكمۇ سوزۇلۇپ كەتتى؛ چۈشتە باشلانغان يىغىن كەچ كىرگەندىمۇ تۈگىمىدى؛ سەمەت مەخسۇمنىڭ ئىچى دەھشەت سىقىلىپ كەتتى:"بىز خۇدادىن قورقماي بەندىدىن قورقامدۇق؟! قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ دىنىي

ئەركىنلىك بەرگەن ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى نامازنى چەكلەشكە بۇيرۇغىدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتمىگەندۇ؟ كوپراتسىيىدىكى سىياستىگە يېنىۋالمىغاندۇ؟ بىز ھۆكۈمەتكە ھېچقاچان نارازىلىق، قارشىلىق بىلدۈرمىدۇقمۇ؟! بېشىمىزغا ھەر قانداق ئىش كەلسە تەقدىر پېشانىمىزدىن كۆرۈۋاتىمىز، ھۆكۈمەتنىڭ ھازىرقى سىياستىدىن رازى بولمايدىغان كىم بار؟! ھەممىنى قىلغان مۇشۇ نىيازدەك مۇناپىق ھوقۇقدارلار، ئىشنى بۇزغانمۇ مۇشۇلار، بۇلار كىچىك ئىشنى يوغىنىتىپ، ئوڭ ئىشنى تەتۈرگە تولغاپ، ھەددىدىن بەك ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇلارنى سورايدىغان ئادەم يوقمىدۇ؟!»

— ھۆرمەتلىك رەھبىرىي كادىرلار، — دەپ ئورنىدىن تۇردى سەمەت مەخسۇم گويا مىڭ پاتمان تۈگمەن تېشىنى يۈدۈۋالغاندەك ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، — مالال كۆرمىسەڭلار، مېنىڭ ئىككى ئېغىز پىكرىم بار.

— يىغىن تۈگىمەي تۇرۇپ نېمە دەپ ئورنىڭلىردىن تۇرۇۋالىلا! — دېدى نىياز ئۇنىڭ يېنىغا چېپىپ بېرىپ، — گەپلىرى بولسا ھېلى يىغىن تۈگىگەندە دېسىلە!

ياق، ھازىر دېمىسەم بولمايدۇ، تەرەت قىستىغاندا ھاجەتخانىغا بېرىش كېرەك، ئىشتانغا چىقىرىۋەتسەك بولمايدۇ، — دېدى مەخسۇم ئەتراپىدا ئۆزىگە قاراپ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغانلارغا بىر قارىۋېتىپ، — باياتىن بېرى رەھبەرلەر ئوبدان گەپ قىلدى، بىزمۇ ئوبدان ئاڭلىدۇق، مەجلىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئاساسەن ۋاقىپلاندۇق؛ ئەمدىكى گەپ، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە باردى، ئۈچ ۋاق نامىزىمىز قازا بولدى، قورساق ئېچىپ، تاھارەت قىستاپ كەتتى. ئۆيگە بالدۇرراق بارساق، قورساقنى توقلاپ قازا نامازنى ئوقۇۋالساق دەيمەن. مېنىڭ پىكرىم شۇ، مەن گېپىم تۈز ئادەم، رەھبەرلەر بۇنىڭغا قانداق قارايدىكىن، بىلمەيمەن. ئەمما مەن مەجلىسنى ئوبدان ئاڭلىدىم، رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى تامامەن قوللايمەن؛ باشقىلارنىمۇ مەن بىلەن

ئوخشاش پىكىردىكى دەپ ئويلايمەن.

يىغىن مەيدانىنى تەشۋىشلىك سۈكۈت باستى. يىغىن مۇنبىرىدە گىدىيىپ ئولتۇرغان كادىرلارنىڭ كۆزى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. نىياز خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىغا يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن سەمەت مەخسۇمنى ئايرىم ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قايتا تەربىيە ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتتى. باشلىق بۇ تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلدى. يىغىن تارقالدى، سەمەت مەخسۇم ئوردىن سۇزۇلگەن بىر تال بىلىقتەك ئايرىلىپ قالدى.

— سىلىنىڭ ئىدىيىلىرىدە ھەقىقەتەن مەسىلە بار ئىكەن، — دېدى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى كۆزەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ، — شۇنچە خەق ئالدىدا ھېلىتىنلا بۇنداق قۇتراتقۇلۇق گەپلەرنى قىلغىلى تۇرسىلا، بىزنىڭ بۇ يەردە يېرىم كۈن گالۋاڭ بولۇپ ئاچقان يىغىنىمىزنىڭ ئۇنۇمى نەگە كېتىدۇ؟ ناماز دېگەننى كەچتە ئۆيلىرىگە بارغاندا ئوقۇۋالسىلىمۇ بولىدىغۇ؟! قالغانلارمۇ سىلىدەك دىنىي زاتقۇ، ئۇلار چىداپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان يەردە سىلە نېمىشقا ئولتۇرالماي قالىلا؟! بىز ئاشۇ يىراقتىن كېلىپ، ئائىلىمىزدىن ئايرىلىپ جاپا تارتىپ بۇ يەردە تۈزەش ئېلىپ بېرىۋاتساق، سىلە قوپۇپ بۇ تەرتىپنى بۇزىمەن دېسىلە، دەپ باقسىلا غەرەزلىرى زادى نېمە؟!

— مېنىڭ ھەرگىز يامان غەرىزىم يوق، ئۆزلىرى زىيالىي ئادەمدەك قىلىلا، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى ئوبدان بىلىلا، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ناماز ئوقۇغىلى قويمايلا، ناماز دېگەن ۋاقتىدا ئوقۇشقا بۇيرۇلغان پەرز ئەمەسمۇ؟!

— مەخسۇماخۇن، ھاي-ھاي، مەخسۇماخۇن، ئۆپكىمىزنى بېسىۋالايلى، خاتالىقنى گەدەنگە ئالايلى! — دېدى نىياز مەخسۇمنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ، — ھېچكىم قىلمىغان خاتا ئىشنى قىلىپمۇ يەنە تەن بەرمەملا؟!

— مەن قايسى ئىشنى خاتا قىپتىمەن؟! ئوغرىلىق قىپتىمەنمۇ، ھۆكۈمەتكە مۇشت كۆتۈرۈپ چىقىپتىمەنمۇ، زادى نېمە قىپتىمەن، دەپ بېقىڭلارچۇ؟!— دېدى مەخسۇم ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ناھەقچىلىققا چىدىيالماسلىق ئالامەتلىرى ئوت ئۇچقۇنىدەك چېچىلىپ تۇراتتى.

— شۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قاپلا،— دېدى باشلىق چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.

— ئادەمنى تەتۈر قىينايدىغان سىلەردەك ئەمەلدارلار قاچانمۇ تۈگەر،— دېدى مەخسۇم خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك ئايانچلىق، ھەسرەتلىك تۈستە.

— بۇ ئادەم كەچكىچە ھۆكۈمەتنى، باشلىقنى تىللاپلا يۈرىدۇ، كاللىسىنىڭ سۈيى بار،— دېدى نىياز كۆزەينەكلىك باشلىقنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ،— بالىسىنى ئوتتۇرا مەكتەپكە بەرمەي موللىغا بەرگەن ئادەم مۇشۇ، بۇ ئىشنىمۇ ئەمدى سۈرۈشتۈرىدىغان ۋاق كېلىپ قالدى!

نىياز بۇ گەپلەرنى پەس ئاۋازدا دېگەن بولسىمۇ سەمەت مەخسۇم ئاڭلاپ قالدى، ھېچ بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن يوشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ ھەم ئوغلىنىڭ كېيىنلىكىدىن ئەنسىرەپ، خۇدادىن ئامانلىق تىلىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن سەمەت مەخسۇم ئوغلى بىلەن بىللە يېزىلىق ساقچىخانىغا چاقىرتىلدى. ھىدايەت قارىدىن داۋۇت داموللامنىڭ گۇمانلىق ئىشلىرى توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغان ساقچىلار ئۇنىڭ تېخى كىچىكلىكىنى، ئانچە بەك سىياسىي كاللىسى يوقلۇقىنى بايقاپ ئۆيىگە قايتۇرىۋەتتى، سەمەت مەخسۇمنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇپ تەربىيىلىدى.

ھىدايەت قارى ئاتىسىنىڭ ھالىدىن قايغۇرۇپ، بۇ ناھەق ئىشلاردىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆيىگە كەلگۈچە ياش تۆكۈپ كەلدى؛

نىيازنىڭ شۇملۇقلىرىنى ئويلاۋېرىپ، ئاچچىق ئەلەمدىن چىشلىرى كىرىشىپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلۈپ كەتتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، ئايىمخان ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئاتىسى قايتىپ كەلمىگەنىسىرى ھىدايەت قارى كۆڭلىدىن كۆڭگە تىت-تىت بولۇپ، نىيازغا بارغانسىرى ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە نىياز ھىدايەت قارىنىڭ ساقچىخانىدىن يېنىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ بىر مۇنچە سېسىق گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك ئۇلغايتىۋەتتى.

مەھەللىدە ھىدايەت قارىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشى بار ئىدى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى، ھىدايەت قارىنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تراكتور، تېلېۋىزور دېگەندەك ئوقەتلەر تەل ئىدى. ئۇ ھىدايەت قارىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھەر كۈنى كەچتە ئۇنى ئۆيىگە چاقىراتتى، بىللە تاماق يەپ بىللە تېلېۋىزور كۆرەتتى، ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىدە قوندۇرۇۋالاتتى. ھىدايەت قارى تېلېۋىزورغا قىزىقىپ قالدى. تېلېۋىزوردا ھەر كۈنى كەچتە بېرىلىدىغان «غەربكە ساياھەت»تىكى سۈن ۋۇكۇڭنىڭ سەپەر جەريانىدا قورقۇنچلۇق جىن-ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ ئاخىر ئۇلارنى يەڭگەندىكى قىزىقارلىق، خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى ھىدايەت قارىنى بەكلا جەلپ قىلىۋالدى؛ ھەر بىر قىسمىدا چىقىدىغان ھەر خىل جىن-ئالۋاستىلار ئۇنىڭ جىنلار ھەققىدىكى بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرلىرىنى قوزغاتتى. جىن-ئالۋاستىلار ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى، سۈنۋۇكۇڭ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ ماڭمىغان بولسا تاڭ سىڭ يولدا توسۇلۇپ قالاتتى، ھەتتا ئاشۇ ياۋۇز جىن-ئالۋاستىلارغا يەم بولۇپ كېتەتتى...

كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا ھىدايەت قارى ساۋاقدىشى بىلەن سۈنۋۇكۇڭ ۋە جىنلار ھەققىدە ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ چىقاتتى.

— ئاتامۇ جىننى ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق دېگەن، مەن زادى

كۆرۈپ باقمىدىم...— دېدى ھىدايەت قارى بىر كۈنى كەچتە.

— جىنلار سىزدەك ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمگە ئۇچرىمايدۇ — دېدى ساۋاقدىشى، — جىن دېگەن ئەسكى ئادەمگە چېقىلىمىش، نىياز توختىغا جىن ئۇچراپتىكەن، خەق شۇڭا ”نىياز توختى، جىندىن قوقتى“ دەيدۇ.

— قاچان؟ نەدە؟— دېدى ھىدايەت قارى ھەيران ھەم خۇشال بولۇپ.

— ئۆتكەن يىلى يازدا، نىياز توختى بازاردىن مەست چىقىۋاتسا تاش يولنىڭ بويىدىكى ھىلىقى زاراتلىقتىن بىر ئوت كۆرۈنۈپتىمىش، ئۇ يەردىن قىلىچ-نەيزىلەرنىڭ شاراق-شۇرۇق سوقۇلغان، ئادەمنىڭ چىقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتىمىش. ئاندىن بىر ئۈزۈن چاپانلىق، قارا تۇماقلىق ئادەم يولدىن توغرىسىغا ئۆتۈپلا يوقاپ كېتىپتىمىش. نىياز توختى بۇنىڭدىن قاتتىق قورقۇپ ئىشتىنىغا سىيىۋېتىپتىمىش...

ھىدايەت قارى كۈلۈپ كەتتى، ساۋاقدىشى گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— نىياز توختى جىنغا ئىشەنمەيمىش، لېكىن ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقىمىش. خەق سورىسا”مەستلىكتە ماڭا شۇنداق بىر نېمىلەر كۆرۈنۈپ قالغان“ دەيمىش، لېكىن ھەر بازار ئاخشىمى مەست چىقسا شۇ يولدا ماڭمايمىش...

ھىدايەت قارى نىيازنىڭ مۇنداقمۇ ئىشلىرى بارلىقىنى بىلىپ ئەجەبلەندى، ئۆزىچە بىر نەرسىنى قىزىقىپ ئويلاپ كەتتى. بۇ مەھەللىدە ھېچكىمدىن قورقمايدىغان، ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان نىيازنىڭ جىندىن قورقىدىغانلىقى ھىدايەت قارىنى ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدىغاندەك قىلاتتى. نىيازغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىك ۋە ئاتىسىنىڭ بالدۇرراق قويۇپ بېرىلىشىگە بولغان ئىنتىزارلىق ھىدايەت قارىينى كېچىچە

ئۇخلاتماي ئۇنىڭ ھەر قىسما خىيال-تەسەۋۋۇرلىرىنى قوزغىۋەتتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ كاللىسىغا بىر ئاجايىپ ھەرىكەت پىلانى كېلىشكە باشلىدى: ئەنە ئۇ ئاتىسىنىڭ جۇۋىسىنى ۋە تۇمىقىنى تەتۈر كىيىدۇ، رەھمەتلىك ئاپىسىنىڭ ياغلىقى ياكى باشقا بىر پارچە رەخت بىلەن يۈزىنى يۆگەپ كۆزىنى ئوچۇق قويىدۇ. قولىغا ئەڭ ياخشىسى سۈنئۇي كۆكنىڭ كالتىكىدەك ياكى جۇباجىنىڭ ئاسقىقىدەك بىر نەرسىنى ئالىدۇ، نىيازنىڭ ھويلىسىغا كىرىش ئۈچۈن باشتا بىغىدىن كىرىپ بىر يەرگە مۆكۈۋالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇشى كېرەك. نىياز شۇمپەن باغقا بىر ئىش بىلەن كىرىدۇ، ھېچ بولمىسا بېغىدىكى ھاجەتخانىسىغا كىرىدۇ. ياق، ئۇنى ئۇنداق پاسكىنا يەردە پايلاپ يۈرمەسلىك كېرەك. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى سامانلىقا كىرىۋالغان ياخشى، نىياز ئۇ يەرگە سامان ئالغىلى كىرىشى مۇمكىن، چۈنكى ئېشىكىگە كەچتە سامان سالمىسا بولمايدۇ... ئۇ سىۋىتىنى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇ سامانلىقا كىرگەندە ئۇنىڭ كەينىدىن جىندەك پەيدا بولۇش كېرەك، ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىغىنىدا مېنىڭدىن چۆچۈپ، پۇت-قوللىرىدا جان قالمايدۇ.... شۇ ۋاقىتتا دەيدىغان گېپىمنى دەۋالىمەن،" ئۇدۇل قوشناڭ ئەتە ئۆيىگە كەلمىسە پۇتۇڭ باسماس، قولۇڭ تۇتماس بولىدۇ، خوتۇن باللىرىڭمۇ پالەچ-لەقۋا بولىدۇ" دەپ قورقىتىمەن. ئەگەر مېنى تونۇۋالسا قولۇمدىكى كالتەك بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىمەن. ئۇ ھوشىنى يىغىپ خوتۇن-باللىرىنى توۋلاپ بولغىچە ئۆيىدىن قېچىپ كېتىپ بولىمەن، قاراڭغۇدا تونۇيالمايدۇ. خۇدانىڭ مەندەك يۇۋاش، مۆمىن بەندىسىدىن نىيازلا ئەمەس، مەھەللىدىكى جامائەتمۇ گۇمانلىنالمايدۇ....

ھىدايەت قارى بۇ خىياللىرىغا خۇددى شۇنداق بولىدىغاندەكلا ئىشىنىپ كەتتى، ئۆزىنى گويا ياخشى جىننىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقاندەك ئويلاپ

خۇدادىن بۇ ئىشنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلىدى. ئۇ بۇ قالتىس پىلانلىرىنى ساۋاقدىشىغا ئېيتىپ ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ بېقىشنى ئويلىدى، لېكىن ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. ھىدايەت قارى ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشىسى بۇ پىلان ئىشقا ئاشقاندا ئاندىن ئېيتىش ۋە ئۇنى ھەيران قالدۇرۇش قارارىغا كەلدى.

ھىدايەت قارى ئەتىسى ھەممە نامىزىدا خۇدادىن ئاسانلىق تىلىدى. كۈن ئولتۇرغاندا ئاتىسىنىڭ جۇۋىسىنى، تۇمىقىنى ئوك كىيىپ(سامانلىقتا كىرگەندىن كېيىن تەتۈر كىيىمەكچى بولدى)، ئاپىسىنىڭ قارا ياغلىقىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئاتىسىنىڭ كونىراپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن پىيمىسىنى كىيىپ، بوۋىسىدىن قالغان تۆمۈر ئارىنى ئېلىپ، ئادەم يوق پۇرسەتتە نىيازنىڭ كەگرى بېغىغا ئوگۈشلۈق كىرىۋالدى، بۇ يەردە ئىت يوق ئىدى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە بىر كىمنى پەرق ئەتمەكمۇ تەس ئىدى. ھىدايەت قارى باغ بىلەن ھويلىنىڭ پاسىلىدىكى شادا ئىشىكتىن ئاستا ئۆتۈپ، باغقا ياندىش چوڭ سامانلىقتا ئەپچىللا كىرىۋالدى، تۇماق ۋە جۇۋىنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيدى، ياغلىق بىلەن يۈزىنى يۆگىدى؛ ئارىنى مەھكەم تۇتۇپ، تاشقىرىدىن كېلىۋاتقان تىۋىشلارغا ھوشيارلىق بىلەن دىققەت قىلدى. نىيازنىڭ خوتۇنى توكۇلدىتىپ سەي توغراۋاتاتتى، نىياز ئۇنىڭغا چېپىلىپ ئەزمىسىنى ئېزىپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى.

— ئى كالا بىلەن ئېشەك ئاچ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قارنىغا بىر نېمە بېرىڭلا، ھېلى قاراڭغۇدا قالىسىلە، ئوچاق بېشىدا بىر ئادەم تۇرسا بولار!— دېدى خوتۇنى.

— ھېلى بالىلار كەلسە قىلار، كۈندە ئىككى ۋاق ئېشەك، كالا بېقىپلا ئۆتەمدىم؟!— دېدى نىياز.

— ئەمەل تەگكەندىن بېرى بەك ھورۇنلىشىپ كەتتىڭلا، يېزىغا شاڭجاڭ بولغان بولساڭلا بەنچاڭدىن چۈشمەي يېتىۋالىدىكەنسىلە-ھە!؟ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئېرىنەمسىلە، بالىلارغا قاراپ تۇرغان بىلەن

ئۇلار قاچان كېلىدۇ؟! ئۇلاغ ئاچ تۇرۇۋەرسە، كۈندىلا قۇرۇق سامانني يەۋەرسە قىشتىن قانداق چىقىدۇ؟ سىلىغۇ بىرەر كۈن ئىسسىقسىز قالساڭلا ئوچاقنى بېشىڭلىغا كىيگۈدەك قىلىپ، قازان بېشىغا چىپىلىپ، بېشىمنى ئوماچ قىلىسىلە، شۇ بىچارە ئۇلاغلار ئاچ-ئۇسسۇز قالسا قانداق چىدايدىغاندۇ دېمەيسىلە!

— بولدى تولا قاينىماڭلا، بالىلارمۇ كەلدى ئەنە!

نىيازنىڭ ئون نەچچە ياشلىق ئىككى كەپسىز ئوغلى قويلىرىنى ھەيدەپ ھويلىغا كىردى.

— تۈزۈككىنە تويماپتۇ بۇ قويلار، سۇ ئىچتىمۇ؟— دېدى نىيازنىڭ خوتۇنى يەنە جىلىخورلۇق بىلەن سۆزلەپ.

— تويمىغان بولسا ھەلەپ بېرىڭلار، كالىغىمۇ، ئېشەككىمۇ تەڭ ھەلەپ بېرىڭلار، ئاپاڭلار بىر خوش بولۇپ كەتسۇن!— دېدى نىياز.

— يائاللا، ئىشقا بۇيرۇۋېرىدىكەن!— دەپ غۇدۇڭشىدى چوڭ ئوغۇل، ئاندىن ئۇ ئۇكىسىنى ئىشقا بۇيرۇدى،— ماڭە ئۇكام سەن سامان ئېلىپ چىقە!

— ئۆزەڭ ئەچىق، قورقمەن!— دېدى ئۇكىسى.

— تازا بىر قورقۇنچاق ماڭقىكەن بۇ، قورقۇپ سېنى بىر جىن يەمدۇ؟! ساماننى مەن ئەچىقسام ھەلەپنى ئۆزەڭ ئېتىسەن!

— مەن ئېتەلمەيمەن، ئاتام ئەتسۇن.

— ھەي گۇي، ئاكاڭغىغۇ بەس سال، ئەمدى ماڭمۇ بەس سالامسەن؟! ھەلەپ ئەتمىسەڭ ئەتە بازارلىق پۇل يوق ساڭا، ئاتاڭنىڭ ھازىر زۆرۈر ئىشى چىقىپ قالدى،— نىياز گېپىنى كۆتۈرۈپ ھاجەتخانىغا ماڭدى.

نىيازنىڭ چوڭ ئوغلى سېۋەتنى ئېلىپ سامانلىققا كىردى، ئۇكىسىنى قورقۇنچاق دەپ ئەيىبلىگەن بىلەن بۇ قاپقاراڭغۇ سامانلىققا كىرىپلا ئۆزىمۇ سەل قورقۇپ قالدى، تۆت بۇلۇڭغا ئالاڭ-بۇلۇڭ قارىۋەتتى، قاراڭغۇلۇققا ماسلىشىۋاتقان كۆزى نېرىقى بۇلۇڭدا

كۆتەكتەك قاپقارا نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ قويمۇ، موزايمۇ ئەمەس بەلكى ئادەمدەك كۆرۈنۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئۈلگۈردى، سىنچىلاپ يەنە قارىدى، تۇماق ۋە جۇۋىنى ئېنىق پەرق ئەتتى. ھىدايەت قارى قىمىرلىماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ دەككە-دۈككىدە يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، چوگراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، دېمى سىقىلىپ كەتتى، نىيازنىڭ ئوغلى سىۋەتنى تاشلاپ، ھويلىغا قېچىپ:"ۋاي ئوغرى، سامانلىقتا بىر ئوغرى تۇرىدۇ! " دەپ ۋاقىرىغاندىلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، كاللىسىنى ھېچنېمىگە ئىشلىتەلمەي قالدى؛ سامانلىنى ئارا بىلەن ئۆرۈپ ئارىسىغا كىرىۋېلىشنى ئويلىدى، لېكىن بۇنىڭدا بەرىبىر تۇتۇلۇپ قالاتتى. نىيازنىڭ خوتۇنى كىچىك ئوغلىنى ئاتىسىنى باغدىن چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ئاندىن چوڭ ئوغلىغا:"ئادەمنى ئالدىما، قېنى كۆرسەتمە ماڭا! " دەپ جاۋىلدىغىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى، سامانلىققا كىرەيلا دەپ قالغانىدى. ھىدايەت قارى ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى، ئانا-بالا ئىشىكتىن ئۇدۇللا كىرىپ:" قېنى-قېنى! " دەپ قاراپ بولغىچە ئارىنى قولتۇقلاپ ھويلىغا قاچتى؛ لېكىن ئۇچىسىغا ئېغىر ھەم ئۇزۇن جۇۋىنى كىيىۋالغاچقا، پۈتىدىكى پىيمىمۇ قولاشمىغاچقا تېز قاچالمىدى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا قوغلاپ كېلىۋاتقان نىيازنىڭ خوتۇنى ئوغلىغا ۋاقىرىدى:

— تېز بول، دەرۋازىنى تاقىۋال!

ئوغلى قوي توسۇپ يۈرۈپ، يۈگۈرۈشكە ماھىر بولۇپ كەتكەچكە، قۇيۇندەك چېپىپ بېرىپ دەرۋازىنى تاقاپ ئۈلمەك سېلىۋالدى. ھىدايەت قارى چىقىش يولىنى توسۇپ قويغان، مۇناپىق ئاتىسىنى مۇت دورىغان، ھەممە ئىشنى بۇزغان بۇ ھاكاۋۇر شۇمنىڭ ئوساللىقىدىن قاتتىق غەزەپلەندى، ئويلىغان مەقسەتكە يېتەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە"ئوغرى" دېگەن بۇ ئىنتايىن سەت ھەم

قورقۇنچلۇق ئاتاقتا قىلىشتىن دەھشەت قورقتى؛ قەلبى ئۆچمەنلىككە تولدى ھەم ئىككىلەنمەيلا تۆمۈر ئارىنى ئۇنىڭغا شىلتىپ كەلدى. ”ئوغرى“دىن قورقۇپ كەتكەن چوڭ ئوغۇل ئۆزىنى قاچۇردى، ئەمما ئاپىسى ئارقىدىن ئالۋاستىدەك بەھەيۋەت، پالۋاندەك غەيۇر قىياپەتتە”ئوغرى“نى تىللىغىنىچە ئىتتىلىپ كېلىۋاتاتتى:

— قاچمەن دېمە، قېچىپ باقە قېنى، قېچىپ قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرەي، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولمىغىنىڭنى بىر كۆرەي! ھەي نىياز، چاققان كېلىڭلا، ما ئوغرى قاچاي دەۋاتىدۇ، قېچىپ نەگە بارالايدىكىن قېنى، بىر كۆرۈپ باقايلى! ھەي خالايىق، كۆردۈڭلارمۇ ما پىستەك ئوغرىنى، يۈزىنى ياغلىقتا ئىتىۋاپتۇ تېخى، ھازىرلا يۈزىنى ئېچىپ رەسۋا قىلىۋېتىمەن، بەك سەت رەسۋا قىلىۋېتىمەن! قاچقانغا تويىدۇ ھېلى، يۈزىنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىكىن بۇ پىستەك ئوغرى! ۋوي رەسۋا ئوغرى! ئوڭلاپ بىر نان تېپىپ يېيەلمەي خەقنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن نومۇسسىز ئوغرى! ئوغرىلىق قىلغۇچە دېۋانىلىق قىلساڭمۇ بىر نان بېرىمىز ھەي ئوغرى، ئالدىغان نەرسە تاپالماي ئارىنى كۆتۈرۈپ ماڭدىڭمۇ ئوغرى، قويە ئارىنى، چىرايلىقچە قوي!...

زەھەرلىك يىلاندەك قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇ جاۋىلداق ئايالنىڭ زۇۋانى ھىدايەت قارىغا بەئەينى جىن-ئالۋاستىنىڭ چىقىراشلىرىدەك ئاڭلاندى، يالغان جىن-ئالۋاستى بولمەن دەپ رەسمى ئالۋاستىغا يولۇققان ھىدايەت قارىغا ”ئوغرى“ دېگەن بۇ زەھەرلىك گەپ نەشتەردەك سانچىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دەھشەت مۈزلىتىۋەتتى. ئۇ نىيازنىڭ ھويلىسىغا كىرگىنىگە ئىچىدە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ دات-پەرياد چېكىۋاتقان، بۇ ئويۇننى ھېچكىمگە ئۇقتۇرمايلا يىغىشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان، پەرۋەردىگارىغا ئىچ-ئىچىدىن تەۋبە قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمدى كېچىككەنىدى؛ بۇ ھويلىغا دوزاختا سولانغاندەك سولىنىپ، ھېچبىر نىجاتلىق يولى تاپالمايۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئاچچىق زەرداپ بولۇپ ئېرىۋاتاتتى، جاھاندىكى

بارلىق گۈزەل، قەدىرلىك نەرسىلەر باللىق قەلبىدىن يوقىلىپ كېتىۋاتاتتى، نىيازنىڭ خوتۇنى بولسا بەئەينى ئىبلىس، ئۇنى جەھەننەمدىكى قان-يىرىڭغا ئىتتىرىدىغان ياۋۇز ئىبلىس، ئۇنى ئۆز چاڭگىلىدىن قويۇپ بەرمەيۋاتقان يامان ئالۋاستى—— يىرگىنىشلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئادىمىي ئالۋاستى بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھىدايەت قارى ئۆزىنىڭ تەقدىر پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بۇ يامان قىسمەتنى ئاللاھنىڭ ھەق ئىرادىسى بىلەن ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۆزىنىڭ قىلىدەك مەنپەئەتنى پىلدەك چوڭ بىلىدىغان بۇ جاھىل، جاۋىلداق ئايال ئۆمرىدە گويا ئوغرى كۆرۈپ باقمىغاندەك، ئۆمرىدە بىر قېتىم ئوغرى تۇتىۋېلىشنى شەرەپ ھېسابلايدىغاندەك، ئېرىگە ۋە مەھەللە كويغا ئۆزىنىڭ بوش ئايال ئەمەسلىكىنى كۆز-كۆز قىلىدىغاندەك ئەلپازدا ھىدايەت قارىنى قىسماققا ئېلىۋالغانىدى، ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭغىلا ئايلانغانىدى. ساق ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئەسەبىيلىشىش ھەم ساراڭ بولۇش ئىستىكى دائىم قوزغۇلۇپ تۇرسا كېرەك، ئۇنىڭ بۇ"پىستە ئوغرى"نىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىشى ئاشكارە مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ھەم يوشۇرۇن ساراڭلىقتىن ئىدى.

ھىدايەت قارى ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىغا، دەرۋازىدىن ھېچ توسقۇنسىزلا چىقىپ كېتىشكە تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغانچە، ئۆزىگە ناھەق بەتنام چاپلاپ، ھەقتائالانىڭ بىر ياخشى بەندىسىگە نىجاتلىق بەرمەيۋاتقان بۇ ئىبلىس ئايالنىڭ بوزۇق قېنىنىڭ ئېقىشىنى، ھەتتا ئۆلۈشىنى ھەقلىق ھېسابلىدى.

نىيازنىڭ خوتۇنى ئېرىنى تىۋۋلاپ، بايىقىدەكلا ۋاتىلداپ شالىنى چېچىپ تۇراتتى:

—— ماڭا بىر قارىغىنا ھەي شەرمەندە ئوغرى! چىرايىڭغا بىر تۈكۈرەي!

نىيازنىڭ خوتۇنى ھىدايەت قارىغا ھەدەپ يېقىنلىشىشقا

ئۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئارىنى تۇتۇۋېلىشقا قەستلەيتتى. ھىدايەت قارى ئارىنى قارامىلىق بىلەن شىلتىپ ئۇنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى. شۇ ئەسنادا باغ ئىشىكىنىڭ ئېچىلغان، نىياز ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان تىۋىشلىرى ھىدايەت قارىينى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ھىدايەت قارى دەرۋازىنى ئېچىشقا ئىمكان بەرمەي ھەر تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان "ئىبلىسلار"غا قاراپ تەمتىرەپ كەتتى، ئۇلارغا ئۆزىنى تۇتتۇرۇپلا قويسا تۆگەشكىنى شۇ ئىدى، نىياز يېتىپ كەلسىلا ھىدايەت قارىينىڭ بۇرنىدىن يەنە بۇلاق ئاچاتتى، ئۇنىڭ ھەر قانداق سۆزىگە قۇلاق سالمايتتى، ئەتىسى جامائەت ئالدىدا رەسۋا قىلاتتى. نىيازنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ تىۋىشىنى تۇيۇپ كۈچكە تولۇپ، سەل نېرىدا تۇرغان قومۇش سۈپۈرگىنى قولىغا ئېلىپ ۋاتىلداپ دېۋەيلەپ كەلدى:

— سەن ئوغرى ساقلاندىنى تونۇپ قويدۇم، قېنى تۇتۇلمىغىنىڭنى بىر كۆرەي!

ھىدايەت قارىنىڭ بېشىغا قومۇش سۈپۈرگىنىڭ چىۋىقلىرى تەگكىلى تۇردى، ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە يەنە بىر زەربە يەپ كۆزىگە قان تولدى، ئۈچىنچى تاياق تېگىپ بولغىچە ئۈچلۈق تۆمۈر ئارىنى ئۇ "رودۇپاي ئالۋاستى"غا غەزەپ بىلەن قاتتىق شىلتىدى. دەل شۇ دەقىقىدە ئۇ شور پېشانە ئايال قاراڭغۇلۇقتا ئارىنىڭ ئۈچىنى پەرق ئېتەلمەي، سۈپۈرگىنىڭ سالمىقى بىلەن تەڭلا پەسكە ئېگىشكەنىدى، تۆمۈر ئارىنىڭ ئۆتكۈر ئۈچلىرى ئۇنىڭ بوينىغا ناھايىتى كۈچلۈك بېسىم بىلەن سانچىلىپ، نەچچە يەردىن تېشىپ كىرىپ كەتتى، بوينىدىكى مارجانلىرى شۇ ھامان قانغا بويالدى؛ ئۇ ئۇشتۇمتۇت ھەم قاتتىق زەربىدىن جان ئاچچىقىدا ئېچىنىشلىق ئىڭراپ، بوغۇزلانغان ئىنەكتەك خاقىراپ يەرگە يىقىلدى؛ ئۇنىڭ تاۋۇش پەردىسى تامامەن بۇزۇلغاچقا قاتتىق ۋاقىرىيالمىدى، باياتىن تىنجىمىغان زۇۋانى ئەمدى

ئەمدى ئەبەدىي جىمىققاندەك قىلاتتى. نىياز ۋاقىراپ يىقىلىپ كېلىشىۋاتاتتى. ھىدايەت قارى قاتتىق قورقۇپ كەتتى؛ ئارىنى تاشلاپ، دەرۋازىنى ئېچىپ، يولغا چىقىپلا، كېيىشۋالغان ھەممە نىمىسىنى ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىقتا سىلىپ تاشلاپ، ئۆيىگىمۇ كىرمەي جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ مەھەللىدىن يىراقلاپ كەتتى.

”بۇنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگار بەلگىلىگەن تەقدىر“ دەپ ئويلايتتى ھىدايەت قارى،”بۇ تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن، نەگە قاچسامۇ ھامان تۇتۇلماي قالمايمەن، لېكىن نىياز دېگەن شۇمپەنگە ئۆلسەمۇ تىز پۈكمەيمەن! پەرۋەردىگارىم مېنى ئەسلىدە شۇ ئىبلىسنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا، ئاتام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ناھەق تۆكۈلگەن قېنىنىڭ خۇنىنى تۆلىتىۋېلىشقا نىسىپ قىلغان بولسا ئوبدان بولاتتى، دەردىم چىقاتتى، ھېلىمۇ ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ھارام قېنى ئاقتى، ئالۋاستى خوتۇن! ئۆزىگە ئۆزى قىلدى، مېنى شۇنىڭغا قىستىدى، خوپ بولدى! پەرۋەردىگارىم مېنىڭ پاك، خالىس نىيىتىمنى بىلىپ تۇرىدۇ، پەرۋەردىگار يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلا، ناھەق قان تۆكمەڭلا دېگەن، لېكىن مەن ھەق قان تۆكتۈم! مەندە گۇناھ يوق، پەرۋەردىگار ئۆزىنىڭ سادىق بەندىلىرىنى ھەرگىز يامان ئاقىۋەتكە قويمايدۇ، پەرۋەردىگار مېنى ئاشۇ ئىبلىسلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزدى، گۇناھ ئۇلاردا، ئۇلار ئۆزلىرىگە پالاكەت، ھالاكەت ئېلىپ كەلگۈچىلەر، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغۇچىلار! ئۇلار بۇ ئالەمدىمۇ ئۇ ئالەمدىمۇ ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ!... “.

ھىدايەت قارى ئۇزاق يول بېسىپ سۆگەتتال مەھەللىسىدىكى داۋۇت داموللامنىڭ ئۆيىگە كەلدى. داموللاممۇ ساقچىخانىغا چاقىرتىلىپ كەتكەن بولغاچقا قۇشناچىم ئۇنى كۈتۈۋېلىپ ئۆيىگە باشلىدى، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى، ۋەھىمىلىك پىلدىرلاۋاتقان كۆزىگە قاراپ بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىدى.

دە، گەپ سورىدى. ھىدايەت قارى بولغان ئىشنى ئۆزىنى ئاقلىغاچ بايان قىلدى؛ ئەمما ئىچ-ئىچىدىن تىترەپ، چىشلىرى كاسىلداپ، تىلى ئىلمەكلىشىپ گەپنىمۇ تۈزۈك قىلالماي قالدى. قوشناچىم ھاڭ-تاڭ قالدى، بۇ ۋەقەنى ھىدايەت قارىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىمىغان بولسا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. قوشناچىم ئۇنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئويغا چۆمدى. ئۇنى بۇ يەردە يوشۇرۇپ قېلىشقا بولمايتتى، يەنە كېلىپ بۇ قارىنىڭ كاشىلىسى بىلەن داۋۇت داموللامۇ تۈرمىدە يېتىشى مۇمكىن ئىدى. قوشناچىم ئەتىسى بامداتتىن يېنىپلا كەنت سېكرېتارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

نىيازنىڭ خوتۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارغىچە قانسىراپ ئۆلدى، ھىدايەت قارى ئۇنىڭ قاتىلى دەپ بېكىتىلىپ قولغا ئېلىندى. نىياز بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئىنتايىن ھەيران قالدى. ساقچىخانىغا بېرىپ ساقچىلارنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئۇنى تىللاپ، ئۇرۇپ-تېپىپ كەتتى، ساقچىلارغا نېرۋىسىدىن ئاداشقان بۇ مەخلۇقنىڭ ئاۋۋال ئوغرىلىققا چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى، ئۆزى ھاجەتخانىدىن چىقىپ بولغىچە ئايالىنىڭ گېلىغا ئارا سانچىۋېتىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۈلگۈرۈپ بارالمىغىنىدىن ئۆمۈرۋايەت پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بولۇپ، قاتىلنى كىچىك دەپ ئولتۇرماستىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش كېرەكلىكى، ئۆزىنىڭ قانغا قان، جانغا جان ئالىدىغانلىقى، بولمىسا سوت بىلەن ئاخىرىغىچە دەۋا قىلىشىدىغانلىقى ھەققىدە داۋراڭ سالدى .

قاتمۇ قات دەھشەتلىك زەربىلەردىن ئۇجۇقۇپ كەتكەن ھىدايەت قارى ھەقىقەتەن ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى، سوراق جەريانىدىمۇ ئالجۇقا سۆزلەپ، گېپىنىڭ باش-ئاخىرى باغلاشمىدى. ساقچىلارمۇ” بۇ بالىنىڭ نېرۋىسى جايىدا ئەمەسكەن، سوراق قىلغىنىمىز بىكاركەن، ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئېنىق بولغاندىكىن ھازىرچە تۈرمىدە يېتىپ ھۆكۈم كۈتسۇن“ دېگەن

يىكىرگە كېلىپ ئۇنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە يوللاپ بەردى.

سەمەت مەخسۇم يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ سوراقخانىسىدا تۇرغان بىر ھەپتە ئىچىدە ھېچ ئىش قىلالماي، نامىزىنىمۇ ئوقۇيالماي، يوقىلاڭ بەتنام ۋە ئارتۇقچە گەپ-سۆزلەردىن جىلە بولۇپ، ئاچچىق يۇتۇپ، تەن سالامەتلىكى كۈنسېرى ناچارلاپ كەتتى، ئوغلىنىڭ قاتىللىق قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قىلچە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، كېيىن ھەقىقەتەن راستلىقىنى بىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

ھىدايەت قارى ھېچكىم ئويلاپمۇ باقمىغان بىر زور ۋەقە پەيدا قىلغاچقا پۈتۈن مەھەللە كوي تۇۋۋا دەپ ياقىسىنى تۇتۇشاتتى، ئىشىنىڭ تەپسىلاتىنى بىر-بىرىدىن سورىشاتتى، ھىدايەت قارىدەك ئاشۇنداق ئەخلاقلىق، مۆمىن، نازۇك بىر بالىنىڭ ئۆزىدىن يوغان بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىگە ئۇلارنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى، ”ئۇ خوتۇندىمۇ گۇناھ بار، بېشەملىكى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ“ دېيىشەتتى، ھىدايەت قارىغا بېرىلىدىغان كېسىم توغرىلىق ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشاتتى.

دەھشەتلىك ئازابنى تىل بىلەن ئىپادە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، سەمەت مەخسۇم خۇدادىن ئەجەل يەتكۈچە ھەم ئوغلىغا كېسىم كەلگۈچە بارلىق كۈلپەت ۋە خانىۋەيرانلىققا چىداپ ياشاش قارارىغا كەلدى، ئايىمخانمۇ ئۇنىڭغا گويا ۋاپادار ئايالدەك كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ ياشاش ئىستىكىنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ئۇ دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ ئاران ئەسلىگە كەلدى، داۋالىنىش پۇلىنى ئايىمخاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئالتۇن بىلەيزۈكنى سېتىپ تۆلىدى.

سەمەت مەخسۇم تېخىمۇ غېرىبلىشىپ كەتكەن ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئەتىسى كەچتە شام نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ياش تۆكۈپ ئۇزاق دۇئا قىلىپ ئوغلىنىڭ ئۆمرىنى تىلەپ ئولتۇراتتى، ئۆيگە نىياز تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى؛ مەخسۇم گويا ئەزرائىلنى كۆرگەندەك چۆچۈپ كەتتى. نىياز گەپ-سۆز قىلماستىنلا كېلىپ مەخسۇمنىڭ

ئۆچكە ساقىلىنى كاپپىدە تۇتۇپ، بېشىغا نەچچە مۇشت ئۇرۇۋەتتى، يۈزىگە تەستەك سالدى، ئارقىدىن بۇقىدەك ھۆكىرىدى:

— ھۇ پوق ساقال موللام، ھۇ نىجىس موللام، ئۆزەڭنىڭ بېشىغا بالا تېرىدىڭمۇ مانا! بالاڭ ئادەم ئۆلتۈردىغۇ مانا! بالاڭنى موللىغا بېرىپ تويدۇڭمۇ ئەمدى! بالاڭنى ئوبدان تەربىيىلمەي ئۇنى ئاخىرى ساراڭ، قاتىل قىلىپ چىقاردىڭغۇ مانا! خوتۇنۇمنىڭ قىساسىنى ئەسلى سەندىن ئالسام بولاتتى، خەير، ئۆزەمگە ھاي بېرەي! ئۆتكەندە بالاڭنىڭ بۇرنىدىن كىچىككىنە قان ئاققىنىغا شۇنچىۋالا قىلىپ ئۆيۈمگە ئىككىڭ باستۇرۇپ كىرگەنتىڭ، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسەن، جانغا جان تۆلەمسەن؟!

— قۇلۇڭنى تارت، گەپ بولسا جىم تۇرۇپ قىل!— مەخسۇم بوغۇلۇپ كەتتى، نىيازنىڭ تاياقلىرىنى توراپ بولالماي جان ئاچچىقىدا ئىڭراپ كەتتى،— بالامنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ماڭا، ئاغرىقچان ئادەمنى ئايا!

نىياز ئۇرۇشتىن توختىدى، ئارقىدىن سەمەت مەخسۇمنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

—ماڭا بويسۇنمىغانلىقىڭ، گېپىمگە كىرمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن مانا خۇدايىم ئاخىر جاجاڭنى بەردى، بالاڭ ئەسلى مەكتەپتە ئوقۇپ ساق ئادەم بولۇپ چىقاتتى، سەن ئۇنى ساراڭ قىلدىڭ، جىنايەت سەندە، لېكىن ھۆكۈمەت سېنى ئەمەس، قاتىللىق قىلغان بالاڭنى تونۇيدۇ! ئاغرىق باھانىسى بىلەن ساقچىدىن قۇتۇلدۇم دەپ ئالدىراپ خوش بولما، مەنلا بۇ يەردە باشلىق بولۇپ تۇرىدىكەنمەن، سەندەك پالاكەت موللامغا بۇ مەھەللىدە ئەمدى كۈن يوق! ئەتىلا ئۆيۈڭنى سېتىپ بۇ يەردىن يوقال، باشقا يەرگە بېرىپ يەر تېرامسەن ياكى قەلەندەرچىلىك قىلامسەن كارىم يوق، سەن بىلەن بۇ يەردە قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇش ئەمدى ماڭا ھارام! بۇ يەردىن يوقىلىدىغانلا ئىشىڭ بولسا، ئۆي ساتىدىغان ياكى كۆچىدىغان ئىشىڭ بولسا

رەسمىيتىگنى مەن دەرھال بىجىرىپ بىرىمەن!

نىياز بىشىنى تۇتۇپ ناھايىتى بىچارە ھالەتتە ئولتۇرۇپ قالغان سەمەت مەخسۇمنى يەنە چەكسىز خورلۇق ۋە ئازاب-ئوقۇبەتكە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەخسۇم نىيازنىڭ قولىدىن ھەر قانداق پىشكەللىكنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، پەرۋەردىگاردىن ئاسانلىق تىلەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

# قىيامەتلىك كىسەل

## 1

**غوجامنىياز ئاخۇن:**

مۇشۇ كۈنلەردە ماڭا مەسچىت بىلەن مازارلىقتىن بۆلەك ھېچنەرسە قەدىناس كۆرۈنمەيدۇ، ئۆلۈمنىلا ياد ئېتىمەن. تېنىم ئاجىز، ئۇزۇن يول ماڭالمايمەن، كۆزۈم بىر نەرسىلەرنى غۇۋا كۆرىدۇ. كىيىملىرىم كونا، يۇيۇقسىز. ھاشىمخان باقىغا كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەدرى يامان ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنى ئاز دەپ ئوغلۇم خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ئوتتۇز كەپتەر ئېلىپ، شۇنى بېقىپ، ئۆگزىدە ئۇنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ يۈرۈيدۇ.

بىر جۈمە كۈنى ئېشىكىمگە مىنىپ چوڭ جامەگە باردىم، مازارغا كىرىپ ھاشىمخاننىڭ روھىغا دۇئا قىلدىم، تۇرۇپلا ئۆزەمگە كولاتقان تاش گۆرلۈككە كىرىپ باققىم كەلدى، مەن گۆردىن قورقىدىغان ياش ئادەم ئەمەس، قېرىدىم، تەقۋالىقىمنى سىنايدىغان پەيت كەلدى، ئادەم دېگەن تۇپراقتىن يارالغان مەخلۇق تۇرسا گۆردىن نېمە قورققۇلۇق؟! گۆرگە كىرىپ يېتىپ باقتىم، ياخشى كولىنىپتۇ، تېنىم ئازادە پاتتى، يەرنىڭ ئاستى ئۈستىدىن ئىللىق ئىكەن، تېخى كۈن نۇرىمۇ ئاندا-ساندا ماراپ قويىدىكەن. توساتتىن ئېشىكىم ھاڭراپ كەتتى. مەن لەھەتتىن ئالدىراپ چىقىپ نېرىغا بويۇنداپ قارىدىم، ئېشەك سەل يىراقتا باغلاقلىق تۇرغان يەنە بىر قارا ئېشەككە بويۇنىنى سوزۇپ قاتتىق ھاڭرىغىلى تۇرۇپتۇ. ھارام مەخلۇق دېگەن بەربىر قىلىدىغىنىنى قىلىدۇ-دە! مەن سەپرايىمغا بەس كېلەلمەي ئاياق

بىلەن ئىشەكنىڭ دۇمبىسىگە نەچچىنى ئۇرۇۋەتتىم.

ئىشەككە قاراپ ئويلىنىپ قالدىم: ئۇنىڭ گۆشى هارام، كۈچى هالال. قوي هالال، ئەمما كۈچ بەرمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ گۆشىلا ئادەمنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئادەمنىڭ گۆشى هارام، كۈچى هالال، بۇ يېرى ئىشەك بىلەن ئوخشاش، ئادەم بىلەن ئىشەكنىڭ پەرقىنى خۇدا پەقەت ئەقىل- ئېتىقاد بىلەن ئايرىغان. شەپقەتلىك ئاللا ئادەملەرگە شۇنداق ئېسىل نېمەتنى بەرسە نۇرغۇن ئادەم ئىشەكتەك بىئەقىل، بىهايا ياشاپ، چىشىنىڭ بارىدا گۆش چايناپ جېنى هەلقۇمغا كەلگەندە ئاندىن ئاخىرەتلىكىنى ئويلايدۇ.

خىلمۇ خىل گۇناھ، گۇمراھلىق، پاسىقلىق قاپلىغان بۇ جاھاندا يەنە نېمىگە تارتىشىپ ياشايدىغانلىقىمنى هېچ بىلمەيمەن، مەئىشەتكە تويمايمەن، كۆزۈم كۆڭلۈمنىڭ سېرىقىنى كۆرۈشنى ئىستەيدۇ. بۇ قېرى جېنىمدا، قېنىمدا نەپسانىيەت شەيتانلىرى يۈگۈرەپ يۈرۈيدۇ، ئۇششاق باللاردەك قىيا-چىيا قىلىپ، كاللامنى قاپاققا كىرىۋالغان هەرىلەردەك غوڭۇلدىتىپ، كۆزۈمنى ئالچەكمەن قىلىپ، كۆڭلۈمنى ۋەسۋەسىلەرگە سالىدۇ.

شۇ ئەسنادا مەزىنىنىڭ جۈمە نامىزىغا ئېيتقان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇتبىدىن كېيىنكى پەرز نامازغا ئىمام بولۇپ، ئۇنىڭ قەددى مېنىڭدىن ئىمامنىياز قارى بولۇپ، ئۇنىڭ قەددى مېنىڭدىن راۋۇس، سەللىسىمۇ مېنىڭكىدىن چوڭ ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا خۇش ئاۋازنى بەرگەن بولۇپ، قىرائەت قىلسا جامائەتنى چوڭقۇر سۈكۈتكە، گۇناھى ئۆزىگە ئايانلارنى ئاھۇ نادامەتكە چۆمدۈرۈۋېتەتتى. جۈمەدىن كېيىن پېشىن نامىزىنىمۇ ئوقۇۋېتىپ، مەسچىتتىن چىقىپ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ، جۈملىدىن جىمى رەهمەتلىكلەرنىڭ روھىغا دۇئا قىلىۋېتىپ ئاندىن ئۆيگە قايتىشقا تەمشەلدىم؛ ئىشەككە مىنىپ چوڭ يولغا بۇرۇلۇشۇمغا جامائەتكە قوشۇلۇپ پىيادە كېتىۋاتقان ئاكام ماڭا (بەلكىم سەللەم ياراشمىغان بولسا كېرەك) چوڭ سۈپەت هەم مەغرۇرانە

بىزارلىق بىلەن يالتىيىدە قاراپ قويىدى، ئېشەكتىن ئىختىيارسىز چۈشۈپ، توپىقا قوشۇلۇپ ماڭدىم. جامائەت ئۆيلىرىگە بىر-بىرلەپ تاراپ بولغاندىن كېيىن ئىككىمىزلا قالدۇق. بىزنىڭ مەھەللە سايغا يېقىن بولغاچقا، يەنە خېلى مېڭىشىمىزغا توغرا كېلەتتى. ئاكامدىن ئەيمىنىپ تۇرسامۇ ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، ئېشەكنى سىلى مىنسىلە، مەن پىيادە ماڭاي، دېدىم. ئاكام مېنى قېرىپ يول ماڭالماس بولۇپ قالدى دەمسەن دېگەننى قىلىپ تەتۈر قارىۋالدى، چىرايىدا يەنە بۇرۇنقى ئاداۋەتنىڭ" تاتۇق"لىرى بار ئىدى. شۇ چاغدا كەينىمىزدىن بىر ئادەم كېلىپ، ۋاي قارىم، ئۆيدە بۆشۈكتىكى بالام ئاغرىپ قالغانىدى، بېرىپ بىر يۇدۇپ دۇئا قىلىپ بەرگەن بولسىلا دەپ ئاكامنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى.

كوپراتسىيە تۈگەپ، ۋەزىيەت ئۆڭشالغاندىن كېيىن قېرىغىنىمنى تۇيۇپ، ئۆلۈممنى ئويلاپ يۈرىكىمگە روھىي شىپالىق ئىزدىدىم، ئون يىلدىن بېرى جايناماز ھەم مەسچىتتىن ئايرىلمىدىم، ھاراق-شاراپنى ئەسلا ئېغىزىمغا ئالمىدىم. لېكىن ئاكام ئىمامنىياز قارىنىڭ كۆڭلىدىكى كىرنى تازىلىيالمىدىم. ئۇ 22 يېشىدىن باشلاپ بەش ۋاق نامازنى تەرك ئەتمەي كېلىۋاتىدۇ، قىزىل شۇئار تووۋلايدىغان زامانلاردا ئۇنىڭغا جىق ئەبلەملەرنى سالغانىدىم، ئۇ ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئالدىغا نەچچە رەت چاي قويدۇم، "ئۇ چاغدا ۋەزىيەت شۇنداق ئىدى، ھەممە ئادەم ۋەزىيەتنىڭ قۇلى ئىدى، ۋەزىيەتكە ئەگەشمەي جان باقالمايتتى، ھەممە ئادەم ساراڭ ئىدى، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز" دېسەم ئۇ: "ماقۇل، سەنئەتچىمۇ بول، ھاراقكەشمۇ بول، چۈماقچى غالچىمۇ بول، ئەمما مەسچىتنى چېقىشقا، قۇرئاننى كۆيدۈرۈشكە ئەگەشكىنىڭنى مەنمۇ، خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ، ئۆلسەڭمۇ شۇ گۇناھىڭ بىلەن كېتىسەن" دېدى.

يولدا ماڭا يەنىلا ئېشەك ھەمراھ بولدى، بۇ جانىۋار بىزنىڭ خاپىلىقىمىزنى بىلمەيدۇ. ئاكام ئىككىمىز كىچىكىمىزدە ناھايىتى

ئىناق ئۆتەتتۇق، ئەمدى كېلىپ ئاشۇ بىر مەزگىللىك جۇت-شۇۋرغاندىن كېيىن ياتلىشىپ كەتتۇق. چۈشتەك ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئۆتمۈشنىڭ جاراھىتى قېرىغاندا ئادەمگە سالجىدەك چاپلىشىپ، ئۆلىدىغاندىمۇ خاتىرجەم كۆز يۇمغىلى قويمايدىغان ئوخشايدۇ. بالىلىق، يىگىتلىك، قىرانلىق چاغلىرىمىز ھاياتلىقنىڭ رەڭگارەڭ ئىشلىرىغا قانماي ئۆتتى، بەزى ئىشلارنى ھەقىقەتەن قاتتىق خاتا قىلدۇق. بىراق ئاكامنىڭ تەقۋا بىر ئىمام تۇرۇپ، شۇنچە يىلدىن بېرى ماڭا ئاداۋەت ساقلاپ كېلىشى، بوپتۇلا، ئازمايدىغان بەندە يوق، ئۇنىڭ ئىشىنى ئاللاغا تاپشۇراي دېمەسلىكى كاللامدىن ھېچ ئۆتمەيدۇ. ئۇ خاتالىققا يالغۇز مېنىڭلا سەۋەبچى ئەمەسلىكىمنى قادىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىشەملا ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بۇنىڭدىن ئارتۇق ئارزۇ-تىلەكلىرىممۇ يوق...

مەھەللىگە ئاز قالغاندا ئالدىمدا توختىخان خانىم كۆرۈندى. ئۇ يولنىڭ چېتىنى بويلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بۇ ئەۋرىشىم بويلۇق ئايال ئۆلكە يېڭى ئازاد بولغان مەزگىلدە يېزىلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىسى ئىدى. مەن تەمبۇر چالسام ئىمىن داپچى تەڭكەش قىلاتتى، توختىخان قاش-كۆزلىرىنى ناز-ھايا بىلەن ئوينىتىپ، تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ، كېپىنەكتەك پىقىراپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممەيلەننىڭ كۆزى چۈشكۈدەك چىرايلىق قىز ئىدى، كېيىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تاللىنىپ كەتتى؛ بىراق ۋەزىيەت يامانلاشقاندىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، مۇشۇ مەھەللىدە ئەمگەككە سېلىندى ۋە شۇ جەرياندا ئوسمان ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ تۇرمۇش قۇردى، كېيىن كۇرستا ئوقۇپ خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولدى؛ بالام ياقۇپ باشلانغۇچتا شۇنىڭ قولىدا ئوقۇغانىدى. ئوسمان شوجاڭ يېقىندا تۈگەپ كەتتى، ئورنىغا ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەن قىزى روشەنگۈل ئورۇنلاشتى. بۇ قىزمۇ ئاپىسىدەك چىرايلىق، پاكىز چوڭ بولدى. ئوغلۇم ياقۇپ ئەسلىدە شۇ قىزنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالغانىدى،

بىراق ئۇ چاغدا روشەنگۈل ئۆرۈمچىگە كەتكەچكە ئامالسىز ھازىرقى تالاق خوتۇنى گۈلنىسانى ئېلىپ قاملاشالماي ئولتۇردى. ئەمدى ئۆيلەپ قوياي دېسەم قولۇم قىسقا، ئۇ قىزمۇ ئوغلۇمنى ياراتمايدۇ. توختىخان خانىمغۇ كۆڭلى ياخشى مەزلۇم، بىراق ئۇمۇ قىزنىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ. ھەي قېرىلىق، 50- يىللاردىكى جۇشقۇن چاغلىرىمىز نېمىدېگەن ئېسىل-ھە! قېرىغاندا ياشلىقىمىزنى مىڭ سېغىنساقمۇ بىكار، تەقدىرگە تەن بېرىپ ئەمدى خۇداغا سېغىنغان تۈزۈك. ياشلىقىم بەگۋاشلىقىم، قېرىلىقىم ئوبدانلىقىم دەپ خاتىرجەم ياشاي، ئاخىرقى نەپەسىمدە ئاللاھنىڭ ئامانىتىنى قورقماي تاپشۇرالىسام يەنە نېمە ئارمان؟! ھەجگە بېرىش نېسىپ بولمىدى، بالام ياقۇپنىڭ پەرزىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، پۇل تاپ، مېنى ھەرەمگە ئاپار دېگىلى بولمايدۇ. بۇ مەھەللىدە ئۇ ئالمەن دېگەن قىزدىن روشەنگۈلدىن باشقا ھېچكىم يوق، ئۇكام مونىياز گۇگشېدا پەتتە كېسىدىغان ئىشنى قىلغاندىكىن ئەلچىلىككىمۇ ياراپتى، بېرىپ باقسا قانداق بولاركىن؟ بىراق ئەر كىشى دېگەندە ئىناۋەت بولمىسا روشەنگۈلدەك قىزلار قاراپ قويمايدۇ، ياقۇپ يا پەندە ئوقۇپ ئالىم بولمىدى، يا دىندا ئوقۇپ موللا بولمىدى، يا ھۆنەر ئۆگىنىپ ئۇستا بولمىدى، ئاقىۋەت كەپتەرۋاز، قىمارۋاز بولدى، مۇشۇنداق تۇرۇپ توختىخان خانىمدىن قىز سورىغىلى يۈز چىدامدۇ؟! ياقۇپ ئىشتىن بىكار بولسىلا ئۆيدە تۇرمايدۇ، ئاڭلىسام ياسىن قىمارۋازنىڭ ئۆيىدە پۇل تىكىشىپ قەرت ئوينايدىكەن، ھوشۇق ئاتىدىكەن. بېشىنى ئوگلاپ قويسام ئۇنداق قىلماس دەيمەن، يەنە تۇرۇپ خوتۇن ئېلىپ بەرسە ئۇنىمۇ قوشۇپ خەققە ئۇتتۇرىۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

توختىخان خانىم گويا تۆمەن مىڭ قايغۇ-ھەسرەتنى يۇدۇپ ماڭغاندەك، ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى. ئۇ ماڭا تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ قارىدى، ئېشىكىمۇ چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. خانىمنىڭ چىرايى تولىمۇ سولغۇن ئىدى. ئېشەكتىن چۈشۈپ ئەھۋال سورىدىم، خانىمدا

ھەرگىز كادىرلىق كېيىرى يوق ئىدى، ئىلگىرى بولغان بولسىمۇ يولدىشى قازا قىلىپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ بېشىغىمۇ سايە تاشلاۋاتقاندا ياۋاشلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ خۇش پىچىم تۇرقىغا، قىزلىق گۈزەللىكىنى تاپىقلى بولىدىغان چىرايىغا قاراپ، ئۆزەمنىڭ بۇ ئايالدىن نەچچە ھەسسە قېرىپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم، يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئېغىر-ئېغىر سوقۇپ كەتتى. خانىم سالىمىمنى ئىلىك ئېلىۋېتىپ غەمكىن كۈلۈمسىرەپ:

— جۇمەدىن يانغان ئوخشىمامىلا؟— دېدى.

— ھە، شۇ يەردىن كېلىشىم...

— مەنمۇ تۇپراق بېشىغا باراي دېگەن، لېكىن ئاڭلىسام ئاياللار يالغۇز بارسا بولمايمىش...

— ئۆيدە ئولتۇرۇپ مەرھۇمغا دۇئا قىلسىلىمۇ خۇداغا يېتىدۇ.

— مىنىڭ يىغلاپ قاقشىسامىمۇ بىكاركەن، تەقدىرگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن بىللە كەتكىلى بولمايدىكەن، تۇللۇق پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ...— دېدى خانىم ئۇمچىيىپ.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، سەۋر قىلسىلا...

توختىخان خانىمنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياشلار تۆكۈلۈپ چۈشتى.

— سىلىنىڭ مەزلۇم ئۆلۈپ كەتكىلىمۇ بىر يىل بولدى-ھە،— دېدى خانىم ماڭا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ھە، بۇ يىل قىش كىرسە ساق بىر يىل بولىدۇ.

— مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك قىلىمەن،— دېدى خانىم ئىنتايىن ئۈمىدسىز، زەئىپ ئاھاڭدا،— ئاخشىمى توكنى ياندۇرۇپ قويۇپ ياتمىسام ئۇخلىيالمايمەن، كۆزۈمنى يۇمساملا قار باسىدۇ، ئۆيدە باققان ئىت-مۈشۈك، قوي-ئۆچكىلەرمۇ كۆزۈمگە جىندەك كۆرۈنىدۇ. مەكتەپتىكى ئۇششاق باللارنىڭ قىيا-چىيالىرىمۇ قۇلىقىمغا بىگىز

تىققاندەك ئاڭلىنىدۇ، ئۇزاق ياشىيالىشىمغا ھېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ...
— ئۇنداق دېمىسىلە خانىم، جاننى ئالسا خۇدا ئالىدۇ، ئۆلمەن دەپلا ئۆلگىلى بولمايدۇ. ئەجەل كەلسە ئۆلمەيمەن دەپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا، ئارتۇق غەم قىلمىسىلا!...
توختىخان خانىم كۆز يېشىنى ئاران توختاتتى. بىز گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمىزنىمۇ تۇيماي قاپتۇق. خانىمنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدىم، خانىم تەڭقىسلىقتا قالدى. مەن ئۇنىڭغا: " ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ كىرمەي كەتسىلە كۆڭلىمىز يېرىم بولىدىكەن، ئەتە-ئۆگۈن بۇ مەھەللىدە قايسىمىز بار، قايسىمىز يوق، ئاللاھ ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ. ئاڭغىچە دىدار غەنىمەت..." دەپ چىڭ تۇرۇۋالدىم. خانىم گېپىمدىن تەسىرلىنىپ قالدى بولغاي، ئارتۇق تارتىنىشمايلا ئۆيگە كىردى. ئىشىكنى ئېغىلغا سولاپ قويۇپ، قولۇمنى يۇيۇپ، خانىمنىڭ ئالدىغا قاتتىق-قۇرۇق نانلار بىلەن چاي ئەكەلدىم. ئايالسىز ئۆينىڭ مۇشۇنداق بىسەرمجان، غورۇگۇل بولىدىغانلىقىنى، بىرەر قىز بالام ياكى كېلىنىم بولغان بولسىمۇ بۇنداق بولمايدىغانلىقىنى كۆپتۇرۇپ سۆزلەپ كەتتىم، خانىم گېپىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ئاندىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ماڭا ۋە ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ھېسداشلىق نەزەرىدە قاراۋېتىپ، بىردىنلا تورۇستىكى توپا بېسىپ كەتكەن تەمبۇرغا كۆزى چۈشتى، ماڭا لەپپىدە قارىدى؛ كۆزلىرى چاقناپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى.
— بۇ ھېلىقى تەمبۇر شۇمۇ؟
— ھە، بۇرۇنقى شۇ تەمبۇر...
— ئۇنى ئەمدى چالمايدىغان ئوخشىمامىلا؟
— ئادەم قېرىسىمۇ بۇنىڭ ھەۋىسى قېرىمايدىكەن، بۇرۇنقىدەك كۆپ چالمايمەن، ئەمما چالمايمۇ قۇتۇلالمىدىم.

— ئالسىلا، كۆرۈپ باقاي،— دېدى خانىم ئورنىدىن قوپۇپ.
خانىمغا قاراپ مەنمۇ جانلىنىپ كەتتىم، تەمبۇرنى ئېلىپ تارىسىدىن تارتىپ قۇلاقلىرىغىچە سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتىم.
— بۇنى بۈگۈنىسى سۈرۈپ قويسام ئونبەش كۈندىن كېيىن يەنە توپا بېسىپ كېتىدۇ، — دېدىم ۋە تەمبۇرنى خانىمغا ئۇزاتتىم.
— چالمىسىلا ئاشۇنداق توپا بېسىپ كېتىدۇ، چالسىلا بىرەر پەدىگە، مۇڭلۇق بىر پەدە بولسۇن، ئاڭلىمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ، كۆڭلىمىز يەڭگىللەپ قالار،— دېدى خانىم تەمبۇرنى يەنە ماڭا بېرىپ.
مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم، شۇنداقتىمۇ روھىمدىكى مۇزىكا ئاھاڭلىرى ياشلىق ئەسلىمىلىرىمگە قوشۇلۇپ يۈرىكىمنى تىترەتتى. بىگىز بارمىقىمغا دەرھال ناخۇن باغلاپ، تارىنى جايىدا تەڭشەپ، ئېسىمدە قالغان خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭىغا كەلتۈرۈپ، سىم تارىغا ئەمەس، دىل تارىغا ناخۇن ئۇردۇم. ئىمامنىياز ئاكام مۇزىكا دېگەننى شەيتاننىڭ نەغمىسى دەپ ياقتۇرمايتتى، قېرىغاندا كۆڭلۈم بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتتە قالغاچقا ئۆزەمنىڭمۇ بۇ سازغا بۇرۇنقىدەك ئىشتىياقىم قالمىغانىدي، يەنە كېلىپ ئۇزۇن چېلىشقا، مەرغۇللاشقا، ناخشىسىنى بىللە ئېيتىشقا مادارىم يەتمەيتتى. ئەمما نېمىشقىكىن بۈگۈن توختىخاننى كۆرۈپ ياشلىقتىكى بەرنالىقىم قايتا تىرىلدى، بىلەكلىرىمگە كۈچ تولدى، بارماقلىرىم پەدە ئۈستىدە موكىدەك ئويىنىدى، تارا دېگەننى سېرىۋەتتىم. جىرادىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۈيىدەك لەرزان مۇزىكىلارنىڭ مۇڭى ماڭا كۆك ئاسماندەك گۈزەل، يېشىل باغلاردەك پەيزى ياشلىقىمنى ئاجايىپ سېغىندۇردىكى، مۇزىكا قېتىغا ئۆزەمنى ئۇنتۇغان ھالدا كىرىپ كېتىپتىمەن... قېرىغاندىن بۇيان تەمبۇرنى بۇنداق زوق-شوخ بىلەن چېلىپ باقمىغانىدىم. يىگىتلىكىمدىن تا ھازىرغىچە بولغان پۈتكۈل دەرت-ئەلەملىرىم مۇشۇ مۇزىكا بىلەن تەڭلا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك، دىل يارام

ساقايغاندەك، نەۋقىران دەۋرىمگە قايتقاندەك، يەنە نەچچە ئون يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق ياشايدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. توختىخان خانىم يىغلاۋاتاتتى، مەن تەمبۇرنى جايىغا ئېلىپ قويۇپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم.

— سىلى تېخى قېرىماپلا، ئوبدان چېلىپ بەردىلە، خوش، مەن ئەمدى قايتاي، — دېدى توختىخان خانىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ. ــ ۋاقتىلىرى يەتسە بىزنىڭكىگىمۇ بارالا.

— بىر دەم ئولتۇرۇپ ماڭسىلا بولماسمۇ ... — دېدىم خۇددى ئۇ كەتسىلا مەن غېرىپلىقتا چىدىيالمايدىغاندەك. توۋا، ئۆزەمگە ھەيران قالدىم، يىگىتلىكتىكى جەسۇرلۇقۇم راستىنلا تىرىلگەن بولسا ـ ھە!

— بولدى، تۇرۇپ قالسىلا، يا بولمىسا ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ ئۆيگە بارسىلا، تاماق ئېتىپ بېرەي.

— كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، خۇدا بۇيرۇسا باشقا بىر كۈنى باراي.

— قېرىدىم دەپ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلا، لەۋزىلىرىدە تۇرىدىغانلا؟!

— ساقالغا ئاق كىرگەندىمۇ يالغان سۆزلەمدىمەن خانىم، خاتىرجەم بولسىلا...

توختىخان خانىم باش-ئايغىمغا قايتىدىن قاراپ، سەل قايغۇرغاندەك قىلىپ، ئۆيگە بېرىشىمنى قايتا-قايتا تاپىلاپ، ئاندىن يۈرۈپ كەتتى.

كېيىنكى جۈمە كۈنى كەچقۇرۇن توختىخان خانىمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇلارنىڭ ئۆيى كەنت مەكتىپىنىڭ يېنىدا بولۇپ، دېھقان ئۆيلىرىگە باققاندا ئەلۋەتتە رەتلىك، پاكىز ئىدى. خانىم مېنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى، ئالدىمغا چاي قويۇپ، تاماققا قوپتى.

— قىزلىرى تېخى ئىشتىن چۈشمىدىمۇ؟ — دېدىم مەن ئۆيان-بۇيان قاراپ.

— مەكتەپتىن بىر ئېغىزلىق ياتاق بەرگەندى، كۆپرەك شۇ يەردە بولىدۇ.

— ئۆي يېقىن تۇرسا نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟

— تاڭەي، خىزمەت ئالدىراش دەيدۇ، يا ئىشلىگىنىنىڭ تايىنى يوق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ بەزىدە ماڭا تەكشۈرتكۈزىدۇ.

خانىم بىر دەمدىلا لەغمەت ئېتىپ ئالدىمغا ئەكەلدى. تاماقنى بەك ئوخشىتىپلا دەپ ماختاپ تەخسىنى قولۇمغا ئېلىشىمغا تالادىن روشەنگۈل كىردى. بۇ قىز ئەسلى مۇئەللىم بولماي، بىرەر سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىس بولسا قاملىشاتتىكەن. ئۇ ماڭا مۇنداقلا باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويىدى-دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى مۇنداقلا گىلدىڭلىتىپ قويۇشىنى ئەمەس، كېلىپ بىر-ئىككى ئېغىز ئەھۋال سورىشىنى كۈتەتتىم. ئۇ چوڭ شەھەردە ئوقۇپ كېلىپ قائىدە ئۇقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، چاچلىرىنى ئۆرىمىگەننى ئاز دەپ ياغلىقىنى بويىنىغا چىگىۋاپتۇ. بۇ ئەپتى بىلەن مەن بۇ قىزنى كېلىنىم بولارمىكىن دەپ ئويلاشقا ھەرگىز پېتىنالمايمەن. مەن ئاشنى ناھايىتى تەستە يەپ بولۇپ ئاش سۈيىدىن ئازراق ئىچىپ دۇئا قىلىۋەتكەندىن كېيىن قايتىشقا تەمشەلدىم. مېڭىش ئالدىدا خانىمغا قىزىغا ئوبدانراق نەسىھەت قىلىش ھەققىدە گەپ قىلاي دەپ، يەنە ئۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ سالاھىيىتى توشمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ جىم بولۇپ قالدىم. خانىم كەيپىياتىمنىڭ ئۆزگۈرۈشىنى سەزگەن چېغى، ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى سۆزلەپ كەتتى:

— دادىسى تۈگەپ كەتكەندىن بېرى بۇ قىزىم گەپ خالىماس بولۇپ قالدى. داشۆگە ئۆتەلمىسەمۇ بوپتۇ ئوقۇپ باق دەپ ئۆرۈمچىدە پۇل تۆلەپ ئوقۇتقانتۇق، خۇي-پەيلى ئۆزگىرىپ كەپتۇ...

— ئۇنى ياتلىق قىلىشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟ — دەۋەتتىم مەن

خۇددى گەپ تېشۋاتقاندەك، ئەمما خانىم بۇنى خىيالىغمۇ كەلتۈرۈپ قويماي ئۆزىنىڭ دەردىنى تۆكتى:

— ئويلاشمىدى دەملا، ئويلاشساقمۇ مەن بۇ يەردە ئەرگە تەگمەيمەن دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟! دادىسىمۇ ئۇنىڭ تويىنى كۆرەلمەي تۈگەپ كەتتى....

— بولدى، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا— دېدىم مەن مەيۈسلۈك بىلەن،— خۇدايىم رىسقىنى قوشقان بىرسى چىقار، ئەمما بۇ پەرزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىۋەتمىسە خۇدايىم ئالدىدا ھېساب بېرىدىغان گەپ...

— توغرا دەيلا، مەنمۇ شۇنىڭغا ئالدىراۋاتىمەن، لېكىن ھازىرقى بۇ ياش باللارنىڭ خىيالى بىز بىلەن پەقەت ئوخشىمايدىكەن...

مەن خوشلىشىپ كەتتىم. راست، جاھان ئەمدى بىزدىن كېيىنكىلەرگە نېسىپ بولىدۇ، بۇنى ئاللاھ شۇنداق بەلگىلىگەن. شۇڭا ياش باللارنىڭ باشباشتاقلىقىنى ئانچە ئېغىر ئالماسلىق كېرەك، ئۇلارنىڭ بېشىغىمۇ نى قىسمەتلەر كېلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ توختىخان خانىم بىلەن باردى-كەلدى قىلىشىم بارغانچە كۆپەيدى، قېرىغاندا يالغۇزلۇقنىڭ يامانلىقى بىزنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى. پەرزەنت دېگەننىڭ ھېچقايسىسى بىزنىڭ ئۆزىمىزگە يارىشا ھەم ھېچكىم ئاسانلىقچە تەسەللىي بېرەلمەيدىغان غېرىبلىقىمىزنى چۈشەنمەيتتى. شۇ كۈندىكى تەمبۇر ئاۋازى خانىمنىڭ قۇلىقىغا تۆت پەسىل ئاڭلاندى، ئۇ تۆت پەسىل ئاشۇنداق مۇڭلاندى، يىغلىدى، بەزىدە شوخ ئاھاڭلارغا چېلىپ بەرسەم ئېچىلىپ كۈلدى، ھەتتا ئورنىدىن تۇيۇقسىز قوپۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناپ كەتكىلى تاس قالدى. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئاۋۇالقىدەك چاقنىماس بولۇپ قالسىمۇ يۈرىكىمىزدىكى ياشلىقتا خاس ئۆلمەس تۇيغۇلار، كۆڭلىمىزدىكى گۈزەل خىياللار خۇددى قېرىپ پورلىشىپ كەتكەن دەرەخنىڭ تېگىدىن كۆكلەپ

چىققان مايسىلاردەك تېز ئۆسۈشكە، ياشناشقا باشلىدى. توختىخان خانىم ئۆيىمىزگە كەلسە ھاۋا تۇتۇق كۈنى بولسىمۇ ماڭا ئاپتاپ چىققانتى. ئۇ بۇرۇنقىدەك قورۇنۇپ قالمايتتى، توسقىنىمغا ئۇنىماي ھويلا-ئارامنى سۈپۈرەتتى، ئوچاقنىڭ ئىچىنى شورداپ نان يېقىپ بېرەتتى، تاماق ئېتەتتى، كىر-قاتلىرىمىزنى ئېرىنمەي يۇيۇپ بېرەتتى. مەن بۇ ئىشلاردىن دەسلەپتە ئۇنى توسسام ئۇ، ھۆكۈمەتكىمۇ شۇنچە يىل ئىشلەپتىمەن، پېنسىيىگە چىقتىم دەپ بىراقلا دەم ئالسامۇ بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىدىن دىنىي تەلىم ئالغاچ، ئۆيلىرىگە قارىشىپ بەرسەم خۇدايىم سىلىگە بەرگەن ساۋاپنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ماڭا بېرەر، دەيتتى. بۇ ئىشلارغا ئۇنىڭ قىزى قانداق قارىدى، بىلمىدىم؛ ئەمما ياقۇپ ئالامەت خۇشال ئىدى. مۇشۇ بىر يىلدا غېرىب ئۆيىمىزگە خانىمنىڭ بېھېساپ ئەجرى سىڭدى، مەنمۇ ياقۇپ ئۆيدە يوق چاغدا تەمبۇر مۇزىكىلىرى بىلەن خانىمنىڭ روھىغا بارا-بارا سىڭىپ كىردىم، خانىممۇ ماڭا ئۆگىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. تۇرمۇشتىن ئەزەلدىن تامايىم چوڭ بولغاچقىمىكىن، كۆڭلۈمدە ئاخىر ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىش ئىستىكى قوزغالدى، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە خۇدايىم ماڭا شۇنى ھىممەت قىلغان بولسا ئەجەپ ئەمەس دەپ ئويلاپ كۆڭلۈمدىكى ئاللاھتىن تىلەكلىرىمنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىنى تىلىدىم. ھايات دېگەن شۇنداق تارتىملىق نەرسە ئىكەن، خانىمنى ئەمرىمگە ئالسام خۇددى يىگىتلىكىم تىرىلىدىغاندەك ھاياجانغا چۆمەتتىم. بۇ ھاياجاننىڭ جېنىمنىڭ بارىدا تېزرەك ھەقدادىغا يېتىشى ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ گۇڭشېغا بېرىپ مونىياز ئۇكامغا ئەھۋالنى دېدىم، ئۇ ھەيران قالدى، ئەمما مەندىكى ئىشەنچنى كۆرۈپ ئەلچىلىككە ماقۇل بولدى. ئۇ ياقۇپنى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا: ”ئاتاڭنىڭ بېشىنى توختىخان خانىمغا قوشۇپ قويايلى دەۋاتىمىز، قانداق، قوشۇلامسەن؟ يا بولمىسا سېنى ئۆيلەپ قويايلىمۇ؟ گېپىڭنى ئوچۇق دە، بۇ ئۆيگە زادى بىر خوتۇن كىشى لازىم، ئاتاڭ

سىڭنى بىر ئۆيلەپ قەرزىنى تۆگەتتى. ئەمدى ئۆزەڭ خوتۇن ئالالمىغاندىكىن ئاتاڭنىمۇ تولا قىينىما“ دېدى. ياقۇپ ئاستىنقى لېۋىنى چىشلەپ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەرزدە ماڭا قاراپ ھىجايدى ۋە: ”ئاۋۋال ئاتامنى ئۆيلەپ قويايلى“ دېدى. بۇنىڭ غەرىزى شۇ، ئاتام ئاۋۋال ئاپىسى بىلەن توي قىلسا، ئاندىن قىزىنى مەن ئالسام دەيدۇ.

مونىياز ئايالى بىلەن ئەلچىلىككە بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يېنىپ كەلدى، نە جاۋاپ ئاڭلارمەن دەپ يۈرىكىم پوك-پوك ئىدى. جاۋاپ شۇ بولدىكى، روشەنگۈل ئانىسىنىڭ مەن بىلەن توي قىلىشىغا قارشى تۇرۇپتۇ. خانىممۇ قىزىنىڭ توي ئىشىنى بىر ياقلىق قىلماي تۇرۇپ مەن بىلەن تۇرمۇش قۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى كۆڭلۈممۇ ئاز-تولا تۇيغانىدى، ئەمما ھەقىقىي جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى ئازابلاندىم، ئۆز ھالىمغا ئاھ ئۇردۇم، ياش باللارنىڭ زوراۋانلىقىغا قېرى ئاتا-ئانىلار چىدىماي قانداق قىلسۇن! ياقۇپ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ”گەپ ئاشۇ قىزىدا!“ دەپ قايناپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇنىڭ بىلەن كۆپۈككە ئايلاندى. بۇ ئىشتىن كېيىن توختىخان خانىم ئۆيىمىزگە كەلمەسلا بولدى.

ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي كۈتۈلمىگەن ئىشلار كەينى-كەينىدىن يۈز بەرگىلى تۇردى. ئوغلۇم ياقۇپ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. مەھەللىدىكى قىمارۋاز ئاغىنىلىرىدىن سورىسام ھېچنەرسە دەپ بەرمىدى. ئۇكام مونىيازغا دېسەم، ئۇ: ”قىمار ئويناپ تاپقان پۇلغا شەھەر ئويۇنغۇسى كەلگەندۇ. ئوغۇل بالا دېگەندىن ئەنسىرەپ كەتمەڭ، پۇلى تۈگەپ جېنىنى باقالمىغاندا يېنىپ كېلىدۇ، ئۆزىگە بىرەر چوكان ئالغاچ كېلەمدۇ تېخى“ دېدى. راست شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ ئۆينىڭ بار جاپاسىنى ئۆزەم تارتىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتۈم، كەلمىدى. ئاللاھ مېنى ئەمدى جازالاۋاتقان ئوخشايدۇ دېدىم، كۆزۈم تۇيۇقسىز خىرەلىشىپ، يولدىكى ئادەملەرنىمۇ پەرق

ئېتەلمەس بولۇپ قالدىم. ئۇكام مونىياز بۇ ئەھۋالىمنى كۆرۈپ، ”ئۆيدىكى توپاقنىڭ كۆزىدىمۇ ئاق تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كىم قاتتىق ئۇرۇپ بەرگەن ئوخشايدۇ، كالىنى سېتىپ كۆزىگىزنى داۋالىتايلى“ دېدى. ماقۇل دېدىم. تېۋىپلار كۆزىگىزدىكى ئاق تېخى پىشماپتۇ، ھازىر ئوپراتسىيە قىلساق بولمايدۇ دەپ قايتۇرۇۋەتتى. كالىنى ساتقاندىن كېيىن قويلارنىمۇ، يەنە بىر بۇقامنىمۇ سېتىپ، ئاخىرەتلىكىمنى تەييارلاپ قويدۇم. كالىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاق قالغان يەرنىمۇ خەققە ھوسۇلنى ئايرىش شەرتى بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئۇكام مونىياز ئىشلىرىمغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئۆيگە ئاپىرىپ بىرەر ھەپتە باقتى. ئۇنىڭ ئۆيى گۇگشى كادىرلىرى قورۇسىدا ئىدى. تار، ياسىداق ئۆيدە قورۇنۇپ، تۈزۈك ياشىغاندەك بولمىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنىنىڭ ئۇششاق سۆزلۈكى، ئۇششاق باللىرىنىڭ كەپسىزلىكى مېنى جاق تويغۇزدى. ئېشىكىم ئۇلارنىڭ ھويلىسىدا بىر ھەپتە تۇرۇپ بولغىچە نەچچە ھاڭراپ، نەچچە تېزەكلەپ، نەچچە قارغىش ئاڭلاپ بولدى، قۇلىقىم ئېشەك قۇلاق بولمىغاندىكىن ئۇ گەپ ماڭا ئۆتتى. ”ئۇكام، ماڭا يەنىلا شۇ ئۆيۈم ياخشىكەن، ئىسسىقسىز قالسامۇ باغنىڭ مېۋە-چېۋىلىرىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزەي، قانچە كۈن ياشىسام شۇ يەردە ياشاي“ دەپ ئۇنىڭ ھىممىتىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ مەھەللىگە قايتتىم. ئېشىكىم قەدىناس ئارامگاھىغا قاراپ سوكۇلداپ ھەم تاكراڭلاپ چېپىپ ماڭدى.

ئۇزاق بولدى، توختىخان خانىم يوقاپلا كەتتى. بىز ئەمدى كۆرۈشمەيلا ئۆلۈپ كەتمەيلى دەپ ئويلاپ ئەر كىشى بولغاندىكىن تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. ئېشەكنى توختىتىپ، ئىشىكتىن بېشىمنى تىقىشىمغا روشەنگۈل ھويلىدا تۇرۇپتىكەن، تازا پەرق ئېتەلمەي ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋېرىپتىمەن، ئۇ دولامدىن ئىتتىرىپ: ”ماڭسىلا، ماڭسىلا، چىقسىلا بۇ ئۆيدىن! ئاپام ئۇخلاپ

قالدى، كالدەك ئۈسۈپ كىرىۋېرىدىكەن، ئىگىسى يوق دەملا بۇ ئۆينى! سىلىمۇ بالىلىرى ياقۇپ تۇڭگۇزنى دوراپ بىر نەرسە بار يەرنى پۇراپ تاپىدىكەنلا-دە! سوۋۇتۇپ قويغان بەتتە پولولىرى يوق بۇ يەردە، ماڭىسىلا دەيمەن، نېمە قاراپ تۇرىلا، بىرەر سەدىقە تىلەپ كەلمىگەنلا، بالىلىرىنى يامان ئۆگىتىپ قويمىغان بولسىلا مۇشۇ كۈنگە قالمايتتىلا، ئەمدى بويۇنلىرىغا خۇرجۇن ئارتىپ چىقسىلا، لېكىن بۇ ئۆيگە ئىككىنچى دەسسىگۈچى بولمىسىلا!...”دەپ چالۋاقاپ كەتتى. بۇ قوپاللىق ۋە ھاقارەتتىن كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، تىلىم تۇتۇلدى، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كەينىمگە داجىدىم. شۇ ئەسنادا توختىخان خانىم: ”ھەي روشەنگۈل!“ دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئۆيدىن چىقتى-دە، ئۇنى ئۆيگە تارتىپ ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدىن ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى. مەن بېشىمغا جىن تەپكەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. بىر دەمدىن كېيىن ھوشۇمنى يىغىپ، ئىچ-ئىچىمدىن قايناپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك خورلۇق ۋە ئازابتىن قىينالغان قېرى جېنىمنى، ماغدۇرسىزلانغان تېنىمنى ئېشەككە ئاران ئارتىپ ئۆيۈمگە ماڭدىم. مەن ئېشەككە مىندىممۇ ياكى ئېشەك ماڭا مىندىمۇ بىلمىدىم، ئۆيگە ئاران كېلىپ، ئېشەكنى ئېغىلغا قويۇۋەتتىم؛ ئۆيگە كىرىپ كاڭغا چىقىپ، جۇۋامنى يېپىنىپ ياتتىم. ھاۋا ئانچە سوغۇق بولمىسىمۇ، جۇۋىدىن ئىسسىق ئۆتۈۋاتسىمۇ پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ، جاقىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. يۈرۈكۈم ئۇشتۇمتۇت مۇجۇپ ئاغرىغىلى تۇردى. ئېشەك يەنە تۇيۇقسىز ھاڭراپ كەتتى. بۇ مەخلۇقنىڭمۇ مېڭىسىدە بىر نېمە قۇترىمىسا بۇنداق چىشقۇدەك ھاڭرىمايدۇ. بىر چاغلاردا ئىچىمگە سىغماي قالدىغان جېنىم ئەمدى ئېغىز- بۇرنۇمدىن ئاستا-ئاستا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر چاغلاردا بۆرە ئىدۇق، يولۋاس ئىدۇق، خۇدانىڭ بىزنى ئارامغا چىقارغان شېرىن ئاخشاملىرىنى ھاشىيخان بىلەن ھەر دائىم راھەتلىك ئۆتكۈزەتتۇق. خوتۇن، بالا، تېرىقچىلىق، كالا-قوي،

مەنسەپ، هاراق ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەردىن بەھىرلىنىپ ، زامانىنىڭ يەكتا بەندىسى بولۇپ ياشاپ ئۆتكەن ۋاقىتلىرىمىز ئۆستەڭدىكى لاي سۇدەك ئېقىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى قالغىنى پەقەتلا تىنىپ قالغان لاي، لايغا پېتىپ چىرىپ قارىيىپ كەتكەن چاۋار-چاتقال، لەش... بەندە بىلمىگەننى خۇدا بىلىدۇ، خۇدا بېشارەت بەرگەننى بەندە ھەرخىل ئويلايدۇ.

كۆن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ تۆگۈلۈكتىن كىچىككىنە يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئاقۇش نۇر بىردىنلا كۆككە ئايلىنىپ كەتتى. ئوچۇق، يورۇق بولسىمۇ، بەربىر ھەممە نەرسىنى خىرە كۆرىدىغان كۆزۈم خىيالىي سۈرەتلەرنىلا كۆرەتتى. تورۇستا بىر نېمىنىڭ كىتىلداپ ماڭغان تىۋىشىنى ئاڭلىدىم، ئۆمۈچۈك بولسا كېرەك، ئۆتكەندە مەن ئۇخلاپ قالغانلاردا كۆزۈمگە شۇ سىيىۋەتتىمۇ، ئۇقمىدىم، بولمىسا كۆزۈم بۇنداق خىرەلىشىپ كەتمەس ئىدى. ھويلا تىمتاس، ئەجەل شاملى تېرەك ياپراقلىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن، ئىشىك-دەرىزىلەردىن، تۆگۈلۈكتىن شۇڭغۇپ كىرىۋاتاتتى.

يېرىم كېچىدە يۈرىكىم تۆگمەن تېشىدەك ئېغىرلىشىپ، نەپەس ئېلىشىم قىيىنلىشىپ كەتتى. مېڭەمگە قان بارالمىدىمىكىن-تاڭ، ئايلىنىۋاتقان بېشىم روھىمنى قاراڭغۇلۇققا سۆرەيتتى، يۈرەك سوقۇشۇم بىلەن تەڭ ھەر دەقىقە ئاللاھ ئىگەمگە تۆۋە-ئىستىغپار ئېيتىپ ياتتىم؛ ئۆلۈپ كەتسەممۇ تاھارىتىم بىلەن ئۆلۈپ كېتىشنى كۆزلەپ، تالاغا چىقماقچى بولۇپ بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم، قوزغىلالمىدىم. ئەجەلنىڭ رەسمى يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيدۇم، قورقۇنچتىن پوكۇلدايدىغان يۈرىكىمنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئىنتايىن ئاستا ئىدى، شۇڭا قورقۇنچقىمۇ ئىمكان قالمىغانىدى. بىر ئاللاھتىن باشقا ، گۇناھىمنى تىلەشتىن باشقا ھېچ نېمىنى ئويلىمىدىم، روھىم يەڭگىللەپ قالدى.

## 2

**توختىخان خانىم:**

ئوسمىناخۇن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈمنىڭ ماگمۇ ناھايىتى يېقىن قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. تۇل خوتۇننىڭ قولىغا قالغان ئۆينىڭ شان-شەۋكىتى بولمايدىكەن، بۇرۇن مېنى ئىززەتلەيدىغانلار ئەمدى ئابرۇيۇمنى ئانچە قىلماس بولدى. قىزىم ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە تەسەللىي بېرىپلا كەلدۇق.

بىر جۈمە كۈنى غوجامنىياز ئاخۇننى ئۇچراتتىم. ئۇ كۆڭلى يۇمشاق ئادەم بولغاچقا دەردىمنى تۆككۈم كەلدى. بۇ كىشى مەھەللە باشلىقلىق مەنسىپىدىن قالغاندىن كېيىن بىردىنلا ياۋاشلاپ، ھاراقنى تاشلاپ، ساقال قويۇپ، تەقۋادارلىق يولىغا كىرگەن؛ ئىلگىرىكى شوخ، قىزغىن ھالىتى قالمىغانىدى. خەقلەرمۇ ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئاتىماي، ئىسمىنىڭ كەينىگە ئاخۇننى قوشۇپ چاقىراتتى. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئانچە كۆرمىگەنىدىم، ئەمدى قارىسام بۇرۇنقىدىن خېلى بەك قېرىپ، مۈكچىيىپلا قاپتۇ. ئۆيدە ئايال كىشى بولمىغاندىكىن كۆتۈنۈشى ياخشى ئەمەس دەپ ئويلىدىم.

ئۇنىڭ ياش ۋاقتى ھازىرقى ئوغلىدىن ئېسىل ئىدى، ئۆمەكتىكى چاغدا ئۇنى "غوجا تەمبۇر" دەيتتۇق. ئۇ تەمبۇرنى راستىنلا سازەندىلەرنىڭ غوجىسى بولۇشقا لايىق ياخشى چالاتتى. مەن ئۇنى ئېمىشقىدۇر پات-پات ئويلايتتىم. ئۇسسۇلچى ۋاقىتلىرىمدىكى گۈزەل ئەسلىمىلىرىم ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كېلىشكەن تۇرقى، مۇڭلۇق ئاھاڭلارنى ياڭرىتالايدىغان چېۋەر قوللىرىغا باغلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ تەمبۇر چالسا، سازغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كېتەتتى. مەن ئۇسسۇل ئوينىمىغان چاغدا بىر ياقتا ئېگەك تۈتۈپ ئولتۇرۇپ بېرىلىپ ئاڭلايتتىم، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى مۇنچاقتەك تەرلەرنى سۈرتۈپ

قويغۇم، بارماقلىرىنى تۇتۇپ باققۇم كېلەتتى. قىزلىق تەلپۈنۈشلىرىم تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ خىل ئويۇنلىرى، ۋەزىيەتنىڭ قارا بورانلىرى بىلەن تەڭلا ئۆزگىرىپ، تەقدىر قاياقا تارتسا شۇ ياققا مېڭىپ، ئاخىر ھالاك بولدى. مېنىڭ ئېسىمدە قالغان ئۇ تەمبۇرچى يىگىت بىلەن ھازىرقى غوجامنىياز ئاخۇننى بىر-بىرىگە باغلىسام، بىئارام بولاتتىم، ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ، ئەمما ئۇ بەكلا قېرىپ ئۆزگىرىپ باشقا بىر سىياققا كىرىپ قالغانىدى. بىز شۇنچە يىل بىر مەھەللىدە ياشاپ كېلىۋاتساقمۇ ھەر قايسىمىز ئۆز غېمىمىزدە پايپېتەك بولاتتۇق، بۇرۇنقى ئىشلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتۇق.

ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن، كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىپ غوجامنىياز ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كىردىم. ھېلىقى تەمبۇرنى تۇرۇستا قايتا كۆرگىنىمدە قىزلىق لىۋەن چاغلىرىم ئېسىمگە كېلىپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. غوجامنىياز ئاخۇن ئاشۇ بۇرۇنقى خەلق ئاھاڭلىرىغا بىر چالغىلى تۇرىۋىدى، ئىچ-ئىچىمدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشىمنى توختىتالماي قالدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن يىغلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدەك چوڭقۇر، بۇنىڭدەك گۈزەل ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇ ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىپ، قىزىمدىن يوشۇرۇنچە ئۇنىڭغا تاماق ئاپىرىپ بېرىدىغان، ياكى بېرىپ بىرەر ۋاق ئىسسىق ئاش ئېتىپ بېرىدىغان، ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىدىغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن دىنىي ساۋاق ئالغاچ، تەمبۇر ئاڭلاپ كېلىدىغان بولدۇم. ئوغلى ياقۇپ مېنى كۆرسە خوش بولغان بىلەن، ئۆيگە بارسام بۇ ئىشلارنى ئۇقۇپ بولغان قىزىم خاپا بولۇپ كېتەتتى. لېكىن بىر ئايدا بىرەر قېتىم بارمىسام نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى، غوجامنىياز ئاخۇننىڭ مەن بارسام ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، يىگىتلەردەك تېتىكلىشىپ كېتىشلىرىنى كۆرگۈم، تەمبۇر ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغۇم كېلەتتى. بەزىدە مەن شۇ ناتىۋان كىشىگە ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ھەمراھ بولۇپ تاھارىتىگە سۇ بەرسەم، تەمبۇرىنى ئاڭلىسام، ئۆز ئارا

مۇڭداش بولۇپ ئۆتسەم دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم، لېكىن شۇ ئىشنىڭ شەپىسى كەلگەندە بىردىنلا تەمتىرەپ قالدىم. مەھەللىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە مەن يەنىلا كادىرلىق سۈپىتىنى يوقاتمىغان خانىم ئىدىم. قىزىممۇ مونىياز ئاخۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مەن جاۋاپ بېرىپ بولغىچە ئۆزىنى باسالماي: ”ئاكىلىرى ئاپامنىڭ تەييار مائاشىنى كۆزلەپ شۇنداق دېگەندۇ تايىنلىق“ دەپ قاملاشمىغان گەپ قىلىپ، مېھمانلارنى خىجىل قىلىپ قويدى. قىزىمنىڭ ماڭا غەزەپلىك تىكىلىشلىرىگە چىداپ ئولتۇردۇم. ئاخىر ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، ئەلچىلەرگە قوشۇلماسلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىر تالاي چۈشەندۈردۈم. مونىيازمۇ ھۆكۈمەت خادىمى بولغاچقا، دېگەنلىرىمنى توغرا چۈشەندى ۋە بۇنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك:” ئاكام دەپ تۇرۇۋالغاچقا مۇنداقلا دەپ باقايلى دەپ... باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا، بىزدىن ئۆتكەن يېرى بولسا كەچۈرەلا...“دەپ ماڭا كۆڭلۈمنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئۇزاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن غوجامنىياز ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بارالمىدىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن روشەنگۈلگە قوي-ئۆچكىلەرنى مەكتەپنىڭ بىز كۆتۈرە ئالغان شاپتۇللۇق بېغىدا بىر دەم بېقىپ كېلىڭ، شاپتۇللار بەك چۈشۈپ كېتىپتۇ، قوي تېرىپ يەۋالسۇن دېسەم، بۇرنىنى ئۇچلاپ: ”قوي باقالمايمەن، ئۆزىڭىز بېقىڭ“ دەپ تۇرۇۋالدى.” بالام، مېنىڭ مىجەزىم يوق، ئۆچكىنى كۆرسەملا تېنىم غۇژۇلدايدۇ“ دېسەم، ”ئەمىسە ھەلەپ ئېتىپ بېرەيلى“ دەپ سىۋەتنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ماڭا يات ئادەمدەك قارىشىدىن، مېنى بارغانسېرى ئۆزى خالىغانچە باشقۇرۇشلىرىدىن قورسىقىم كۆپىدىغان بولۇپ قالغانىدى، بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ مېنى كۆزگە ئىلماي، سۆزۈمنى ئىلىك ئالماي، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا زەردەم ئۆرلىدى ۋە بېرىپلا ئۇنىڭ قولىدىكى سىۋەتنى تارتىۋېلىپ:” ھەلەپ دېگەننى قىشتا ئېتىپ بېرىمىز، ئۆيدە ئېشىپ-

تېشىپ قالغان سامىنىڭ بارمىكەن! سەن يا ئېتىزدا كەتمەن چاپمىساڭ، مۇشۇ ئانا-بالا قوي بىلەن بىر ئۆچكىنى باغقا سولاپ باقماق نېمە تەس!» دەپ قايناپ كەتتىم ئاندىن ئۇنىڭ مىت قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۆيگە كىرىپ يولدىشىمنىڭ تامدىكى چوڭايتىلغان رەسىمىگە قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ: «ھەي، قەدىناس ئوسمىناخۇن، سىلە كېتىپ مانا بالىغىمۇ گەپ ئاڭلىتالماس بولدۇم» دەپ يىغلاپ كەتتىم. ئۇ بۇنىڭغا چىدىيالماي قالدى بولغاي، قوينى قوتاندىن چىقىرىپ، ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

كەچتە ئوچاق ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ مىڭ مۇشەققەتتە شوۋگۇرۇچ قاينىتىپ، ئېغىزىمغا بىر قوشۇق نەرسە ئېلىشقىمۇ كۆڭلۈم تارتماي ئولتۇرسام روشەنگۈل قوينى ئۇرۇپ ھەيدەپ، ھويلىغا يىغلاپ كىردى-دە، قوتاننى ئەتمەستىن ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي قىستاپ سورىدىم. ئۇ ئاخىر بولغان ئىشنى ئېيتىپ ماڭا ۋاقىراپ-جاقىراپ كەتتى، ھوشۇمدىن كەتمىدىمىيۇ، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم. ياقۇپ دېگەن ھايۋاننىڭ باشلانغۇچتىكى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغىنىمغا ئۆز گۆشۈمنى ئۆزەم يېگۈدەك زەردە بولۇپ كەتتىم، بۇ كۈننى كۆرگىچە ئوسمىناخۇن بىلەن بىللىلا ئۇ دۇنياغا كەتسەم بولمامدۇ دەپ يىغلاپ قاقشىدىم. قىزىم: «سوتقا ئەرز قىلمەن، خەقنىڭ گېپىدىن قورقمايمەن» دېدى. ئەمما پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سېلىشتىن، ئۆزىمىز يالىڭاچ قېلىپ خەق ئالدىدا نومۇسقا قېلىشتىن ئۆزەمنى تارتتىم، سۆزلەپ قىزىمنى قايىل قىلدىم. ئۇ مېنى شۇ ئىشقا بۇيرۇپ قويغىنىمدىن ئۆلگۈدەك خاپا ئىدى، قوي-ئۆچكىلەر مەرەپ قويسا ئۇلارنى تىللايتتى. مەن ئاخىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاسساپقا سېتىۋەتتىم.

ياقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن زەرداپ ئانا-بالا ئىككىمىزنىڭ يۈرىكىدىن پەقەت چىقمايدىغاندەك قىلاتتى. بىر كۈنى ئۆيدە مىجەزىم يوق ياتسام روشەنگۈل ھويلىدا بىر كىمگە

ۋاقىرىغىلى تۇردى. كىم بولغىيدى، غوجامنىياز ئاخۇن ئوخشىمامدۇ دەپ تالاغا چىقسام، ئۇ بىچارە ئادەم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قورۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئۆمەللەپ، ساغىرىپ-تاتىرىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. مەن چىقىشىم بىلەنلا ئۇ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ، ئەسكى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تۈگۈلۈپلا كىرىپ كەتتى. بالىسىنىڭ ئىشىنى ئۇقامدۇ-ئۇقمامدۇ، سورۇشتۇرۇپ باقمايلا ئۇنىڭغا ئازار بەرگىنىمىزنى ئويلاپ، ئۇ كەتكەندە يولغا چىقىپ قارىدىم، كۆرەلمىدىم.

## 3

**روشەنگۈل:**

غوجامنىياز ئاخۇننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاپامنىڭ هالى كۈندىن كۈنگە ناچارلاپ كەتتى. تاماق ئېتىپ ئالدىغا ئەكەلسەم هېچنېمە يېمەي، يېسىمۇ ئازراق يەپ يەنە ياستۇققا بېشىنى قوياتتى. ئىلگىرى ئايرىم ياتاقتا ياتاتتىم، ئەمدى ئاپام بىلەن بىر ئۆيدە ياتىدىغان بولدۇم، شۇنداقتىمۇ ئاپامنى كېچىسى دائىم قارا بېسىپ قالاتتى، بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتتى. بەزىدە ۋاقىراپ كەتسە مەنمۇ قورقۇپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتەتتىم، ئۇيقۇم بۇزۇلۇپ كەتسە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي، ئۈرۈمچىدە ئۆتكەن گۈزەل كۈنلەرنى ئەسلەش بىلەن تاڭ ئاتقۇزاتتىم. ئاھ، شۇ چاغلار! كەسپىي داشۆنىڭ ئىللىق قوينىدا ئۈرۈمچىلىك قىزلاردىن قېلىشماي ئېسىل يۈرەتتۇق. ئەتراپىمدىكى ئوغۇللارنىڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن بېقىشلىرى... ئاخىر ئالماس ئۇتۇپ چىقتى. تۇنجى قېتىم تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزگەندە ئۇ ماڭا قىممەت باهالىق بىر زەنجىر سوۋغا قىلغانىدى، سوۋغاتنىڭ قېتىغا باغاقچە قىستۇرۇپ، قەغەزگە ئىنگلىزچە مەن سىزنى سۆيىمەن دەپ يېزىپ قويغىنىنى ئويلىسام هازىرمۇ هاياجانلىنىمەن. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ پىۋىنى جىق ئىچىپ، مېنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق

سۆيگەندى. شۇ ۋاقىتتىكى شېرىن مىنۇتلارنى مەن مەڭگۈ
ئۇنتۇمايمەن. ئاخىرقى يىلدا مەن ئۆزەمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىۋېتىپ
تۈگىمەس پۇشايماندا قالدىم. لېكىن بۇ يەردىكى قىزلار بۇنداق
ئىشنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمەيتتى، بولار ئىش بولدى دەپ
ھاملىسىنى ئالدۇرۇۋېتىپ يۈرۈۋېرەتتى ھەم قايتىدىن يىگىت تاپاتتى،
كونا مۇھەببىتىنىڭ ئۆچىنى يېڭىسىدىن ئالاتتى. مەن ئۆزۈمگە چىڭ
بولالمىغىنىمغا ئۆكۈنسەممۇ ئورنىغا كەلمەيتتى، قىزلار ئۈرۈمچىلىك
بىلەن ئارىلاشما دېسە ئارىلىشىپ، ھېسسىياتىمغا بېرىلىپ
كېتىپتىكەنمەن، قىز بالا دېگەن راست ئاجىز بولىدىكەن. ئالماس
ئاخىر ۋاپاسىزلىق قىلدى، ئۈرۈمچىدىمۇ قالالمىدىم. ئاخىر بار
دەسمايىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك سالپىيىپ ئۆيگە يېنىپ
كەلدىم. نېمە بولسا بولدى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈۋالدىم، ئويۇن
كۈلكىلەر كەينىمدە قالدى.

مەن كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي دادام تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. بۇ
ئۆيگە گويا مەن شۇملۇق ئېلىپ كەلگەندەك، يامان ئىشلىرىمنى
دادامنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈپ كەتكەندەك
ئويلاپ قېلىپ، نەچچە كۈن پۇشايماندا يىغلاپ، ئاخىر ئۆزەمگە
تەسەللىي بەردىم.

دادام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئاپام تېزلا ئۆزگىرىپ قېرى
بوۋىمگە ئايلىنىپ، غوجامنىياز ئاخۇننى ئىزدەپ بارىدىغان غەلىتە بىر
قىلىق چىقىرىۋالدى، كېيىن ئەلچى كەلگەندە ئىشنىڭ ئەمدى بۇ
دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاچچىقىمنى باسالماي قالدىم. مەن
دادام-ئاپامنى كىچىكىمدىنلا چوڭ بىلەتتىم، مەھەللىدىكى خەقلەرمۇ
ئاپامنى كۆرسە ۋاي خانىم دېسە خانىم دەپ ھال ئەھۋالى قالمايتتى.
ئۇنىڭ غوجامنىياز ئاخۇن بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشى ئىنتايىن
كۈلكىلىك بىر ئىش ئىدى؛ خەقلەرنىڭمۇ تۇۋا دەپ بىزنى زاڭلىق
قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئاپامنىڭ نېمىشقا ئۇنداق ساراڭدەك

غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچ ئۇققىلى بولمايتتى. بىر تۇرۇپ غوجامنىياز ئاخۇن ئاپامنى باخشىمغا ئۆگىتىۋالدىمىكىن دەپمۇ ئويلايتتىم.

مەن كىچىكىمدىن يېزىدا ئۆسكەن بىلەن كادىر ئائىلىسىدە چوڭ بولغاچقا ئېتىزغا بېرىپ ئەمگەك قىلىپ باقمىغانىدىم. پىژغىرىم ئاپتاپ ياكى قەھرىتان سوغۇقتا غىڭ قىلماي ئىشلەيدىغان، ھاشارغا بارىدىغان ئاشۇ جۇلدۇر كىيگەن دېھقانلارنى كۆرسەم، ئۇنچە جاپا چەكمەيمۇ باياشات ئۆتۈۋاتقان ئائىلەمدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كېتەتتىم. لېكىن دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئائىلىمىزنى غېرىبلىق باستى. ئاپاممۇ بۇ ھالدا ياتىدۇ، ناۋادا ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتسە بۇ يەردە مائاش ئېلىپ يالغۇز ياشىغىنىمنىڭ نېمە مەززىسى؟!

ئېچىمدە ھەسرەت كۆچىيىپ كەتتى، ياقۇپ دېگەن تۆگكۈزنىڭ قىلغانلىرىنى ئويلىسام خورلۇقتىن ۋۇجۇدۇم تىكەنلىشىدۇ. باشلانغۇچتا بىز بىر سىنىپتا ئوقۇغاندا ئاپام سىنىپ مەسئۇلى بولغاچقا، ماڭا ئارتۇقچە ھاكاۋۇرلۇق قىلالمايتتى، ئەمما باشقا بىچارە قىزلارنى دائىم بوزەك ئېتىپ ئوينايتتى، مەن بېرىپ ئاپامغا چاقاتتىم، ئاپام ئۇنى تەنقىتلەيتتى، ئۇ ئاندىن ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەندى، كېيىن چوپچوڭ بولغاندىمۇ ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۆزگەرمىدى، ياۋايىلىقى چىرايىدىنلا چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى زادىلا ياراتمايتتىم. ئۇ تېخى مېنى چوقۇم ئالىمەن دەپ يۈرۈپتىكەنمىش، مەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن ئۇنى بىر رەزگى چىۋىن قاتارىدىمۇ ئەسلەپ قويمىدىم. قايتىپ كەلگەندە قارىسام ئۇ بىر خوتۇن ئېلىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئاپام تېخى نومۇس قىلماي ماڭا ئۇ تازنى سايە قىلىپ بېسىم ئىشلىتەتتى، ”چاققان ئەرگە تەگ، ئەرگە تەگمىسەڭ نېمە ئىش قىلىسەن، مەشەدە ئوي-ئوچاقلىق بولماي نەگە بارىسەن؟“ دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. پەرىزىمچە ئۇ ئۆزى غوجامنىياز ئاخۇنغا تېگىپ، بالىسىغا مېنى ئېلىپ بەرمەكچى ئىدى، مەن

شۇنىڭدىن كېيىن ئاپامغا ئۆچ بولۇپ قالدىم، ئەلچى كەلگەندە خېلى ياخشى ئۆيدە بولۇپ قاپتىكەنمەن، قاتتىق گەپتىن ئىككىنى قىلىپ كەسكىن رەت قىلىۋەتتىم. مەرھۇم دادامنىڭ ئىززىتىنى ساقلىماي قېرىغاندىمۇ ئەرگە تېگىمەن دەپ يۈرۈش نېمىدېگەن نومۇس ئىش-ھە! ئاپام ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسا مەن بۇ ئۆيدىن چوقۇم قېچىپ كېتەتتىم. ئاتىسىنىڭ ئاپام بىلەن نىكاھلىنىش ئارزۇسى سۇغا چىلاشقاندىن كېيىن ياقۇپ يولدا ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا كۆزۈمگە چەكچىيىپ، ئىتتەك ھۈرپىيىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ماڭا قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ تۇرسامۇ، قېنى نېمە قىلالايتتى، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ يۈرۈۋېرىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئەمما ئۇ قارا تازنىڭ ھەر كۈنى مېنى پايلاپ، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەنلىكىنى نەدىن بىلەي! ئاپامۇ شۇ ئىشقا مېنى بۇيرۇغىنىدىن ئۆلگىچە پۇشايماندا قالىدىغان بولدى. شۇ كۈنى ئاپامنىڭ يىغىسىغا چىدىماي قويلارنى ئوتلىتىپ كېلىشكە ماڭدىم. قويلارنى مەكتەپ بېغىغا سولاپ قويۇپ ئۆزەم ياتىقىمغا كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىپ چىقسام قوي باغدا يوق، باغنىڭ تېمى تازا پۇختا ئەمەس ئىكەن، قويلار بىر يوچۇقتىن قېچىپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ. قويلارنى ئەمدى موشۇ خالىي يەردە ئوتلىتىپ بىر دەم ھاۋالىناي دەپ ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋېرىپتىمەن. ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ كېتىپتىكەن، قويلار شۇ يەردە ئوتلاۋېتىپتۇ. كەچكى قۇياش نۇرى تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن چۈشۈپ تۇراتتى. ئەتراپ پۈتۈنلەي جىمجىتلىق، مەن بۇ مەنزىرىسى چىرايلىق، خىلۋەت يەرگە بۇرۇن كېلىپ باقمىغانىدىم، ئۆپچۆرەمگە تويماي قارايتتىم. ئورمانلىقتىكى مەخمەلدەك ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە يېتىپ بىر دەم كۆزنى يۇمۇپ يېتىۋالسا نېمىدېگەن راھەت-ھە، كېيىملەرگىمۇ ئوت يۇقۇشۇپ قالمايدىكەن. قويلارنىڭ قاچمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئوت-چۆپنىڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتىم، ئارامخۇدالىق ئەسلى بۇ

يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ! مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇرۇمچىدىكى مەكتەپ چىملىقلىرىنى خىيال قىلىپ، ئالماسنى ئەسلەپ، شېرىن خىياللارنىڭ پەيلىشى بىلەن تېزلا ئۇيقىغا كېتىپتىمەن. بىر چاغدا قاتتىق چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم... ئۇستۈمنى بىر ئېغىر گەۋدە بېسىۋالغانىدى؛ ياقۇپ قارا تازنىڭ ئاچكۆز بۆرىدەك بەدبەشىرە چىرايىنى كۆرۈپ مېڭەمدە بومبا پارتىلىغاندەك دەھشەتكە چۆمدۈم. ئۇ قىلىدىغىنىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن:" بەك كەچ بولۇپ كەتتى، قويىسگىزمۇ قېچىپ كەتتى. قاراڭغۇدا ھېلى تاپالماي يۈرىسىز، قوپۇڭ، ئىزدىشىپ بېرەي" دېدى. بايا بولغان ئىش خۇددى بىر قورقۇنچلۇق چۈشتەك، قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتقىنى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئاۋازىدەك تۇيۇلدى، ئورنۇمدىن قوپۇپلا ئۇنىڭ زاڭىقىغا ئىككى تەستەك سالدىم، ئۇمۇ مېنى ئۇردى، ئاندىن قولۇمدىن قايرىپ كۆزۈمگە تىراپ:

— سىز قىز ئەمەسكەنسىز، لېكىن مەن سىزنى ھامان ئالىمەن. خەققە بۇنى دېمەيمەن. ئىككىمىز توي قىلىپ ياخشى ئۆتۈپ كېتەيلى، — دېدى.

مەن تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ:

— سەندەك قاسماققا خوتۇن بولغىچە ئۆزەمنى ئۆستەڭگە تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن! — دېدىم ۋە قولۇمنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجرىتىپ، دەرمانسىز پۇتۇمنى سۆرەپ، قويىنى ئىزدەپ ماڭدىم. شۇ تاپتا ئۇنى چاينىۋەتكۈدەك ئۆچ بولۇپ كەتكەنىمنى ئويلاپ، ئۆيگە بېرىپلا دادامنى ئەسلەپ، خورلۇقتىن يۈرىكىم پۇچىلىنىپ يىغلاپ تاشلىدىم، ھەممە دەردىمنى ئاپامدىن ئالدىم.

شۇندىن كېيىن ياقۇپ بۇ مەھەللىدە كۆرۈنمىدى، ئېھتىمال ئاپامدىن قېچىپ شۇنداق قىلدى؛ كۆڭلۈم ئارامغا چۈشتى. بىر كۈنى ئاتىسى تەيتارتماستىن ئاپامنى ئىزدەپ دوقۇرۇپ كىرىۋەردى، بالىسىدىن ئالالمىغان دەردىمنى ئاتىسىدىن ئېلىپ تازا دۆشكەللىدىم، سەتلىدىم. بۇنىڭغا ئاپام چىدىماي قالدى، زەردەم تېخىمۇ ئۆرلىدى.

ئاپامنىڭ ئاشۇ ئۆلۈمتۈك قىرىغا يەنە ئىچ ئاغرىتىپ كېتىشى، بالىسىنىڭ ماڭا قىلغان كەچۈرگىسىز ئەسكىلىكىنى ئويلاپ قويماسلىقى ماڭا قايتا ئازار بولدى، ھەممىدىن ئۈمىدسىزلەندىم.

غوجامنىياز ئاخۇننىڭ ئۆلۈمىگە خۇددى مەن سەۋەبچى بولغاندەك، ئاغرىق ياتقان بۇ ئاپام مۇشۇ كەمگىچە ماڭا ھېچ ئىللىق چىراي ئاچمىدى، جىمجىتلا ياتاتتى، ئويغاق ياكى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. دوختۇرخانىغا ئاپاسام دوختۇرلار كېسەلنى روھىي جەھەتتىكى مەسلىگە تاقىدى. ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە، ئاپامنى سودا-سېتىققا سېلىپ قويسام دەسمايە بولمىغاننىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزى ئۇنىمايتتى، شەھەر ئايلىنىپ ساياھەت قىلىپ كېلەيلى دېسەم يا ماقۇل دېمەيتتى، خۇددى زۇۋاندىن قالغاندەك لام-جىم دېمەي تۇرۇۋالاتتى؛ ئاخىر بولماي بازارغا ئەچىقىپ، ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرىپ، كىنوغا ياكى سەنئەتكە ئەكىرىپ، كۆڭلىنى ئانچە-مۇنچە خۇش قىلدىم. بىر بازار كۈنى كەچتە كىنوخانىدا پاكىستاننىڭ«مەڭگۈلۈك مۇھەببەت»دېگەن كىنوسىنى قويىدىكەن دېدى، كەنت-كەنتلەردىن دېھقانلار كىنوخانىغا ئاقتى. مەنمۇ ئاپامنى ئېلىپ كىرىپ كۆردۈم، ئاپام كىنونىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. شۇندىن كېيىن كىنوغا ئاپىراي دېسەممۇ زادىلا ئۇنىمايدىغان بولدى.

ئاپام كۈندىن كۈنگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. "بالام، ئۆلۈم ساڭمۇ كېلىدۇ، ئەتىگەندە بىرەر ۋاق ناماز ئوقۇپ قوي" دەيتتى. ئېغىزىمدا ماقۇل دېسەممۇ، كۆڭلۈمدە مەنمۇ سىزدەك قېرىغاندا ئوقاي دەيتتىم. ئاپام يەنە كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سېنىڭ تويۇڭنى كۆرسەم، بولسا بىر نەۋرە كۆرسەم دەپ كۆزىگە ياش ئالاتتى. بېشىمغا بىر غەم چۈشتى. خېلىدىن بېرى پېيىمدا يۈرگەن ئەخمەت دەپ بىر ئەپەندى بار ئىدى. بازارغا بىر ئىش بىلەن بېرىپ قالسام ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىلا مېنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئالدىمدا پەيدا بولۇپ،

قىزغىن ئەھۋال سوراپ، يېقىنچىلىق قىلىپ كېتەتتى. چىراي شەكلىمۇ خېلى تۈزۈك، مىجەزىمۇ بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئاپام ئۈچۈن بولسىمۇ دەپ ئۇنىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم. تويىمىز بەك ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ قەدىر ئەھۋال ئۆتتى. مېنىڭ بارچە غېمىم توي كېچىسىدە قالغاندى، دېگەندەك بۇ كېچە تولىمۇ قورقۇنچلۇق كېچە بولدى. ئەتىسى كەچتە ئۇ ھاراق ئىچىپ كېلىپ مەن بىلەن جېدەللەشتى، مەنمۇ تەڭ تۇردۇم، ئۇ مېنى "جالاپ" دەپ تىللىدى، مەنمۇ ئۇنى "پاھىشۋاز، سېنىمۇ كىم پاك دەيدىكەن" دېدىم. ئىككىمىز خېلى ئۇرۇشتۇق، ئاخىر مەن يىغلاپ ئاپامنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدىم.

ئۇزۇنغا قالماي ھۆكۈمەت مېنى رەسمىيلەشتۈردى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ خىزمەتكىلا كىرىشىپ كەتتىم، ئاپامدىنمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇردۇم. ئاپام بارغانچە جۈدەپ، تۆگىشىپ كېتىۋاتاتتى، دوختۇرخانىغا ئاپىراي دېسەم ئۇنىمايتتى،" تېنىمدە كېسەل يوق، نېرۋام ئاجىز، بۇنىڭغا داۋا يوق" دەپ تۇرۇۋالاتتى. بىر كۈنى پۈتىنى تۇتۇپ ئولتۇرسام ئاپام "خارت" قىلىپ ئېغىر تىنىدى، چۆچۈپ چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ يۈزى ياداپ، ياغاچتەك بولۇپ قالغان، كۆزى بولسا جىن چىراغتەك ئاجىز پىلىلداپ تۇراتتى، نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇققىلى بولمايتتى. كاللام ۋەھىمىدە قالدى، تىترەۋاتقان قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭ بوۋاقنىڭ پۇتىدەك كىچىكلەپ كەتكەن، ئورۇق، ئاۋاق پۇتىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتىم. شۇ ھالدا كەچ كىرىپ تالانى قاراڭغۇلۇق باستى. ئاپامدىن سەل نېرى بولسام ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپ ئۇنىڭ يېنىدىن قوزغالمىدىم.

— قىزىم بېرى كەل، يېقىن كېلە — دېدى ئاپام بىر چاغدا تاياقتەك قولىنى ماڭا سوزۇپ. مەن ئۇنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقان قولىنى مەھكەم يېقىپ، ئۈنسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدىم.

— يىغلىما، قىزىم، يىغلىما، — دېدى ئاپام تۇرۇسقا قاراپ يېتىپ ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا، — قۇچاقتىكى ۋاقتىڭدىمۇ... ساڭا شۇنداق دەيتتىم. ئانامۇ سەكرات ئۈستىدە ماڭا شۇنداق دېگەنىدى... بىز شۇنداق يىغلاپ ئۆتىدىغان ئوخشايمىز. مەنمۇ ئەمدى داداڭدەك رەھمەتلىك بولۇپ كېتىمەن، ئۇ دۇنياغا... كېتىپ قالىمەن... تالادا يامغۇر يېغىۋاتامدۇ نېمە، دەرىزىنى يېپىۋەتكىن، ئۆيگە شامال كىرمىسۇن... قىزىم، يالغۇز قالىدىغان بولدۇڭ، ئەمدى تولا تارتىشماي... ياخشى ئادەمدىن بىرنى تېپىپ تۇرمۇش قۇرۇۋالغىن... بۇندىن كېيىنكى ئۆمرۈڭنى ئويلا... ئاخىرەتلىكىڭنىمۇ ئويلاپ قويغىن...

ئاپامنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى. مەن يەنە ئۈنسىز ياش تۆككىنىمچە ئاپامنىڭ قولىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپ، پۇتىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتىم. يامغۇر دەرىزىگە چاچراپ چۈشكىلى تۇردى. كۆزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېغىۋاتقان بۇ يامغۇر ئەمدى غازاڭ پەسلىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. توسۇۋالغۇسىز بىر مۇسىبەت ۋە مەن ئىلگىرى ھېس قىلمىغان بىر خىل غېرىبلىق ھەم قورقۇنچ ئەزرائىلنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئاپامنىڭ پۇتى بارا-بارا مۇزلاپ قېتىپ قالدى، قولۇممۇ بۇ سەزگۈدىن ياپراقتەك تىترەپ، يۈرىكۈم شىددەتلىك سوقۇپ كەتتى. ئەلەڭلەپ كەتكەن كۆزۈم ئاپامنىڭ ئاشۇ ئارمانسىز ياكى ئارماندا يۇمۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۆزلىرىگە، چۈشۈپ كەتكەن ئېڭىكىگە، سوغۇق قېتىپ قالغان چىرايىغا تىكىلگەندە ھەسرەت-نادامەتلىرىم بىراقلا پارتىلاپ، يۈرىكىم ئېزىلىپ، ۋۇجۇدۇم ئۆزىنى يوقاتتى. ئاپامنىڭ نەملىشىپ قالغان شالاڭ، ئەمما قايرىما كىرپىكلىرىگە، چىڭ يۇمۇلغان نېپىز لەۋلىرىگە قاراپ، بۇ نۇرانە سىمانىڭ تۇپىغا كۆمۈلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ھېچ ئىشەنمەي ھەم قىيالماي ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدىم.

## 4

**ياقۇپ:**

ياسىن گاچىنىڭ ئۆيىدە قىمار ئوينىسام تەلىيىم بەك كېلەتتى، ھوشۇقۇم ئالچۇ چۈشەتتى، قەرت ئوينىسامۇ ئۇتاتتىم. ياسىن نىزا، قادىر قاغدالما، سۇلايمان قىزىل كۆز، سەمەت پاخشەكلەرنىڭ ئاشلىق ساتقان پۇللىرىمۇ ئاخىر چۆنتىكىمگە چۈشۈپ بولدى. مەيدەمنى تازا كېرىپ، ياسىن گاچىنىڭ چىراغ پۇلىنى بېرىپ ئۆيگە ماڭسام، چىدىماسلار كەينىمگە كىرىپ، چوتا قېنى دەپ ئۇششۇقلۇق قىلغىلى تۇردى. كەينىمگە بۇرۇلۇپلا سەمەت پاخشەكنىڭ بۇرنىنى تۈزلىۋېتىپ يەنە ماڭسام، سۇلايمان قىزىل كۆزمۇ ”ئاناڭنى...“ دەپ غۇدۇرىغاندى، غەزىۋىمگە پايلىماي بېرىپ بىرنى قويىۋىدىم، كۆزىنى تۇتۇپلا قالدى، قاپىقى يېرىلدىمۇ ياكى كۆزى قويۇلۇپ كەتتىمۇ، ئۇقمىدىم. رەھمەتلىك ئاپام ئۆلۈپ كەتكىلى تېخى ئۇزاق بولمىدى، يېتىملىكنىڭ دەردىنى تارتىمەنمۇ يا بۇ خوتۇندىن قورقىدىغان خوتۇن تالاقلارنىڭ ئىزاسىنى ئىشتىمەنمۇ!

شۇ جېدەلدىن كېيىن ياسىن گاچىنىڭ ئۆيگە ئىككىنچى دەسسىمىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي كەپتەرلىرىم بارا-بارا ئازلاپ كەتتى، ئاشۇ گۇيلار قىلتاق قۇرۇپ تۇتۇۋالدىمىكىن دېدىم. قىماردىن، كەپتەردىن ئايرىلىپ، ھېچ ئىش خوش ياقمىدى، كەتمەن چېپىشتىنمۇ زېرىكتىم؛ ھاشارغا بارسام ئالۋاڭنى گالۋاڭ قىلىپ كېلەتتىم. قاتار تامنىڭ ئالدىدا خەق بىلەن كەچكىچە گەپ سېتىپ ئولتۇرۇشمۇ خوشياقمىدى. خوتۇن سېغىنىپ كەتتىم، توختىخان خانىم قىزنى بەرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشى كۆيئوغۇل بولۇپ، خىزمىتىنى ياخشى قىلاتتىم، بىراق قىزى بىزنى ياراتماي ھەممە ئىشنى بۇزدى. بۇرۇن ئۇنچە ئەمەس ئىدى، ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇپ كېلىپلا ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى. ئۇ چىرايىغا بەك تەمەننا قوياتتى، دېمىسىمۇ

ئۇنىڭ يۈزى كالا سۈتىدەك ئاق، كۆزى يېڭى تۇغۇلغان موزاينىڭ كۆزىدەك چىرايلىق ھەم قاپقارا، لەۋلىرى جىنەستىدەك، بەللىرى تەمەچتەك بولۇپ، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. خوتۇنۇمنى قويۇۋەتكەن بولسامۇ ئۇنىڭ بىلەن قوناقلىقتا مەخپىي ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق، روشەنگۈلنىڭ كۆيۈك ئوتى يۈرىكىمگە تۇتاشقاندىن كېيىن ئۇنىمۇ ئانچە ئىزدىمەيدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ھاشاردىن كەلسەم ئىشەكنىڭ قارنى توق، كالا-قويلارنىڭ قورسىقى چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئاتام ئىشەكنىلا ئەتىۋارلاپ، باشقا ئۇلاغلار بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى. مەن بۇ قورسىقى ئاچ جانىۋارلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنى قوتاندىن چىقاردىم. توپاقنى مىنىپ، قويلارنى ئالدىمغا سېلىپ ھەيدەپ، دادۈينىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى كەگرى ئورمانلىقىغا ماڭدىم. قوينى ئورمانلىققا قويۇۋېتىپ، كالىنى يېتىلەپ ئىچكىرىلەپ كىرسەم روشەنگۈل بىخارامان ئۇخلاپ كېتىپتۇ، قويلىرى بىر چەتتە ئوتلاۋېتىپتۇ. بۇ خېنىم ئوگدا يېتىپ قوي باقىدىكەن-ھە! كۆيۈكىدە ئاھ دەپ تولغىنىپ، ماڭا تەگمىگەندە خەپ دەپ ئىچىمدە مىڭنى تىللاپ يۈرگەن بۇ نايناق ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمغا كېلىپ ساغرىسىنى چىقىرىپ ياتاتتى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. مەن نىيىتىمنى بۇزدۇم، نەچچە ۋاقىتتىن يۈرىكىمنى غاجاپ كەلگەن بۇ سەتەڭنى خۇددى مىجىپلا ئۆلتۈرۈپ قويغىلى بولىدىغان يۇمشاق قۇرتتەك كۆردۈم، ھېچ ئىككىلەنمەيلا بېرىپ ئۇنى بېسىۋالدىم، يۈرىكىم ئالەمچە يايراپ كەتتى. كۈچلۈك بىر تەقەززالىق جېنىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋاتاتتى، بېشىم ھاياجاندىن پىقىراپ ئايلىناتتى. ئۇ كۆزىنى شۇنداق ئېچىپلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ تاتىرىپ، ھاسىراپ ھالى قالمىدى، پۇت-قولىنى قىمىرلىتىپ باقتى، خېلى تىپىرلاپ باقتى، كۆزىنىڭ شوۋىسىنى ئېقىتىپ يىغلىدى، ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىدى، ئىشقىلىپ

ھەممىنى قىلىپ باقتى، دەرمانى يەتمىدى؛ ئاخىر قىسماققا چۈشكەن قۇشقاچتەك مىدىر-سىدىر قىلالمىدى. مەن ئىچىمدە، چوكچىلىق قىلغىنىڭغا تويە، دېدىم. ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىگە دېگەندەك ئىشەنمەيتتىم، ئەمەلىيەتتىمۇ ئويلىغىنىمدەك بولدى. بۇنى ئۆزىگە دېسەم چىچاڭلاپ سەكرەپ كەتتى، زاڭقىمغا ئىككىنى سالدى، مەنمۇ تەستەكتىن بىرنى قويدۇم. مەن ۋاي دەپ يۈرگەن قىز ئەمەلىيەتتە قىزلىقىنى يوقاتقان، تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال بىر نېمە ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ماڭا تېگەرمىكىن دەپ گەپ قىلىپ باقسام تېخى مېنى يەنە ياراتماي، جاھىللىق قىلىپ زادىلا ئۇنىمىدى؛ ماڭا تەھدىت سېلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ يىغلاۋەردى، ئاچچىقىمدا بىرىپلا ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كەلدى، ئەمما ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم، بىزنىڭ مەھەللىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئېتىلىپ كەتكەن ئادەم چىقىپ باقمىغان، ھەممە ئادەم خۇدادىن قورقىدۇ. بىراق مەن تېرىغان بۇ ئىشمۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇ يىغلاپ ئۆيىگە بارسا توختىخان خانىم چوقۇم سورايدۇ، بۇ بىرىپ دېمەي قالمايدۇ. خانىم بىرىپ ئاتامغا دېسە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن؟! بۇ ئىشنى مەھەللە كوي ئاڭلىسا، سۆز-چۆچەك مەھەللىمۇ مەھەللە تارالسا بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك! ئۇرۇمچىدە ئوقۇپ خەققە قىزلىقىنى بېرىۋېتىپ كېلىپ ئەرگە تېگەلمەي يۈرگەن بۇ خېنىم قىز سۈرەتلىك جىن بولۇپ ئالدىمغا كېلىپ يېتىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەندەك قىلىپلا مېنى قارا باستۇرۇش ئۈچۈن بۇ ئېزىتقۇ ئويۇننى ئويناپ چىقتىمۇ يا! بايا بولغان ئىشقا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەي ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ قويىنى ئىزدەپ، كۆينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ، ماڭقىسىنى تارتىپ يىغلاپ كېتىۋاتاتتى.

مەن ئۆزەمنى خېلى يۈرەكلىك دەپ ئويلايتتىم، ئوغۇل بالا قىلغان ئىشقا پۇشايمان قىلماسلىقى كېرەك دەيتتىم. ئەمما بۇ نۆۋەت ئاقىۋىتىمدىن ئەنسىرەپ كەتتىم، توختىخان خانىمغا ھۆرمىتىم چوڭ

ئىدى، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەسلىكىمنى ئويلىغانچە قورقۇنچلۇق خىياللارنى تولا قىلىپ پۇتۇمدا جېنىم قالمىدى، ئۆيگە ئاران كېلىۋالدىم، دەككە-دۈككىدە كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم . تاڭ يورۇغان ھامان توختىخان خانىم قىزىنى يېتىلەپ ئالدىمغا ئەكىلىپ يۈزۈمگە تۈكۈرۈپ رەسۋا قىلىدىغاندەك، ئاتامۇ ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىزلىكنى كۆتۈرەلمەي تۇرغاندا مېنى تىللاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغاندەك بىلىندى. شۇڭا تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋال، ئاتام نامازغا قوپماستىلا بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەلدىم. بۇ يەردە قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىدەك بىر خىللا ياشاشتىن زېرىكىپ كەتكەنىدىم؛ يېنىمدا كىملىكىم، يانچۇقۇمدا پۇلۇم تۇرغاندىكىن، ياقا يۇرتلارنى، چوڭ-چوڭ شەھەرلەرنى بىر ئايلىنىپ كېلىشنى بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئەمدى پۇرسەت كەلدى، لېكىن ئاتام يالغۇز قالىدىغان بولدى؛ يالغۇزمۇ قالماس، ئىمامنىياز، مونىياز ئاكىلىرىم بار، توختىخان خانىممۇ تېخى ئەقلىنى تاپسا ئويلىمىغان يەردىن قىزىنى ئەيىپلەپ، ئەرگە تەگ دېسە ئۇنىمايسەن، يا مېنى تەگكىلى قويمايسەن، مانا ئەمدى خوپ بولدىمۇ، سېنى ئەمدى ئەر ئالمايدۇ؛ ياقۇپ يوقالدى، ئەمدى مېنى ئاتىسى بىلەن بىللە ياشىغىلى قوي دەمدۇ تېخى... ئىشقىلىپ يۇرت-مەھەللە، قوشنا-قولۇم بولغاندىكىن ئاتامۇ يالغۇز قالماس. مەنمۇ بىرەر يىل جاھان چۆرگىلەپ، بۇ ئىشنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلگەندە كېلەي. بۇ چاغدا روشەنخانمۇ ئېھتىمال نەچچە خوتۇننى يولغا سالغان بىرەر كادىرغا تېگىپ تۇرار، توختىخان خانىممۇ قېرىپ ئۇنتۇغاق بولۇپ، ئۆلۈمنىڭ قايغۇسىدا قالار...

شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن يانچۇقلىرىمدا بار پۇلنى جەملەپ باقتىم، ئاران 160 كوي چىقتى. بۇ پۇل بىلەن ھازىرقى كۈندە ئۈرۈمچىگە بارغىلى، بىرەر ئىش تاپقىچە ئۇنىڭ-بۇنىڭغا خەجلىگىلى يەتمەيتتى. ئۆيدە مال-چارۋىدىن بۆلەك پۇلغا يارىغۇدەك بىر نېمە يوق ئىدى. بۈگۈن بازار كۈنى بولغاندىكىن كالىدىن بىرەرنى ئېلىپ

چىقىپ ساتسام خېلى جىق پۇلغا يارايدۇ، توپاقنى ساتاي، بازارغا بارغۇچە يەنە خېلى يول ماڭىدىغان گەپ، تاڭ يورۇغىچە بۇ مەھەللىدىن چىقىپ كېتەي دەپ ئويلاپ دەرھال ھەرىكەتلەندىم. قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، توپاقنى باغلاپ چىقتىم، تەستىرەك ماڭدى، يولغا ئېلىپ چىقىپلا بىر ئارتىلىپتىكەنمەن، توپاق چىچاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى، قولۇمدىكى تاياق بىلەن ئۇرىۋەرسەممۇ توختىمىدى، ئاخىر قاتتىق بىر چىچاڭلاپ مىنى يەرگە ئېتىۋەتتى، يوغان ئادەم يەرگە يىقىلسا بەك قاتتىق چۈشىدىكەن، سۆڭگۈچۈمنى سىلاپ ئورنۇمدىن قوپۇپ، توپاقنىڭ باش-كۆزلىرىگە غەزەپ بىلەن ئۇرىۋەردىم، قولۇمدىكى تاياقمۇ سۇنۇپ كەتتى. بىر چاغدا قارىسام بىچارە كالىنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققىلى تۇرۇپتۇ، بۇ جانىۋار ھەقىچان غەرىزىمنى بىلىۋالدى. ئۆزىنى كىچىدىكىن باققان ئاتامغا تارتىشىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئىچىم ئاغرىپ، قوتانغا قايتا سولاپ قويدۇم. ئۆيدىن ھېچنېمە ئالماي، تەۋەككۇل دەپلا بازارغا يۈرۈپ كەتتىم.

ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ئاپتوبۇس بۇ كۈنى ماڭمىغاچقا، ئاۋۋال ئاقسۇ شەھىرىگە بېرىپ، ئاندىن ئاپتوبۇس ئالماشتىم. سەپەردە تاماقنىڭ ئورنىدا نان، سامسا، تۇخۇم يەپ، يېنىمدا بار پۇلنى تېجىدىم. قىماردا ئۇتقان پۇللىرىمنى ئۆتكەن بازاردا بۇزۇپ-چاچمىغان بولسام ئەمدى ئەسقېتىپ قالاتتىكەن، ھېلىھەم بولسىمۇ ئازراق قاپتىكەن، ئەسقاتتى. پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، قولنى ھەر باپ بىلەن ئۇۋۇلاپ تۇرساقلا كىر دېگەن چىقىۋېرىدۇ. مەن بۇنىڭدا ئۆزەمگە ئىشىنەتتىم.

ئۈرۈمچىگە بارغىچە قاقاسلىقتا جىق مېڭىپ كەتتۇق. يولدا بىرەر ئادەم بىلەن تونۇشۇۋالارمەن، چىقىشىۋالارمەن دېسەم ھەممە خەق ئۆزىگە بىردىن ھەمراھ ئېلىپ ماڭغاندەك قىلاتتى، تاماقتىمۇ، پاراڭدىمۇ، ھەتتا ئۇيقىدىمۇ بىللە بولاتتى، باشقا ھېچكىم بىلەن كارى

بولمايتتى. مەن ئەڭ ئارقىدىكى ئورۇندۇقتا گېپىمنى ئانچە-مۇنچە ئۇقىدىغان بىر خەنزۇ يولداش بىلەنلا ئاندا-ساندا پاراڭلىشىپ ماڭدىم. ئۇ ئۆرۈمچىگە بىرەر جىددىي ئىش بىلەن ماڭغاندەك قىلاتتى، تۇرقىدىن سىلىق-سىپايىلىكى چىقىپ تۇراتتى. تۆت يىل ئاۋۋال بىزنىڭ مەھەللىدىكى ياسىن گاچىنىڭ ئوغلى شار-تانىغا چاچ، خاشو تېگىشكىلى كەلگەن بىر خەنزۇ مەدىكارنى دائىم بوزەك قىلاتتى، تانىلىرىنى تارتىۋالاتتى، شارلىرىنى پۇدەپ ئېتىۋېتەتتى، ھەددىدىن ئېشىپ ئۇ بىچارىنى تېخى ئۇرۇپ كەتسە، بىز ئارىغا چۈشۈپ ئاجرىتىۋالاتتۇق. ئۇ مەدىكار ۋەلسىپىتىنى قويۇندەك ھەيدەپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن خەقلەر ياسىن گاچىنىڭ بالىسىغا، ھەي قۇلاق كەستى، ئۇنى بىكارلا ھەيدىۋەتتىڭ، بىزنىڭ يەنە تېگىشىدىغان نەرسىلىرىمىز بار ئىدى، دەپ خۇرسىنىپ قويۇشاتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان بۇ خەنزۇ يولداش دەل ئاشۇ مەدىكارغا ئوخشايتتى. ھازىر ئۇنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، مىنىمۇ پەقەت تونۇيالماي قالغانىدى. مەن ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى بۇ يولداشنىڭ ئېسىگە سالغۇم كەلمىدى، سەپەردە بۇنچىلىك ھەمراھنىڭ چىقىپ قالغىنىمۇ مەن ئۈچۈن چوڭ ئىش ئىدى.

ئۆرۈمچى ھەقىقەتەن كاتتا شەھەر ئىكەن. ئاسمان پەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار ئېسىلىپ تۇرغاندەك، ھازىرلا يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كوچا ئايلاندىم. ئادەملەر، ماشىنىلار بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ كەتمەي مېڭىشاتتى، ھەممە نەرسىگە ھاڭۋېقىپ قالدىم، مانا بۇ مەن بىر كۆرسەم دەيدىغان ئۆرۈمچى، مانا بۇ روشەنگۈلنى ھالى يوغان قىلىۋەتكەن ئۆرۈمچى...

مەن بىر كۈن لاغايلاپ يۈرۈپ ئاخىر بىر ئاشخانىدىن ئىش تاپتىم. خوجايىن ئاق پىشماق كەلگەن سالاپەتلىك بىر تۇڭگان بوۋاي ئىدى. ئاشخانىدا غېنى دەيدىغان مەندىن كىچىكرەك بىر ئاشپەز بالا

بار ئىدى. مەن دەسلەپتە قاچا يۇيدۇم، ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئالدىم، جوزا سۈرتتۈم، خېرىدار كۈتتۈم. يۈگۈر-يېتىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا يۈكلەنگەن بولسىمۇ ۋايىسماي ئىشلىدىم. مېنىڭ ئېڭىكىمگە ئاران تاقىشىدىغان ئۇ ئاشپەز بالا سەي قورۇشقا ئۇستا بولغاچقا ئېغىر، پاسكىنا ئىشلارنى قىلمايتتى، ئايدا ئالىدىغان پۇلىمۇ مېنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. شۇنىڭغا قاراپ ھۈنەر دېگەنمۇ قالتىس نېمىكەن دەپ قالدىم. بىكار بولساملا ئۇنىڭ قولىغا قاراپ، سەي قورۇش، بازىمەن سوزۇش ئۇسۇلىنى ئۆگەندىم. كۆپ ئۆتمەي خوجايىن مېنى بىلىكىمگىدە كۈچۈك بار ئىكەن دەپ بازىمەن سوزۇشقا سالدى، ئورنۇمغا خېلى ئىسكەتلىك بىر خەنزۇ قىزنى سەپلىدى.

ئۈچ ئايدەك ئوبدان ئىشلىۋىدىم، قولۇمغا مىڭ كويدەك پۇل كىردى. قورسىقىممۇ ياخشى بېقىلغاچقا خېلى ئاقىرىپ، سەمرىپ قالدىم. تۇڭگان بوۋاي ئوبدان ئادەمكەن، مېنى تېخى، سەن كەلگەندىن بېرى ئاشخانامنىڭ ئوقىتى ياخشىلىنىپ كەتتى دەپ ماختاپ كەتتى، ئوبدان ئىشلەۋاتىسەن دەپ دولامغا قېقىپ قويدى. ئەمما غېنى ئۇنى قاقباش قېرى دەپ ئانچە ياراتمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا:" بۇ يەردە ئىشلەۋېرىشتىن زېرىكتىم، كۆلىغا كىرسەك تېخىمۇ ياخشى پۇل تاپالايتتۇق" دېدى. "سەن بۇرۇن بارغانمۇ؟" دېسەم، " بېيجىڭغا بىر قېتىم بارغان، ئۇ يەردە ئاشخانىدا ئىشلىسەك ئېيىغا كەم دېگەندە مىڭ كوي تاپالايسەن" دېمەسمۇ تۇرۇپلا قىزىقىپ قالدىم."تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول" دەپ، ئۆيدىن چىققاندىكىن تايىنلىق تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ چوڭ شەھەرگە بېرىپ باقمايمۇ، تەلىيىمنى سىناپ باقمايمۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

پويىز دېگەن بۇ تۆمۈر مەخلۇقنى ئۈرۈمچىگە كېلىۋېتىپ كۆرگەن بولسامۇ ئىچىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتىم، پويىزغا چىققاندا ياپىراپ كەتتىم، ئەمما ئۈچ ئاخشام ئۇيقۇنى تۈزۈك ئۇخلىيالماي يامان قىينالدىم. بېيجىڭغا ئاز قالدى دېگەندە ساقچىلار

بېلەت، كىملىك ۋە سومكىلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ خېلى ئاۋارە قىلدى. بېيجىڭ ئالامەت ئېسىل شەھەركەن، غېنى ئىككىمىز گەنجىياكو دەيدىغان بىر تار كوچىغا كەلدۇق. غېنى بۇ يەرگە بۇرۇندىن تونۇش بولسا كېرەك، بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا بىمالال قىلىۋېرەتتى. مەن كوچىنىڭ ئىككى يېقىدا قاتارىسىغا جايلىشىپ كەتكەن ئاشخانىلارنى، ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كاۋاپدانلارنى، مورىسىگە لۆڭگە ئارتىۋالغان تاڭجاڭلارنىڭ يولدا ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى تووۋلاپ، سەل يېقىنراق كەلگەنلىرىنى بولسا مەجبۇرلاپ دېگۈدەك ئۆز ئاشخانىلىرىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ"يا ھەزرەت" دەپ قالدىم. سودا دېگەن بۇ يەردىكەن، ئوقەت دېگەن بۇ يەردە قايىنايدىكەن ئەمەسمۇ! ئاشخانىلاردىن تاماقنىڭ، كاۋاپنىڭ، ناننىڭ، سامسىنىڭ پۇرىقى گۈپپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان قۇرۇق نان غاجاپ، گاھىدا تۇخۇم، گاھىدا تەييار چۆپ يەپ كەلگەچكە، بۇ مەززىلىك ھىدلار ئىشتىھايىمنى ئېچىپ، قورسىقىمنى كوكىراتتى. غېنى مېنى بىر ئاشخانىغا باشلاپ ئەكىرىپ خوجايىن ئايالغا تونۇشتۇردى. بۇ ئايال مېنىڭ باش-ئايىغىمغا قاراپ قويۇپ غېنىغا:

—— نېمە ئىش قىلالايدۇ؟—— دېدى.

—— بازىمەن سوزالايدۇ، سەي قورۇيالايدۇ، نېمە ئىشقا بۇيرۇسىلا شۇنى قىلالايدۇ،—— دېدى غېنى.

—— قېنى ئىشلەپ باقسۇن،—— دېدى ئۇ ئايال كۆزۈمگە قاراپ.

غېنى بۇ ئايالنى قانداق تونۇيدىغاندۇ دەپ ئەجەبلەندىم. كېيىن بىلسەم ئۇ بۇ بۇ ئايالنىڭ ئېرى تەرەپتىن تۇغقان كېلىدىكەن. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى ئايپاشا بولۇپ، ئېرى بۇ يەردە تۇنجى بولۇپ ئاشخانا ئېچىپ، ناھايىتى بېيىغانىكەن. كېيىن كەيپ-ساپاغا تولا بېرىلىپ، خوتۇنىنى تاشلاپ ئىشرەتخانىلارغا يۈگۈرەپ بەك بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، كېيىن ئىچىدىن نەچچە خىل كېسەللىك چىقىپ تېخى يېقىندىلا داۋالىنىش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۆلۈكى مۇشۇ شەھەرنىڭ

چېتىدىكى مۇسۇلمانلار مازارلىقىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. مەن مۇشۇنداق ئېسىل ۋە ھەيۋەتلىك بىر شەھەردە ئۆز مەھەللەمدىكى ئىشلارنى كۆرۈۋاتقاندەك ھەم ئاڭلاۋاتقاندەك بولدۇم. بۇ يەردىكى ئوقەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تېخى تۇڭگانلار مەسچىتىگە بېرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىكەن. قارىسام بۇ يەردە ھەر قېرى-چۆرىلەر، ئۇششاق بالىلار، خوتۇن خەقلەرمۇ يۈرىدۇ، كېيىن ئانچە ھەيران قالمايدىغان بولدۇم.

غېنى مېنى مۇشۇ ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ ئۆزى ۋېيگۇڭسون دېگەن كوچىغا ئىش ئىزدەپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئاق تاماكا ساتقان دەپ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، ئۇ بۇرۇنمۇ شۇ ئىش تۈپەيلىدىن ساقچىغا گۇمانلىق كۆرۈنۈپ قېلىپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ چىقىپتىكەن. بۇ قېتىم ئۇ يەنە ئاشخانىدا ئىشلەشنى تەس كۆرۈپ، ئاز كۈچ بىلەن جىق پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشنى كۆزلەپ مەندىن يىراق تۇرۇپ، ئاخىر تۇتۇلۇپتۇ. ئايپاشا غېنىنى پۇل تۆلەپ ئېلىپ چىقىشقا خېلى كۈچەپ باقتى، ئەمما ئەچىقالمىدى.

ئايپاشا قەشقەرلىك چىرايلىق چوكان ئىدى، بېشىغا ھەر دائىم قارا ياغلىقىنى چېگىپ، ئاشخانا ئالدىدا ئۇنى-بۇنى ئىشقا بۇيرۇغاچ پۇل ساناپ، يولدا كېتىۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئاشخانىدا ئۇستا ھەم نىمكار بولۇپ ئونغا يېقىن ئادەم ئىشلەيتتۇق. مېنىڭ ئايدا ئالىدىغان پۇلۇم يېگەن تامىقىم، ياتىدىغان ياتىقىم بىلەن قوشۇلۇپ مىڭ كوي ھېسابلىناتتى. پەرىزىمچە ئاشخانىدا ھەر كۈنلۈكى بەش مىڭ كويدەك كىرىم بولاتتى. ئايپاشاخان پۇلغا ناھايىتى چىڭ ئىدى، ھەممىنى ئۆزى ساناپ ئۆتكۈزۈۋالاتتى. بۇ چوكان شۇنچىۋالا پۇلنى يالغۇز جېنىغا نەگە خەجلەپ بولار، دەپ ئويلايتتىم.

بۇ ئاشخانىدا ئىشلەپ بىرەر ئايدىن كېيىن مەن بۇ ئوقەتچىلەر مەھەللىسىدىمۇ قىمار سورۇنىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالدىم، كىرىپ ئويناي دېسەم قولۇم ئىشتىن بىكار بولمايتتى. كېيىن ئىشتىن

چۈشكەن بىر ئاخشىمى پۈرسەت تېپىپ سورۇنغا قاتناشتىم. بۇ يەردىمۇ ھوشۇق ئاتىدىكەن، ھوشۇقلار بىر قارىسا جا كۆرۈنەتتى، بەكمۇ چىرايلىق، سىپتا ئىدى. ھوشۇق ئېتىش ئۇسۇلى مەن بىلگەندەك بولسىمۇ، ئاتىلىشنى بۇلار خەنزۇچە ئاتايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاتقىنىغا قاراپ ئولتۇردۇم. قىمار كۆرۈپ تۇرغان قاۋۇل دېگەن بىرەيلەن ئارىلىقتا ئايپاشانىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى، "ئايپاشاخان ئېرىنىڭ ھەم غېنىنىڭ يۈزىنى قىلمىدى، غېنى بۇ خوتۇنغا ئىلگىرى خېلى ئىشلىگەن" دەپ سۆزلەپ كەتتى. مەن:" ئۇ ئايالمۇ خېلى مېڭىپ باقتى، ئەچىقالمىدى" دېسەم، ئۇ" پۇل بەرسە تۇرمىدىن چىقىرىپ بەرمەيدىغان قانداق ساقچىكەن ئۇ، ئايپاشا پۇلغا چىدىمىغان گەپ" دەپ بىزنىڭ خوجايىنىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغىلى تۇردى.

— سىز قايسى ئاشخانىنىڭ خوجايىنى— دېدىم مەن ئۇنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق قاۋۇل ھەم سالاپەتلىك بەستىگە قاراپ.

— مەن ناۋاي — دېدى ئۇ بۇ ئىشنى ياراتمايدىغاندەك قىلىپ.

— قىمار ئوينىماسىز؟

— ئوينىغۇدەك پۇلنىڭ تايىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇگۈن تەلىيىم يوق.

— مەن ئويناپ باقاي دەيمەن.

— قانچە پۇلۇڭ بار؟

— مىڭ بەش يۈز كويدەك پۇلۇم بار.

— ئويناپ باق.

ئۇنىڭ مەدىتى بىلەن مەنمۇ پۇل تىكىپ ھوشۇق ئاتتىم، ئەمما بۇ ھوشۇقلار بىلەن تازا ئەپلىشەلمىدىم ، بىر دودىلا مىڭ كوينى سېلىپ بەردىم، كېيىن بەش يۈز كويىنىمۇ بىر ئېتىش بىلەن ئۇتتۇرىۋەتتىم. پۇللىرىمغا قارىسام بەك ئېچىشتى.

ئاپپاشاخان پىخسىق چوكان بولغاچقا پۇل بېرىپ تۇرمايتتى، قىمار ئويۇنىغىنىمنى بىلسە تېخىمۇ ئۇنىمايتتى. بۇ چوكاننى تازىمۇ دەيتتىم، بېشىغا دائىملا ياغلىق چىگىۋالاتتى؛ ئاشىنىسى بارمىكىن دەپمۇ گۇمان قىلاتتىم، ئەمما يۈرۈش-تۇرۇشىدىن ئۇنداق ئالامەت سەزمەيتتىم. بىز نىمكارلار ئاشخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئېغىز كونا ئۆيدە قىستىلىشىپ ياتاتتۇق. ئارىمىزدا ئىككەيلەن ئۇچىغا چىققان بەڭگى بولۇپ، خورتۇلدىتىپ نەشە تارتىپ ئېغىز-بۇرنىدىن بىر ئىس چىقارغىلى تۇرسا، بۇ تار ھەم سېسىق ئۆي تېخىمۇ بەدبۇي پۇراپ كېتەتتى، مەنمۇ ئىلگىرى بىر مەزگىل قىزىقىپ چەككەن، كېيىن ئادەمنى بەك قېرىتىۋېتىدىكەن دەپ ئاگلاپ تاشلىغانىدىم، ئەمدىلىكتە خەقنىڭ ئىسىنى پۇرىغاندىن كۆرە مەنمۇ چېكەي دەپ ئۇنى يەنە تېپىۋالدىم، ئاخشىمى كاللا قاپاق بولاتتى، ئەمما ئۇيقۇغا بىر قېنىۋالساملا ئەتىسى نورمال ئىشلەۋېرەتتىم.

بىر ئايدىن كېيىن ئىش ھەققىمنى ئاپپاشادىن تەستە ئېلىپ، يۈرەك تۇق، ئەمما تەشنالىقىم قانمىغان ھالدا قىمارۋازلار سېپىگە قىستالدىم. بۇ يەرگە نەشىنى تازا چېكىپ كىرگەچكە، كاللام پاختىدەك يەڭگىل، ئەمما ھوش-سەزگۈلىرىم جايىدا ئىدى. سورۇندا ھەممىدىن بەك ئۇتقىنى قاسىم لوبەن ئىدى، ئالدىدىكى دەستە-دەستە پۇللار ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى. دەسلەپكى ئېتىشىمدا پۇلۇم بىر قاتلاندى، كېيىن يەنە شۇنداق قاتلىنىۋەردى. ئىككەيلەن ھوشۇق مېنىڭ ئامىتىمگىلا توغرىلانغاندەك قىلاتتى. ئىككەيلەن تولۇق ئۇتتۇرۇپ تاۋكادىن چېكىنىپ، بىر نەچچەيلەن قالدۇق. قاسىم لوبەن ئۇتتۇرۇشقا باشلىدى، ھوشۇق ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك شاراقلاپ، قالايمىقان تۆكۈلەتتى. كەيپىلىكتە كۆڭلۇم ئازادە بولغاچقا قولۇم ھاياجاندىن ئۇنچە تىترەپ كەتمىدى، قىمارۋاز دېگەن جان كەتسىمۇ ھوشۇقنى ئۆزىنى توختىتىپ ئاتمىسا بىكار، مەن ئاتقان ھوشۇق ھەيران قالارلىق دەرىجىدە دەل توختاپ، بىر دەمنىڭ ئىچىدە

ئۇلاردىن نەچچە ئون مىڭ كوينى قومۇرۇپ ئالدى، قاسىم لوبەن مېنىڭ ئالدىمغا يۆتكەلگەن پۇللارغا قاراپ قاپاقلىرى تورۇلۇپ، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر ماڭا:" سەن كونا قىمارۋازكەنسەن، ئاپاڭدىن تۇغۇلۇپلا هوشۇق ئېتىپ ئوينىغان قىمارۋازكەنسەن، قىمارۋازنىڭ بوۋىسىكەنسەن..."دەپ خوشامەت قىلىپ كېتىشتى ۋە چوتا تەلەپ قىلىشتى. پۇلۇمنى ساناپ باقسام ساپمۇ ساق 81مىڭ كوي ئۇتۇپتىمەن، شۇ خوشاللۇقۇمدا ئەتراپىمدىكى"چىراقچى" لارغا يۈز كويدىن پۇل بەردىم.

— بۇ پۇلغا ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن؟— دېدى قاۋۇل.

— ئۇقمىدىم، غېنىنى تۇرمىدىن ئېلىپ چىقسام بولامدىكىن يا يۇرتقا كەتسەم بولامدىكىن...

— يۇرتقىمۇ بارسەن، بۇ پۇلۇڭمۇ تۈگەيدۇ. مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ پۇلۇڭنىڭ بارىدا ئاشخانا ئېچىۋال، هازىر مەشەدە ئاتمىش-يەتمىش مىڭ كويغا ياخشى بىر ئاشخانا ئېچىۋالالايسەن. دۇكىنىمنىڭ يېنىدا ئۇقىتى ئاقمايۋاتقان ئاشخانا بار. پۇلۇم يەتكەن بولسا مەن ئالاتتىم، سېنىڭ پۇلۇڭ بولغاندىكىن بېرىپ سۆزلىشىپ باق. ئاشخانا ئېچىۋالساڭ ئاساسەن زىيان چىقمايدۇ، پايدا تاپىسەن. مەن بۇ يەرگە كونا، ئىشلىرىڭغا مەن ياردەملىشەي، سېنىڭ سايەڭدە مەنمۇ ئۇقىتىمنى ياخشىلىۋالسام ئەجەپ ئەمەس، خالىساڭ مېنى ئۆزەڭنىڭ ئاكىسىدەك يا ئاغىنەڭدەك كۆرۈۋەر، بۇ ساڭا ئىنتايىن ياخشى مەسلىهەت...

مەن بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردۇم. قىماردا ئۇتقان پۇل دېگەننىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ، ئۇنى مۇشۇنداق هالال ئوقەتكە خەجلىسەم بەلكىم رىسقىم كۆتۈرۈلۈپ قالار دەپ ئويلىدىم. قاۋۇل دېگەن ئاشخانىنى بۇرۇنقى خوجايىن ۋە ئىجارىكەش خەنزۇ بىلەن دېيىشىپ يىللىقىنى 75مىڭ يۈەنگە كۆتۈرە ئالدىم. ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەر بېشىمنى خېلى قاتۇرغان بولسىمۇ قاۋۇلنىڭ

ياردىمى بىلەن ئۇمۇ پۈتتۈپ كەتتى. قاۋۇلنىڭ گېپى بويىچە ئاشخانىنىڭ ئىچىنى بىرەر قۇر بېزىدىم، ۋېۋىسكىنى يېڭىلىدىم؛ ئەسلىدىكى ئۇستا ھەم نىمكارلار مەن تەلەپ قىلغان ھۆنەرگە پۇختا بولۇش، پاكىز بولۇش، خېرىدارغا قىزغىن بولۇشتەك ئۈچ شەرت بىلەن ئۆز جايىدا ئىشلەۋېرىدىغان بولدى، مۇلازىمەت باشلانغان كۈندىن تارتىپ ئەڭ باشتا ئۆزەم قول تىقىپ تاماقنىڭ سۈپىتىگە، ئاشخانىنىڭ تازىلىقىغا ۋە كىرگەن خېرىدارنى ياخشى كۈتۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم، ئاشخانىدىكىلەرمۇ بۇنىڭغا كۆندى. ئاشخانام ئاز كۈندىلا ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى.

ئايپاشاخان خېلى كۈنلەرگىچە مېنىڭ بۇ ئاشخانىغا خوجايىن بولغىنىمغا ئىشەنمەي يۈرۈپتۇ. دېمىسىمۇ مېنىڭ بىر كۈن ئىچىدىلا مالايلىقتىن خوجايىنلىققا كۆتۈرۈلۈشۈم ھەر كىمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى ھەم ئىچىنى قاينىتاتتى. ئاشخانام گۈللىنىپ كېتىۋەردى. مەن ئەمدى خوجايىنلىق ھوزۇرىنى سۈرۈپ، بېيجىڭنىڭ ئوينايدىغان يېرىنى ئىزدەشكە چۈشتۈم؛ قاۋۇلنىڭ ئىش ئۆگىنىشى ۋە بىللە بېرىشى بىلەن بازار باشقۇرۇشتىكى، باج ئىدارىسىدىكى خەنزۇ كادىرلارنى ئوبدان ئۈلپەت تۇتۇپ كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلدىم، خەنزۇچىنىمۇ ئاستا-ئاستا ئۆگىنىپ قالدىم.

غېنىنى ئون مىڭ كوي تۆلەپ تۈرمىدىن ئېلىپ چىقسام ئۇ ئاشخانامدا بىر ئوبدان ئىشلەۋېتىپ يەنە ۋېيگۇگسۇڭگە كېتىپ تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ ئاق تاماكىنى چېكىشكە ئۆگىنىپ قالدىمۇ ياكى سېتىشقا ئۆگىنىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ ئىچىمدە ئۇنى ئادەم بولمايدىغان گۇي ئىكەنسەن دەپ بىرمۇنچە تىللاپ، ئەمدى ئىككىنچى ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلىۋەتتىم. بۇ يەردىكى ئاشخانا خوجايىنلىرى ئىچىدە كەيپ قىلمايدىغىنى، قىمار ئوينىمايدىغىنى، پاھىشىۋازلىق قىلمايدىغىنى ئاساسەن يوق ئىدى، مېنىمۇ ئۇلار شۇ قاتارغا سۆرەپ كىرىشكە نەچچە ئۇرۇنۇپ باقتى،

دەسلەپتە ئۆزەمنى تۇتالماي يامان يولغا دەسسەپ قالدىم، كېيىن نەچچە ئاخشام چۈشۈم بۇزۇلۇپ، ئاتامنىڭ چۈشۈمدە قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئويلاپ ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم. ئويلاپ باقسام، بىزدە بىر نان تاپسا داپ چالىدىغان، ئۆزىنى كەيپتىن زەھەرلەپ، قىماردىن ساراڭ بولۇپ، زىنا-شەھۋەتتىن بۇلغىنىپ ئاخىر بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەسكەن، كۈندە بۇ كوچىنىڭ ئالدى-ئارقا تەرەپلىرىدە، مەخپىي ھۇجرىلاردا بولۇۋاتقان بەزەپ ئىشلار، ئاق تاماكىدىن ئۆلۈۋاتقانلار، پىچاق يەپ ئۆلۈۋاتقانلار، تۈرمىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلار مېنى ھەر ۋاقىت سەگەك ياشاشقا ئۈندەيتتى. كۈندە دېگۈدەك بىزنىڭ يۇرتلاردىن نەچچە ئادەم كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى، قارىسا مۇساپىردەك، كادىردەك، ئەرز ئېيتقىلى كەلگەندەك قىلاتتى، بەزىلىرى تۇرۇپ قالاتتى، كېيىن ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كېتەتتى، تۈرمىگە كىرىپ كەتتىمۇ، بىر يەردە ئۆلدىمۇ، يا يۇرتقا كەتتىمۇ ئۇققىلى بولمايتتى. موشۇ كوچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مەسئۇل بىر سېمىز ئايال " پالانى يەرلىك پوكۇناخۇننى يەرلىكىدە قويماقچى، پۇل بېرىڭلار" دەپ پات-پات كېلەتتى. بىر چاغدا بۇ يەردە قىز-چوكانلار ئاۋۇپ كەتتى، قاراپ بەزىدە روشەنگۈلنى ئەسلەپ قالاتتىم، يۇرتقا بېرىپ ئەكىۋالاي دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم، ئەمما ئىشنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بىر يەرگە مىدىرلىيالمايتتىم.

بىر كۈنى ئاشخانىغا ناھايىتى چىرايلىق بىر چوكان كىرىپ تاماق يېدى؛ تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغاندا ئۇ ئالدىمغا كېلىپ، يەرگە قاراپ، يېنىدا بىر پۇڭمۇ قالمىغانلىقىنى، ئەگەر خالىسام ئۆزىنىڭ موشۇ ئاشخانىدا ئىشلەپ قېلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

— قەشقەردىنمۇ سىز؟— دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىگە قاراپ.

— ھەئە .

— ئېرىڭىز يوقمۇ؟

— ئېرىم شىجىمىندا كاۋاپچىلىق قىلاتتى، يېقىندا بىر

خەنزۇغا پىچاق تىقىپ قويۇپ تۈرمىگە كىرىپ كەتتى.

— سىز ئاپپاشاخانغا ئەجەپ ئوخشايدىكەنسىز، سىڭلىسىمۇ نىمە؟

— ھەئە، بىز نەۋرە...

— ئەمىسە شۇ يەردە ئىشلىسىڭىز بولمامدۇ؟

— قويىڭە ئۇ بۇزۇقنىڭ گىپىنى، يۈزىگە قارىساملا تۈكۈرگۈم كېلىدۇ، بىزنىڭ ھازىر قىلچە مۇناسىۋىتىمىز يوق!

— ئىسمىڭىز نىمە؟

— ئايجامال.

مەن ئۇنىڭ نۇرلۇق، قاپقارا كۆزلىرىگە، ئاپپاشاخاندىنمۇ سەتەڭ ئىسكەتىگە قاراپ ھەۋەسلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ روشەنگۈلگە ئوخشاش تېخى ياتلىق بولمىغان قىزلاردىن قىلىشمايتتى. مەن ئۇنى ئاشخانىدا بىر مەزگىل ئىشلىتىپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن، قولدىن چىقىرىۋەتمەي، خوتۇنلۇققا ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئايجامال ئاشخانىدا ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا مېنىڭ شەخسىي ئىشلىرىمغا ناھايىتى كۆيۈندى، مەن ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ دەرھال توي قىلىش تەكلىپىنى بەردىم. ”ياخشى ئىشنى ۋاقتىدا قىلىۋەتمىسە شەيتان ئارىلاپ قويىدۇ“ دەپ ئويلايتتىم. ئۇ تارتىنىپراق ماقۇل بولدى. ئىككى كۈن تەييارلىق قىلىپ، ئۈچىنچى كۈنى توي زىياپىتى بەردىم، چۈشتىن بۇرۇن بىرەيلەنگە نىكاھ ئوقۇتتۇق، زىياپەتكە بېيجىڭدا بىز بىلىدىغان جىمى ئاشپەز- كاۋاپچى كېلىپ، خېلى قىززىتىپ بەردى. قىزلىق مېلى ۋە توي چىقىملىرىغا ئوتتۇز مىڭ كويدەك خەجلىگەن بولساممۇ ئايجامالنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغىنىمغا خۇش ئىدىم. توي كۈنى خۇددى پادىشاھ دۆلتىنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئۆزەممۇ پادىشاھقا ئايلانغاندەك ھېسسىياتقا چۆمدۇم، توي كېچىسىدىكى بەخت مېنى نەشە چەككەندەك مەست قىلىۋەتتى.

تويدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي چوڭ-چوڭ ئىشلارنى ئايجامالغا

ئۆتكۈزۈپ بەردىم. ئۇ نەۋرە ئاچىسى بىلەنمۇ يارىشىپ قالدى. ئۇ ئايپاشاخاندىنمۇ ئۆتە گەپدان بولۇپ، ئاشپەز، مەدىكارلارنى زادى جىم تۇرغۇزمايتتى؛ پۇلنى كېمەيتمەي ئېلىشقا، گۆش-ياغ، سەي-كۆكتاتنى ئۇقۇشۇشقا، سودا-سانائەت كادىرلىرىغا خۇشخۇيلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، ئىشقىلىپ چامىسى يەتكەنلىكى ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا قابىل ئىدى. مەن ئەمدى مۇشۇنداق بىر ئەقىللىق، چىرايلىق خوتۇنۇمنىڭ بارلىقىدىن ئىچىمدە ماختىنىپ، جىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا يول قويىدىغان بولدۇم. ئۆزەم ئاشخانىغا كېرەكلىك ھاراق، تاماكا، جوزا ياپقۇچ، چىش كولىغۇچ، تازىلىق قەغىزى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكىلىش بىلەن بولاتتىم، بىكار بولۇپ قالسام ئېقىم كېلىشىدىغان خوجايىنلار بىلەن مۇڭدىشاتتىم. بىز بىر جوزا سەي، ھاراقلارنى ئالدىمىزغا تەقلەپ قويۇپ، مەست بولمىغۇدەك ئىچىپ تاغدىن-باغدىن پاراڭ سوقاتتۇق.

بۇ يەردىكى ئىشلىرىم كۆڭۈلدىكىدەك بولغاندىكىن، قىلىدىغان ئىشىمنىڭمۇ تايىنى بولمىغاندىكىن، يۇرتقا بېرىپ كېلەي دەپ ئويلاپ قالدىم. ئاتامنى ۋە يۇرت-مەھەللىدىكىلەرنى كۆرمىگىلىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. ئاتامنى ئويلىسام ئەنسىرەپ قالاتتىم. بېرىپ ئۇنى يوقلاپ مەشەگە ئەكىلىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئايجامالغا دېدىم. ئايجامال دەرھال ماقۇل بولدى. ئۇنىڭدىن بەش مىڭ كوي ئېلىپ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدىم ۋە كېچىلىك ئاپتوبۇستا بىر كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، قەدىناس يۇرتۇمغا ئۇلىشىۋالدىم. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە بازاردا ئولتۇرۇشلۇق ئاكام مونيازنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى چەكتىم. ئىشىكنى ئايالى ئەلاخان چىقىپ ئاچتى ۋە مېنى تونۇيالماي قالدى. مەن ياقۇپ، دېگەندىن كېيىنلا ئۇستىباشلىرىمغا قايتىدىن قاراپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى ۋە:

— ۋاي ئۇكام، سىزمىدىڭىز، تونۇيالماي قاپتىمەن، قېنى

ئۆيگە كىرىڭ!ــ دەپ ئۆيگە باشلىدى.
ــ ئاكام ئۆيدىمۇ؟ ساق-سالامەتمۇ؟ ئۆزىڭىزچۇ؟
ــ ئاكىڭىز ئۆيدە ئۇكام، مەنمۇ قەدىر ئەھۋال. بىر يىل بولدى، يوقاپ كېتىپ ھېچ كەلمەيسىز، مانا كېلە، ئەنە كېلە دەيمىز، يا بىر خەۋەر بىرىڭىزنى ئالالمايمىز...
مونىيازكام ئىچكىرىكى ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىكەن، مېنى كۆرۈپ ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى، قارىسام كۆز چاناقلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ، مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ياش كەلدى.
ــ نەلەرگە كەتتىڭ ئۇكام؟
ــ كۆلىغا كىرىپ چىقتىم.
ــ خېلى پۇل تاپقان ئوخشىمامسەن؟
ــ ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس.
ــ قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ ئۆيىنىڭ تاماقلىرىنى سېغىنغانسەن؟
ــ ئۇنى بىر دېمە ئاكا...
ئەلاخان ئالدىمىزغا داستىخان سېلىپ چاي ئەكەلدى، ئاندىن ئىككى قاچا ئۇگرە ئېلىپ كىردى. يۇمغاقسۇتنىڭ پۇرىقىدىن نەپسىم تاقىلداپ كەتتى. بىر قاچا ئاشنى ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئىچىۋېتىپ، تەرىمنى سۈرتۈپ، ئۆزەمنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ، بىر يىلدىن بېرى بۇنچىلىك ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاش ئىچىپ باقمىغانلىقىمنى ئويلاپ كەتتىم. ئاكام ئىككىمىز كېچىچە پاراڭلىشىپ ياتتۇق. ئاكام ئاتامنىڭ مەن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي كۆزىگە ئاق چۈشكەن بىلەنلا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېگەندە ياتقان ئورنۇمدىن تىترەپ قوپۇپ، بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. ئاتامنىڭ ئاخىرقى دىدارىنى كۆرۈۋالالمىغىنىمغا، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالماي تاشلاپ كەتكىنىمگە ئېچىنىپ، ئاتامنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىشلىرىنى ئەسلەپ كۆڭلۈم بەك بۇزۇلدى.
ــ مال-چارۋىنى سېتىپ ئاتاڭنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئۇزاتتۇق،

رەھمەتلىك قازا قىلغاندا ھېچقايسىمىز يېنىدا بولالماي قاپتىمىز. ھەمراخاچام بىر ئىش بىلەن كىرىپ ئۇنى كۆرگەندە جان ئۈزگىلى خېلى بوپتىكەن...

بۇ گەپلەر ماڭا تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. مونىيازكام يەنە گەپ باشلىدى:

— يەنە بىر قىززىق ئىش، ئاكام قازا قىلغان كۈنلەردە سىلىنىڭ ئېشەك ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ تالاغا قېچىپ چىقىپ كېتىپتىكەن، كېيىن مەھەللىمۇ مەھەللە، تاممۇ تام ھاڭراپ خەقنى قاتتىق زېرىكتۈرۈپتۇ. بىرەرسى تۇتۇۋالاي دېسە ئالدىغا ئۇچرىغاننى چىشلەپ، كەينىدىن كەلگەننى تېپىپ ھېچكىمگە تۇتتۇق بەرمەپتۇ. كېيىن خەقلەردىن ئاڭلىسام، ئۇ ئېشەك كېچىسى توختىماي ھاڭرايمىش، خەقلەرنىڭ زىرائىتىگە تېزەكلەپ، ئەمدى تېرىغان يەرنىڭ توپىسىدا ئېغىناپ ئىز قالدۇرۇپ قويىمىش...

مەن ئاكامدىن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم، ئۇ باشقا چوڭ ئىشلار بولمىغانلىقىنى، پەقەت توختىخان خانىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، قىزىنىڭ يېقىندا بىر تېرىچى سودىگەر بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بىر يىل ئىچىدىلا بۇنداق چوڭ ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، ئۇ مەھەللىدە ئەمدى مەن تارتىشقۇدەك ھېچنېمە قالمىغانىدى. تاڭ ئاتقۇچە ئاتامنىڭ يالغۇز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ ئازابلىنىپ ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە تاغام ئىمامنىياز قارىنىڭ چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەك ئېغىر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كەلدى. بىز ئۈچەيلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇق؛ ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە تاغامنىڭ ئايالى ھەمراخاچام كۆزلىرىدە ياش يۇقى ھالدا ئۆيدىن تالاغا، تالادىن ئۆيگە مېڭىپ يۈرەتتى. ئۆيگە كىرسەك تاغامنىڭ باللىرى ئېغىر سۈكۈتكە چۆمۈپ ئولتۇرغانىكەن، قايغۇلۇق كۆرۈشتۇق. مونىيازكام تاغامنىڭ قۇلىقىغا

يېقىن كېلىپ:
— ئاكا، قانداقراق تۇرىلا، مۇنداق تېز ئۆزگۈرۈپ قېلىشلىرىنى زادىلا ئويلىماپتۇق، — دېدى تىترەپ تۇرۇپ. مەنمۇ ئاتامنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، بىردىنلا جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم. ئەجەلنىڭ مۇدھىش سوغۇقلىرى ئادەمنىڭ تېنىنى ھەقىقەتەن شۈركەندۈرەتتى.
— ئاكا، كۆزلىرىنى ئاچسىلا... — مونىيازكامنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.
— ئاتا، ئاتا، بىزنى بۇنداق تاشلاپ كەتمەڭ ئاتا... — بالىلىرى يىغلاشقا باشلىدى. مەن رەھمەتلىك ئاتامنىڭ يالغۇز، بىچارىلەرچە ئۆلۈمىنى ئويلاپ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتىم.
— ئاكا، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، ياقۇپمۇ كەلدى... — دېدى مونىيازكام، مەن تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كەتتىم.
تاغامنىڭ قاپاقلىرى سۇس لىپىلداپ، كۆزى ئاستا-ئاستا ئېچىلدى. مەن يېقىن باردىمىۇ ئۇنىڭ كۆزىدە چاقناۋاتقان سوغوق نۇرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ كۆزى يەنە يۇمۇلدى. ئۇنىڭ ئىككى چېكىسى بىر قوشۇق سۇ پاتقۇدەك ئولتۇرۇش كەتكەن بولۇپ، چىرايىدىن ئۆلۈمنىڭ بىشارىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
ئاتامغا ئۆلگىچە ئاداۋەت ساقلاپ دۇنيادىن ئۆتكەن بۇ تاغىمىزنىڭ يەتتە نەزىرىنى تۈگىتىپلا ئۆيىنى سېتىپ، مونىيازكامنىڭ نېمانچە ئالدىرايسەن دېگىنىگە قارىماستىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۈرۈمچىگە ماڭدىم. ئۈرۈمچىدىمۇ ئۇزاق تۇرماي بېلەت ئېلىپ بېيجىڭغا ئۇچتۇم. كېلىپ ئاشخانىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، ئاشخانامنىڭ «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىسى «قەشقەر ئاشخانىسى»غا ئۆزگەرتىلىپتۇ. بۇ نېمە ئالامەت دەپ ئاشخانىغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا سوگوزىچى تۇرسۇن تەتەي ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاشخانىڭىزنى خوتۇنىڭىز ئاچىسىغا سېتىپ، قاۋۇل

بىلەن گۈلخۇجىغا قېچىپ كەتتى دېمەسمۇ، بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى؛ يۈرىكىم بىغىشىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەندەك قىيىنىلىپ، ئاچچىقتىن خۇدۇمنى يوقاتتىم. غەزەپ بىلەن ئايپاشاخاننىڭ ئالدىغا كەلسەم ئۇ مەندىنمۇ چوڭ تېگىپ:

— سىڭلىمنى خوتۇنۇم دەيدىغان ئىسپاتىڭ قېنى؟ توي خېتىڭ بارمۇ؟ بۇ يەردە نوپۇسۇڭ بارمۇ؟ سىڭلىمنى سەككىز ئاي خوتۇن قىلغاندىكىن بولار ئەمدى، ئۇنىڭدا ھەققىڭ قالمىدى، ئاشخانىڭنى مەن بۇلاپ ئېلىۋالمىدىم، ئۆزى سېتىپ بەردى. ئىشەنمىسەڭ ماۋۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن سوراپ باق!...— دەپ ۋالاقلاپ كەتتى.

ئەتراپقا ئادەم ئولاشتى. قاسىم لوبەن ماڭا قاراپ:" ئەمدى بىرىپ ئۆزمەڭنى يە!" دەپ سەت ھىجايدى. ئەينى چاغدا مەندىن يۈز كوي چوتا ئايرىغان خوجايىنلارمۇ، ئۆزەڭگە چىڭ ئەمەسكەنسەن، خوتۇن خەق دېگەنگىمۇ ئىشىنىپ ھەممىنى تۇتقۇزۇپ قويغان بارمۇ، قىماردا ئۇتقان نېمە زادى سىڭمەيدۇ... دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ھەممە گۇناھنى ماڭا قويدى. تۇرسۇن تەتەي يېنىمغا ئاستا كېلىپ:

— سىز كېتىپلا خوتۇنىڭىز قاۋۇل بىلەن ئىش-پەش تارتىشىپ يۈردى، ئاچىسى بىلەن فاڭدۇڭ (ئۆي ئىگىسى خەنزۇنى دېمەكچى)نى نەچچە كۈن مېھمان قىلدى. سىز بىلمەيسىز، قاۋۇل دېگەن پاھىشۋاز نېمە، ئاچىسى بىلەن سىڭلىسىنى بۇرۇنلا كەلتۈرۈۋاپتىكەن...

— بۇنى سەن نەدىن بىلىسەن، نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسەن؟

— بۇرۇن مەنمۇ بىلمەيتتىم، يېقىندا ئاڭلىدىم...

— سەن ھازىر مۇشۇ پاسكىنىنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتامسەن؟

— ئامال يوق، ئىش تاپماق تەس تۇرسا ھازىر...

— ئىككىمىز بىرلىشىپ بازار باشقۇرۇشقا ئەرز قىلساق ئاقارمۇ؟

— ئاقمايدۇ، ساراڭ بولماڭ، قەتئىي ئاقمايدۇ. ئۇنداق قىلسىڭىز بۇلارمۇ جىم تۇرمايدۇ. ئەگەر قىمار ئوينىغانلىقىڭىز

ئاشكارىلىنىپ قالسا تۈرمىگە كىرىسىز...

— بۇ يەرنىكىلەرمۇ ئوينىغان تۇرسا؟!

— بۇلارنى پاش قىلسىڭىز ھەممىسى بىر بولۇپ سىزنى بوغۇزلاپ تاشلاشتىن يانمايدۇ، بۇلارنى سەل چاغلاپ قالماڭ، ئىلگىرى بۇ يەردە يۇرتۋازلىق قىلىشىپ چوڭ جېدەل چىققان، نەچچىسى پىچاق يەپ ئۆلگەن...

مەن تۇرسۇن تەتەي بىلەن خوشلىشىپ، جان قالمىغان پۇتۇمنى سۆرەپ بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتتۇم، گالدىن ھېچنېمە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس. كەچتە ياتىدىغان يەر يوق، يېقىن ئەتراپتىكى بىر مېھمانخانىنىڭ يەر ئاستىدىن ياتاق ئالدىم. بۇ ياتاقلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قەشقەر، خوتەندىن كەلگەن بولغۇسى ھاجىملار ئىگىلەپ بوپتۇ. بۇلار ئۆز پۇلى بىلەن ھەرەمگە بارىدىغانلار ئىكەن. رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيىمۇ ھەرەمگە بېرىش ئىدى؛ ئۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، ئاشخانامنى تارتقۇزۇپ قويمىغان بولسام بەلكىم ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ قالار ئىدى...بىرسىدىن قەرز ئېلىپ بولسىمۇ گۇۋاڭجۇغا بېرىپ ئۇ پاستىق شۇۋۇچىلارنى تېپىپ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن، مەن ياقۇپ ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بۇنداق ئاسان بولدى قىلمايمەن... ئاچچىق خىيالدىن كېچىچە تولغىنىپ ئۇخلىيالماي چىقتىم.

ئەتىسى ئورنۇمدىن قوپۇپ ھاجەتخانىغا كىردىم. يەنە ئاشۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرسام ھاجەتخانىغا مىنرال سۇنىڭ قۇتىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر بوۋاي ئىستىنجا قىلغىلى كىرىپ كەلدى، مەن ئولتۇرغان يەرنىڭ ئىشىكى يېپىلماس بولۇپ قاپتىكەن، بوۋاي ماڭا قاراپ سالدى، قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ رەھمەتلىك ئاتامغا بەك ئوخشايتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ تاھارەت ئالدى، پىچىرلاپ تۇرۇپ ئايەت ئوقۇدى، ئىككىمىزنى نېپىز بىر سېمونت تام ئايرىپ تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر
: قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور

## ئەنۋەر مۇھەممەت

# لاي سۇ ئىچكەن جانلار

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
تارقاتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 7.25
سانى : 0001 ـ 3000
باھاسى : 10 .00 يۈەن

责任编辑：卡哈尔·普拉提
责任校对：尼加提·依拉洪

## 图书在版编目(CIP)数据

喝泥水的生灵/艾尼瓦尔著. —北京：民族出版社，
2005.4
ISBN 7-105-06893-0

Ⅰ.喝... Ⅱ.艾... Ⅲ.中篇小说—作品集—中国
—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第026027号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2005年5月第1版　2005年5月北京第1次印刷
开　　本：850毫米×1168毫米
印　　张：7.25
印　　数：0001-3000册
定　　价：10.00元